
تۇرغان توختەموۋ

# بازغان ساداسى



تۇرغان توختەموۋ

# بازغان ساداسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇختى ئايۇپ

# مۇھەررىردىن

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىسى تۇرغان توختەموپ 1940-يىلى قازاقىستاننىڭ ياركەنت (ھازىرقى پانفىلوپ) رايونىدىكى سادىر ناملىق يېزىدا تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلۇپ بىر يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتكەن. دادىسى قاسىموپ نېمىس فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانا تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. تۇرغان توختەموپ ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالمۇتا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇغراپىيە پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. بىر ئاز ۋاقىت تۆمۈر يولدا ئىشلەپ ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ قايتقاندىن كېيىن سادىر يېزىسىدىكى ئۇيغۇر مەكتىۋىدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن. 1965-يىلدىن باشلاپ پانفىلوپ رايونىدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «يېڭىلىق ئاۋازى» گېزىتىدە ئەدەبىي خادىم، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن مۇھەررىر بولغان. 1973-يىلدىن 1979-يىلغا قەدەر ئالمۇتىدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزىم تۇغى» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ئۇ قازاقىستاندىكى «يازغۇچى» بەدىئىي-ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى. تۇرغان توختەموپ مەكتەپ ۋە گېزىتخانىدىكى چېغىدىلا ھېكايە، شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى چوڭ ئەسىرى «كونا

تۈگمەن » ناملىق پوۋېستى 1975 - يىلى « ياش گۋاردىيە » ژورنىلى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. 1975 - يىلى ئۇنىڭ « ئۆسەك ۋادىسىدا » ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1977 - يىلى « قوغۇشۇن قېتىپ قالمايدۇ »، 1978 - يىلى « بازغان ساداسى » ناملىق پوۋېستلىرى، 1980 - يىلى « ئاق يېغىن » ناملىق رومانى، « دادامنىڭ جۇۋىسى » ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان، 1981 - يىلى « ياش گۋاردىيە » نەشرىياتى تەرىپىدىن « دادامنىڭ ئاخىرقى خېتى » ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، 1982 - يىلى « كونا تۈگمەن » ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا يازغۇچىنىڭ « قاقىرلار قايتقاندا »، « دەسلەپكى تونۇش »، « بۆلدۈرگەنساي ھېكايىسى » ناملىق ئۈچ پارچە ھېكايىسى ۋە « دادامنىڭ ئاخىرقى خېتى »، « بازغان ساداسى » ناملىق ئىككى پوۋېستى كىرگۈزۈلدى.

بۇ توپلامنى يولداش دەريا ھەسەن نەشرگە تەييارلىدى.

## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر

قاقىرلار قايتقاندا ........................................ 1

دەسلەپكى تونۇشۇش........................................ 51

بۆلجۈرگەنسايي ھېكايىسى........................................ 64

### پوۋېستلار

دادامنىڭ ئاخىرقى خېتى ........................................ 96

بازغان ساداسى. ........................................ 184

# قاقىرلار قايتقاندا

كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىنىڭ غەرىپ تەرىپىدىكى يالغۇز سېدىنىڭ قېشىغا بۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت ئاي ئىلگىرىلا ھەربى سەپتىن قايتقان شېرىپ كېلىپ، ئۇزاق يۇردىدىغان بولدى. ھەممە نەرسىسى ئالقاندا تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان كىچىك يېزىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى بىردىنلا بايقىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھېگىش تۇرۇشىدۇ، كىيگەن كىيىمىدۇ بۇ يەردىكى ئۆزى دېمەتلىك ئادەملەردىن باشقىچە — ئېگىز بوي، ياغاق يۈزلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ، يېزىدىكى يالغۇز سېدىنىڭ قېشىغا كېلىپ كەڭ دالىغا قاراپ ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ئۆزىنى يېنىك سېزەتتى. سېدىغا يۆلىنىپ تۇرغان شېرىپنىڭ ئۇستۇرا بىلەن پاكىز قىرغان يۈزىنى كۆزنىڭ سوغاق شامىلى يەلپۈپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېقىنلا ئۆيدە كۆرگەن، ئاغزىدا بىر-ئىككى تال چىشى بار، شالاڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، ئىڭەك تېرىسى ساڭگىلاپ كەتكەن زۆھرە كەلدى. "ھەددى-ھېساپسىز قېرىپ كېتىپتا" دەپ، بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى مۇشۇ سېدىنىڭ سايىسىدا ئۆزى قۇچاقلىغان قارا كۆزلۈك، كۆكسى ئەتلەس كۆينەككە سىغمايۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان زۆھرە ئىسىملىك قىزنى ئەسلىدى.

زۆھرىنىڭ پاخلاندەك بىلەكلىرى شېرىپنى بولەكچە تەشنا قىلغان شۇ چاغلاردا، ئۇلارنىڭ گىرە سېلىشىپ مۇھەب-

كۆپ-كۆك ئاسماننىڭ تۆرىدە بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرىدۇ. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئىگىز تاغلار كەينىگە ئاستا سىلجىيدىغان ئاق بۇلۇتلارغا زوقلىنىپ قارايتتى. بۈگۈنمۇ شۇ بۇلۇتلار تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ئۈزمەكتە.

بىر چاغدا يېزىنىڭ ئۈستىدىن ئاغامچىدەك سوزۇلۇپ قاقىرلار ئۇچۇپ ئۆتتى. ئەجەب، يىل ئۆتۈپ، كۆپ نەرسە ئۆزگەرسىمۇ، قاقىرلار ئۆزىنىڭ ئۇچۇش يولىنى ئۆزگەرتمەپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىمۇ مۇشۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان. قاقىرلارنىڭ قارىسى يوقىغىچە شېرىپ ئاسمانغا قاراپ شېرىن خىيالغا چۆمدى. ئۇ قاقىرلار كۆزدىن غايىپ بولغاندا، سېپدىنىڭ يەردىن كۆتىرىلگەن قۇچاق يەتكۈسىز يوغان تومۇرىغا ئولتۇرۇپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېدى، ئويىنى «قۇر-قۇر» قىلىپ يالغۇز قاتقان قاقىرنىڭ ئۈنى بۆلۈۋەتتى. بايىقى قاقىرلاردىن بۇ خېلىلا تۆۋەن ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قانات قېقىشىمۇ باشقىچە، «بىچارە قۇش توپىغا قوشۇلالماي، يالغۇز قاپتۇ-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ. يالغۇز قاقىرا ئۆز توپىنى چىللاپ، چاقىرغاندەك تېخىمۇ قاتتىق ئۈن چىقىرىپ، ئىلگىرىكى قاقىرلارغا قارىغاندا چاپسان-چاپسان قانات قاقاتتى.

شېرىپ توپىدىن ئايرىلغان قاقىردىن كۆز ئالماي ئۇزاق قارىدى. مۇشۇ پەيتتە، نىمىشقىدۇر ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئايىغاندەك بولاتتى. بايا ئۇچۇپ ئۆتكەن قاقىرلار ئانچىلا تەسرات قالدۇرمىغان. ئەمما مۇنۇ يالغۇز قاقىرنى كۆرگەندە، بىرسى شېرىپنىڭ يۈرەك يارىسىنى مورلاپ ئېچىۋەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ تېنىگە چاپلاشقان تېرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تومۇرلىرى تارمۇشقا ئوخشاش تار-

بەت ھەققىدە پاراڭ قىلىشلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، يېزى-نىڭ ھازازۇل قىزلىرى چۆچەكنى چۆرىگىچە شېرىپ زۆھ-رەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئۆي-ئوچاق بولغان. ئۆيلىنىپ، بىر يىل ئۆتكەندە شەمشىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىدى .....

— تولىمۇ گۈزەل كۈنلەر ئىدىغۇ، — دەپ شېرىپ يالاڭ پەلتۇسىنى تېخىمۇ قىمداۋراق ئورىدى. ئۇ بۈگۈن قىلىن كېيىنىۋالسىمۇ تېنى تىكەنلىشىپ مۇزلاپلا تۇراتتى. ئەمدى شۇ يىللار تەپتى پەقەت يىلدىن-يىلغا قوۋزىقى قېلىنلى-شىپ، ھۆررەكلىشىپ، سۆگەل باسقان سىپىدە قالغاندەك، مەيدىسىنى ئۇنىڭغا چىڭ بېسىپ خېلى ۋاقىتقىچە جىم تۇردى.

شېرىپ سىپىدىغا قارىدى، ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى، ئەتراپتا تالاي كۆچەت تىكىلىپ، تالاي تېرەك كېسىلىپتۇ. ئەمما شۇ ۋاقىتقىچە بىرەر ئادەم پالتا كۆتىرىپ، بۇ سىپىدى-نىڭ شېخىنى زەخىملىگەن ئەمەس. ھەتتا ئۇرۇش يىللى-رىمۇ ئەرلەر فرونتقا كېتىپ، يۇرتتا پالتا كۆتىرىپ ئوتۇنغا بارغۇدەك ئىنسان قالمىغاندىمۇ بىرەرسى سىپىدىنىڭ شېخىنى كېسىپ ئوت ياقماپتۇ. سىپىدىنىڭ توۋى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا كېلىۋاتقان قۇتلۇق جاي. شېرىپ سىپىدىنىڭ ھۆررەكلىشىپ قاتقان قوۋزىقىنىڭ ھەر بىر قاتلىمىغا بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى يېزىلىپ، ئەمدى ئۇنى ئۆزى بىر چەتتىن ئوقۇ-ۋاتقاندەك ھىس قىلاتتى. ئۇ چارەك ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت يۇرتتىن ئايرىلىپ قايتقاندا، مۇشۇ سىپىدىنى كۆ-رۈپ يېزام ھايات ئىكەن، دەپ بەك خۇشال بولغان.

هاڭ-تاڭ بولۇشتى، ئايرىلىش كۈنلىرى يېقىنلاشقاندا ئۇلار پات-پات مۇشۇ سېيدىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇزاق تۇراتتى.

— سىزسىز ھايات كەچۈرەلمەيمەن. ماڭا سىز جەڭگە كەتكەندە، ھەممە نەرسە خۇددى توختاپ قالىدىغاندەك سېزىلىدۇ، — دېدى زۆھرە.

زۆھرەنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. يېزىدىكى شېرىپ دېمەتلىكلەرنى ئورۇش باشلانغان چاغدىلا فرونتقا ئېلىپ ماڭغىنى بىلەن، ئۇنى ۋاقىتىنچە قالدۇردى. شېرىپ قىرىق بىرىنچى يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىنچىلا ئېتىزدا تىراكتور ھەيدەپ، لابوگرېيكىدا ئاشلىق يىغىشتۇردى.

— مەن ھازىر كولخوزغا كېرەك ئادەم، ئاياللارنى تىراكتور ھەيدەشكە ئۆگىتىمەن، — دېدى كولخوز رەئىسى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزدىكى ئۈچ «خ ت ز» تىراكتورى شېرىپقىلا قالدى.

— مېنىڭ تىراكتورۇمنى سەن ھەيدە، قىشچە «م ت س» نى ئۆزەم ياخشى رېمونتلىغانلىقىم ئۈچۈن توختىماي ئىشلەۋاتىدۇ. كۆپ قىينالمايسەن، — دەپ جېكىلىدى شېرىپ ئايالىغا. ئۇ زۆھرەگە «خ ت ز» ھەيدەشنى ياز بويى ئۆگەتتى-دە، كۈزلۈكى ئىككىسى ئات لابوگرېيكىسى بىلەن ئورۇپ، يىققان بۇغداينى خاماندا توختىماي قويغان كىرەبايىندا تەپتى. ئەسلىدە ھەممە ئادەمنىڭ مۇھەببىتى خوشلاشقان چاغدا مۇشۇنداق بەك تاتلىق بىلىنەمدۇ ياكى ئۇلار ھەقىقەتەن بىر بىرىنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتىمىكىن، ئەيتاۋۇر، شۇ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ئۇلار بىر قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدەك ئايرىلماي يۈردى. ئىككى يۈرەك بىر

تىنىپ، قان بېشىغا ئۆرلەمەكتە. ئۇ ئىچىدە، ئاشۇ قۇش قاقىرلارغا بېرىپ قوشۇلسىكەن، دەپ تىلىدى ۋە «ئۇچ قاقىرىم، ئىتتىكرەك ئۇچ» دەپ، ئاسماندا قۇش ئەمەس، خۇددى ئۆزى ئۇچۇۋاتقاندەك ئىلگىرى تەلپۈندى.

يېشى ئۇلغايغانسېرى كۆزى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدىمۇ، ياكى يالغۇز قاقىرا ئۇنىڭدىن ئوزغاندا ئۇچۇشىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ھېلىقى قۇش چاپسانلا غايىپ بولدى. شۇڭلاشقا شېرىپ ئۇنىڭ توپقا قوشۇلغىنىنى كۆرەلمىدى.

يالغۇز قاقىرا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرەر ئەمەس، «بىچارە، يارىدار ئوخشايدۇ، بولمىسا توپتىن ئايرىلاتتىمۇ» دەپ ئويلىدى. شېرىپ قانچە ئويلىماي دېگەن بىلەن بايىقى قاقىرا كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى. ئۆتكەن كۈنلەر كۆز ئالدىدا تىزىلىپ كەلمەكتە.

× × ×

ئۇ چاغدىمۇ قاقىرلار بۈگۈنكىگە ئوخشاش كۆك ئاسماندا چۇۋۇلىشىپ جەنۇپقا ئۇچۇپ ئۆتكەن، شېرىپ بىلەن زۆھرەمۇ بىر خىل قانات قېقىپ كېتىپ بارغان قاقىرلارغا زوقلىنىپ قارىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ تويىمۇ شۇنداق قاقىرلار سوزۇلۇپ، جەنۇپقا ئۇچقاندا بولغانلىغى ئۈچۈنمۇ، كەچ كۈزنىڭ مۇشۇ بىر دەقىقىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقىدۇ. ئەمدى بىزنى ھېچقانداق كۈچ ئايرىتالمايدۇ، دەپ قوشۇلغان ئىككى ياش ئۇرۇش باشلانغانلىغى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا نېمە قىلارىنى بىلمەي

قالدى ـ دە، ئاندىن شىرىپنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىۋەتتى. شىرىپ ئايالىنى كۆپ جىملىدى.

بۇ كۈنى زۆھرە بىلەن شىرىپ تىراكتورنى ئېتىزغا توختىتىپ قويۇپلا، بىر ئاتقا مىنگىشىپ ئېتىزدىن قايتتى.

— ئەمدى سىزنى كۆرمەيمەن. مۇنۇ ئېتىزلاردا ئىككىلەننىڭ يۈرىدىغىنىمىز يوق دەڭا، — ياۋداق ئاتنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغان زۆھرە بېشىنى شىرىپنىڭ دۈمبىسىگە قويۇۋېلىپ، توختىماي يىغلايتتى.

— باشقىلارنىڭ ئاياللىرىمۇ چىداپ يۈرىدىغۇ. بىلىگىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆزەڭگە پىششىق بول، بالىغا ياخشىراق قارا. ئامانچىلىق بولسا، ئىككىلەن تېخى بۇ ئېتىزلاردا تالاي يۈرىمىز، — شىرىپنىڭ باشقا ئېيتقۇدەك سۆزى يوقىكەن. مۇشۇ قېتىم ئۇ زۆھرەگە قارىغاندا ئاز سۆزلىدى.

— ئاسمانغا قارىغىنا، قاقىرلار قايتىپتۇ، سەن قاقىرلارنىڭ ئاغامچا بولۇپ ئېگىز ئۇچقىنىنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ، — دىدى شىرىپ، — ئامانچىلىق بولسا مەنمۇ بىر كۈنى ئاشۇ قاقىرلارغا ئوخشاش ئۇچۇپ كېلىمەن.

— قاقىرلارغۇ قايتار، ئەمما سىزنىڭ قايتىدىغىنىڭىزغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— ھەرقاچان مۇشۇنداق قايتقان قاقىرلارغا قارا. مەن ئۆزەم قايتمىسام ئاشۇلاردىن ساڭا سالام ئېيتىپ بېرىمەن.

— مەنمۇ ئېتىزدا يۈرۈپ، سىزنىڭ سالامىڭىزنى ئېلىپ كېلىدىغان قاقىرلارنىڭ قايتىشىنى تاقەتسىز كۈتىمەن، شىرىپ، — دىدى زۆھرە. ئۇ كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، شىرىپنىڭ بېلىدىن تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ، ئېگىز ئۇچ-

بولغانىدا تارتقان جاپامۇ مىسقالچە بىلىنمىسە كېرەك. ئەر كىشىلەر جەڭگە كېتىپ، يېزىدا پەقەت ئاياللار قالغاندا ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئېتىزدا تىنىم تاپماي ئىشلەگەندىمۇ «ھاردۇق» دېمەيتتى.

ئۇرۇش باشلانغان يىلىنىڭ كۈز ئېيى، ئېتىزدا ئاشلىق يىغىشتۇرۇلۇپ، خامانلار سۈپۈرۈلۈپ تازىلانغان مەزگىل. باشتا شېرىپنى قاچان ھەربى سەپكە چاقىرتىدىكىن دەپ تېڭىرقاپ يۈرگەن زۆھرە ئەمدى ھەقىقەتەن قالدۇرسا كېرەك دەپ كۆڭلى بىر ئاز ئىمىن تاپقان.

ئۇلار دوغداق بىز ئوچاستىكىسىدا كۈزلۈك بۇغدايىنىڭ يېرىنى ھەيدەۋاتاتتى. غەيرەت يېزىسى تەرەپتىن بىرىنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، ئىككىسى تىراكتۇرنى توختىتىپ، ھىلىقىنىڭ يولىغا قاراشتى.

— كۆڭلۈم ئەنسىرەۋاتىدۇ، شېرىپ، ئاشۇ ئادەم بىزگە بىر شۇم خەۋەر ئېيتقىلى كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن، — دېدى زۆھرە شېرىپنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

زۆھرە خاتالاشماپتۇ. ئاتلىق ئادەم كولخوز بىرىگادىرى ئىكەن. ئۇ كېلىشى بىلەن شېرىپقا ھەربى سەپكە چاقىرتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تۇتقۇزدى-دە:

— ئەتە سائەت توققۇزدا نان-توقاچىنى ئېلىپ ياركەنتتىكى ھەربى كومىسارىياتقا كەلسۇن دەيدۇ، ئۇرۇشقا ماڭىدىكەنسەن، — دېدى.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان سۆزدىن كېيىن زۆھرە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش بىر ئاز ۋاقىت بىردەم يولدىشىغا، بىر دەم ھەربى كومىسارىياتنىڭ چاقىرىش قەغىزىنى ئېلىپ كەلگەن بىرىگادىرغا قاراپ تۇرۇپ

تېخىمۇ كۆكىرىپ، بۆلەكچە ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتەمدۇ-نې-
مە؟ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بىرەر قۇش يوق. «بايىقى
يالغۇز قاقىرا توپىغا قوشۇلغاندىمۇ؟ قانتى تېلىپ، بىر
يەردە قالمىسا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.
— شەمشىدىنىڭ دادىسى ئەسكەرلىكتىن قايتقاندا سەۋ-
دايى بولۇپ قاپتۇ دېگىنى راست ئوخشايدۇ، كۆردۈڭمۇ،
كۆزىنىڭ قارا سوغىدا سېدىنىڭ قېشىدا يالغۇزدىن-يالغۇز
ئولتۇرغىنىنى!
شېرىپقا سېدىگە ئوت كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ يۆلى-
نىپ ئولتۇرغان سېدىدىن ئۆزىنى قانداق تارتىۋالغىنىنى
سەزمەي قالدى. ئۇرۇشتا ناكا بولۇپ، كۆپ ياتقانىنىڭ
تەسىرىمۇ، ئۇ بىر نەرسىگە خاپا بولسا، كۆزىگە قان ئويۇپ،
ھېچنەرسە كۆرمەي قالاتتى. ھازىرمۇ كۆزى تورلىشىپ،
سېدىنىڭ قېشىدىكى تار يول بىلەن كېتىۋاتقان كىمنىڭ
باللىرى ئىكەنلىكىنى تونۇمىدى. ھېلىقى باللارنىڭ سۆزى
ئۇنىڭ يېگىدىن ساقىيىشقا باشلىغان يۈرەك يارىسىنى يەنە
بىر قېتىم ئېچىۋەتكەندەك بولدى.
«بىكار قايتقان ئىكەنمەن، ئۆلۈپ كەتكەن بولسام
ئۇلار بۇ پاراڭنى قىلماس ئىدى،» دەپ شېرىپ ئۇستىخان-
لىرى چىقىپ تۇرىدىغان قولىنى قاتتىق چىشلىگەن پېتىچە
بېشىنى تىزىغا قويۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە قىمىر قىلماي ئول-
تۇردى. ئۇنىڭ تېنى تېخىمۇ مۇزلاپ كەتتى. «تارتقان جاپا-
نى كۆرگەنلا ئادەمگە ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس، ئېيتقان بىلەن-
مۇ سېنى ھەر كىم چۈشىنىۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
پورۇخنىڭ پۈرىغىنى سەزمەيدىغان باللارغا ئۇرۇش توغرى-
لىق نىمە ئېيتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن»، دەپ ئويلىدى

قان قاقىرلاردىن كۆز ئۈزمەي قارىباقتا. زۆھرەگە خۇددى يولدىشى ئاشۇ قاقىرلار بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

مۇنداقىمۇ قىسقا تاڭلار بولىدىكەن. ئۇ كۈنكى تاڭنىڭ قانداق ئاتقىنىنى ھەر ئىككىلىسى سەزمەي قالدى. ئاشۇ ئايرىلىش كېچىسى ئۇلارغا بىر بىرىنى گويا دەسلەپكى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سېزىلگەن ئىدى. شېرىپ ئايالىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى پەقەت بۈگۈن بايقىغاندەك بولدى. ياخشى سۆزلەر نىمە دىگەن كۆپ. ئۇلار بىرنى ئېيتسا - ئېيتسا تۈگىمەيتتى.

ئۇلار ئەتىسى يار كەنتىنىكى ھەربى كومىسارىياتقىمۇ بىر ئاتقا مىنگىشىپ كەلگەن. بىر بىرىنى سۆيگەن ئادەملەرگە ئايرىلىش قانداق ئېغىر. شېرىپ ئۈسەكتىن ئات ھارۋىغا چۈشۈپ جەڭگە ماڭغاندىلا، كۆز يېشىنى باسالماي ئۇزاق تۇرغان زۆھرە، ئىگەرنىڭ ئالدىغا ئىككى ياشلىق شەمشىدىنىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ھارۋىلار قارىياغاچنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوق بولغاندىلا يېزىغا قايتتى.

× × ×

ئۇ كۈنلەرنى ئويلىسا شېرىپ ياخشى ھېس - تۇيغۇ ئىلكىدە قالاتتى. ئۇنىڭ خۇددى ئىچىگە بىر پارچە مۇز كىرىۋالغاندەك سوغاق تېنى، ئۆتكەن كۈنلەر ئېسىگە چۈشكەندە ئىسسىغاندەك بولدى. ئۇ يەنە تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، بولۇق - بولۇق شوراپ چەكمەكتە.

شېرىپ يەنە كۆك ئاسمانغا قارىدى. كەچكۈزدە ئاسمان

—كەينىمىزگە چېكىنىشكە بولمايدۇ، نېمىسلار بىزنى دەپ پۈتۈن بىر يېزىنىڭ ئادەملىرىنى يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن. چېكىنىشىمىز بىلەن يوشۇرۇندىغان يەر يوق. قاچساق ھەممىمىز ناھەقتىن ئۆلۈپ كېتىمىز. نېمە بولساق‑مۇ مۇشۇ يەردە كۆرىمىز،— دېدى روتا كوماندىرى. جەڭدە كوماندىرنىڭ ئېيتقىنى — قانۇن. ئۇلار دۈشمەن بىلەن كۆل‑تۆك قاردا يېتىپ ئېلىشتى...

...شېرىپ ياغاچ ئۆيدە ھوشىغا كەلدى. كۆزىنى ئاچسا، ئالدىدا كۆزلىرى ئاسمانغا ئوخشاش كۆپ‑كۆك بەش‑ئالتە ياشلاردىكى ئىككى قىز ئولتۇرۇپتۇ. ھەربىي كىيىم كىيگەن ئادەملەرنىڭ بىرخىل كۆرۈنۈشىگە كۆزلىرى ئۆگىنىپ كەتكەن جەڭچىگە بۇ ئىككى قىز غەلىتىلا سېزىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقاندەك، يەنە چەكچىيىپ قارىدى. ياق، شېرىپ خاتالاشماپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئۇۋىلاپ يوغانراق ئاچقاندا، كۆك كۆزلۈك قىزلار بىر بىرىگە ھەيران بولغاندەك قارىشىۋىدى، چىرايلىرىدا خوشاللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. جەڭچى بېشىنى سەل قوزغىغاندا باش تەرىپىدىكى ياغلىق تاڭغان ئايالغا كۆزى چۈشتى.

—قېنى، قايناتقان سۈتتىن ئىسسىق‑ئىسسىق ئىچىڭ،— دېدى ھېلىقى ئايال شېرىپنىڭ بېشىنى تۇتۇپ.

جەڭچى بېشىنى سەل كۆتىرىپ، ئىسسىق سۈتتىن بىر‑ئىككى يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىنلا ھوشىنى يىغدى. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ياغاچ ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا سەپسېلىپ قارىغاندىلا، بوسۇغىدىكى كالتا جۇۋا كىيگەن بوۋاينى بايقىدى. يېڭىدىن ھوشىغا كەلگەن جەڭچى ساقال‑بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن بوۋاينىڭ ئويماقتەك ئىككى كۆزىنىڭ پارقىراپ

ئۇ، شېرىپ ئۇرۇش تامام بولغاندا نېمىشقا يۇرتىغا قايتمىغىنىنى تىل بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزەلمەيتتى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغان ئادەملەر پەقەت شېرىپنىڭ مەيدىسىنى يېرىپ، يۈرىكىنى چىقىرىپ تىڭشىسىلا سېزىشى مۈمكىن. مۇنداق ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشكە قىزىل تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن.

بىر چاغدا شېرىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يولغا قارىسا، بايىقى ئىككى بالا سېيدىدىن خېلى ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۆز ئالماي قارىغاندا شېرىپنىڭ ئېسىگە ئوكرائىنا جاڭگىلىدىكى چېرىدموخا يېزىسى ئۈچۈن بولغان جەڭ چۈشتى.

ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسكە ئالمىسىلا ياخشى. شېرىپ كىچىك بىر ۋەقە يۈز بەرسىلا تارتقان جاپالىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىگە ئۆزى ئاغرىق تېپىۋالاتتى-دە، شۇنىڭ بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە ئوڭشىلالماي يۈرەتتى. بۈگۈنمۇ يەنە شۇ ئۇرۇش يىللىرى كۆرگەن كۈنلەر كۆڭلىنى بىئارام قىلدى.

× × ×

...قورشاۋدا قالغان روتا جەڭچىلىرى دۈشمەن بىلەن قانچە ئېتىشىشمۇ بەربىر فرونت لىنىيىسىنى بۇزۇپ ئۆتەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار قارىغايلىق ئىچىدە كۈلتۈك قار كېچىپ بارغانسېرى كەينىگە چېكىنمەكتە. نېمىسلار قىسىپ كېلىشىگە بىر روتىدىن ئامان قالغان يىگىرمە جەڭچى قارىغايلىق تۈگەپ، ئوچۇقچىلىققا قانداق چىقىپ قالغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بايقىماي قاپتۇ. پەقەت بىر ئاز چېكىنسە كىچىك يېزىغا كىرىپ كېتىش مۈمكىن.

ـۇن دېدى، — دەپ ئۆيدىكى يالغۇز ئايال دەرھال يېنىغا يېتىپ كەلدى.

شېرىپ ئۇنىڭ قولىنى ئاق داكا بىلەن تېڭىلغىنىنى بايقىغاندا، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۇلۇق كىچىك تىنىدى.

— مەن قەيەردە ياتىمەن؟ — بۇ شېرىپنىڭ مۇشۇ ئۆيگە كىرگەندىن بېرى تىلىغا كېلىپ ئېيتقان دەسلەپكى سۆزى ئىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ. نېمىسلار يېزىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر مەن سىزگە يەنە ئىسسىق سۈت بېرەمەن. تولىمۇ ھالسىراپ كەتتىڭىز. سىز چاپسانراق ماغدۇرىڭىزغا كىرىشىڭىز كېرەك، — يوغان ياغلىقنى بويىنىغا ئوراپ تاڭغان ئايال سۈت ئېلىپ كەلدى.

— مېنى كىم قۇتۇلدۇردى؟

— بىز.

شېرىپ بېشىنى تەكىيدىن سەل كۆتىرىپ، ئالدىدا تۇرغان ئايالغا كۆپ قارىدى.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز؟ — ئۇ ئايالنىڭ قولىنى تۇتتى.

— مارىيە...

— مارىيە، — ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ، مارىيەنىڭ ئىسمىنى تەكرارلىدى. شېرىپنىڭ ئاياللارنىڭ يۇمشاق بىلىكىنى تۇتمىغىنىغا قاي زامان؟! ئاغرىقىنى ئۇنتۇغان شېرىپنىڭ قەلبىدە خوشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولماقتا. ئالقىنى مارىيەنىڭ يۇمشاق بىلىكىگە تەككەندە شېرىپنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، ئۆزىنى مەس ئادەمدەك ھېس قىلدى.

تۇرغىنىنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەر-گىز سەزمەيتتى.
—قورقما، ئەمدى ساقىيىپ كېتىسەن، يەنە گەرمە جەڭچە-دىن پەقەت سەن ئامان قالدىڭ. قار ئىچىدە قانسىراپ يې-تىپ، پۇت - قولۇڭ ئۇششۇپ كەتسە كېرەك، — دەدى ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ، كىچىككىنە يۈزىنى يېپىپ كەتكەن بوۋاي.
—بوۋا، نېمىسلار كىرىپ كېلىۋاتىدۇ! — چۆچۈگەن قىزلار بۇ سۆزنى ئېيتىپ ئۈلگۈرە - ئۈلگۈرمەستىنلا، قوللىرىغا ئاپتو-مات تۇتقان ئىككى نېمىس ئەسكىرى ئۆيگە كىردى. ئۇلار ئاپتوماتلىرىنى شىرىپقا تەڭلەپ، نېمىسچە قاتتىق ۋاقىراپ سۆزلىشىدىگە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كارۋات تەرەپكە يۈگۈردى.
—ئۇنىڭغا تەگمە. ئۆزى ئاغرىپ ياتقان ئادەمنى ئات-قىچە مېنى ئات...
بوۋاينىڭ سۆزى ئاڭلىنار - ئاڭلانماستىنلا، دەسلەپ كۆزلىرى ئاسمانغا ئوخشاش كۆپ كۆك قىزلار، ئاندىن بوۋاي بىلەن توقىغان ياغلىقنى بويىنىغا ئوراپ تاڭغان ئايال يىقىل-دى. شىرىپ شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغىنىنى سەزگىنى يوق. ئۇ ئوق تەككەن مەيدىسىنى تۇتۇپ، ئىككى پۈكلەنگەن پېتىچە كارۋاتتىن يەرگە يىقىلىشى بىلەن يەنە ھوشىدىن كەتتى.
...ئۇ ئېسىنى يىققاندا ياغاچ ئۆيدە دەسلەپ كۆرگەن ئايالدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. ئېتىنى سىپاپ كۆرۈۋې-دى، ئىككى پۇتى بىلەن مەيدىسىگە ئاق داكا تېڭىلىپتۇ. كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتىنى سەل قوزغاپ ئوڭ يېقىغا ئۆرۈل-گەندە، بار ئەزايى بىرسى پىچاق سانچىۋاتقاندەك قاخشاپ ئاغرىشقا باشلىدى.
—قوزغالماڭ. دوختۇر بىر - ئىككى كۈن مۇشۇنداق يات-

ھارۋىنا سالدى. ئىككىلا پۇتىغا ئوق تېگىپ، يارىدار بولغان شېرىپ ئۆزىنى ناتونۇش ئايالغا كۆتەرتىپ قويغىنىغا بەك خىجالەت.

ئۇ ھارۋىدا ئۆزەم چۈشىمەن دەپ قانچە تەمشەلگىنى بىلەن، بىر جايدا قوزغىلالماي ئولتۇرىۋەردى. مۇنداق يېرىم جان بولۇپ، ئۆزەمنى ئايالغا بىر زەمبىل گۆشتەك كۆتەرتىپ قويغىچە ئۆلۈپ كەتكىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ دەپ ئويلىدى ئۇ. بىراق ئامال قانچە، مارىيەنىڭ ئېيتقىنىغا كۆنۈشكە توغرا كەلدى.

چېرىموخا يېزىسىدىن پارتىزانلارغا ئۈچ چاقىردىم. ئۇ يەرگە بېرىشى بىلەن دوختۇرلار شېرىپنىڭ ئوق تەككەن پۇتلىرىنى داۋالاپ، قايتىدىن تاڭغاندىن كېيىن، مارىيە:

— ئاراڭلاردا ئۇنى داۋالاش قىيىن ئىكەن... بۇ جەڭچىنى مەن ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا سىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرسام قانداق؟ — دېدى دوختۇرلارغا.

— مېنى ئىككى ئارىدا تۇتۇشۇيمەن دەپ قىينىلىپ كېتىسىز. ئۇنىڭدىن مۇشۇ يەردىلا قالاي.

ئەمما مارىيە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تىڭشىمىدى.

— پارتىزانلارنى ئۆزەم ئارىلاپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ناكىلارغا ئورۇن يېتىشمەي بىر بىرىنىڭ ئۈستىدە دېگۈدەكلا ياتىدۇ. سىز ئۇ يەردە قىينىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى مارىيە يولدا كېلىۋېتىپ.

ئۇلار قايتىشىدا ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ مۇڭداشتى. مارىيە يېزىدا نېمىسلارنىڭ قانچىلىك ۋەھشىلىكلەر قىلغىنىنى ھەققىدە ئېيتتى.

مارىيە كارۋاتنىڭ قىرىغا بېشىنى قويۇپ، تۇيۇقسىزلا يىغلىۋەتتى.

— مېنىڭ قىزلىرىم بىلەن دادامنى نېمىسلار ئېتىۋەتتى. يولدىشىمدىنمۇ قارا قەغەز ئالدىم. ئەمدى يورۇق دۇنيادا تۆت تىنىمدىن باشقا ھېچكىمىم يوق. ھەممىسىنى قاغىش تەككۈر ئۇرۇش يۇتۇپ يوق قىلدى.

مارىيەنىڭ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىغىنىنى ئاڭلىغاندا شېرىپنىڭ يېڭىلا ئىسسىق سېزىم ئويغانغان قەلبىدە پەيدا بولغان ياخشى ھىس-تۇيغۇلار بىردىن كۆككە ئۇچتى. ئۇنى يېڭىلىۋاشتىن تىترەك بېسىپ، تېنى تىكەنلەشمەكتە.

— بۇ ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قايغۇ-ھەسرەت. دۈشمەن قانچە ۋەھشىلەشكىنى بىلەن بەرىبىر دەككىسىنى يەيدۇ. ئاز كۈندە تارتقان جاپالارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر. پەقەت چىداش كېرەك،— ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى بىر پەس ئۇنتۇغان شېرىپ ئايالنىڭ ئالقىنىغا ئالقىنىنى بېسىپ، سىلىق چېچىدىن سىپاپ بەزلىمەكتە.

شېرىپ قولىنى كارۋاتقا تىرەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋىدى، لېكىن كۆزلىرى تورلىشىپ، يەنە ھوشىدىن كەتتى...

ئارىدا بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن شېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى تاماق ئىچكۈدەك بولۇپ قالدى.

— مەن سىزنى خوشنا يېزىدىكى پارتىزانلارغا ئاپىرىپ، جاراھەتلىرىڭىزنى يېڭىلىۋاشتىن تاڭدۇرۇپ كېلەي،— دېدى بىر كۈنى ئۆيگە خادىك ھارۋىنى ھەيدەپ كەلگەن مارىيە. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ئەسكەرنى كۆتىرىپ چىقىپ،

ئەسلىدە ئۇ جەڭگە ئېكىش ئالدىدا ئۇرۇشنى باشقىچە پەرەز قىلغان. ئەمما، ھېچنەرسە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. فرونتقا كەلگەن دەسلەپكى ئىككى ئاي داۋامىدا دۈشمەننىڭ ئارقا سەپپىدە بولدى-دە، ئاندىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن پولكنىڭ جەڭچىلىرى قاتارىدا بارى-يوقى ئىككى كېچە-كۈندۈزلا نېمىسلار بىلەن ئېتىشىپ، ئۈچىنچى كۈنى مارىيەنىڭ ئىسسىق ئۆيىدىكى يۇمشاق كارۋىتىدا ياتتى. ئۇ تىراكتورنى ئېتىزغا توختىتىپ ماڭغاندا، نە بىر قەھرىمانلىقلار ھەققىدە ئويلىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر قوشۇق قېنى، بىر پاي ئوقى قالغىچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىمەن، ئەمما ئۇلارغا ئېلىمىزنىڭ مۇقەددەس يېرىنى باسقۇزمايمەن دېگەن. ئەمدى ئۆزى ئوكرائىنا جاڭگىلىدىكى كىچىك يېزىدا قالدى-دە، دۈشمەن شەرققە ئىلگىرىلەپ كەتتى. شېرىپ خۇددى نېمىسلارغا قارشى تۇرالماي، ئۇلارنى ئۆزى شەرققە ئۆتكۈزۈۋەتكەندەك قىلاتتى. شوڭلاشقىمۇ بۇ ھەقتە ئويلىسا جېنىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قىينىلىدۇ.

— نېمانچە ھەس-ھەس بولىسىز، سىزنىڭ ئاخىرقى دەرمانىڭىز قالغىچە كۆرەشكىنىڭىزگە بىزنىڭ پۈتكۈل يېزا خەلقى گۇۋا، — دەپ مارىيە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قوياتتى.

ئەمما ئۇرۇش دېگەن ئۇرۇش. ئۇنىڭدا ھەرقانداق تاسادىپى ۋەقەنى كۈتۈش مۇمكىن ئىكەن. شېرىپ بۇنىڭ ھەممىسىنى كېيىن چۈشەندى. لېكىن بولغان ۋەقەنى مارىيە-دىن باشقا ھېچكىم كۆرگىنى يوق. ھەممە جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن بىردەك ناكا بولۇپ، دۈشمەن

— مەنمۇ قازاقستاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى يېزىلارنىڭ
بىرىدە تۇراتتىم. سىلەرگە ئوخشاش ئاشلىق ئۆستۈرۈپ،
تىنچ ھايات كەچۈرۈۋاتقاندا، دۈشمەن بالا-چاقامدىن
ئايرىپ مۇشۇ كۈنگە سالدى. ھەيدەۋاتقان تىراكتورۇم
ئېتىزدىلا قالدى. ئايالىم بىلەن يالغۇز ئوغلۇم قانداق ھايات
كەچۈرۈۋاتىدىكىن، — دەپ شىرىپمۇ ئۆز ھاياتىنى ئەسلەيتتى.
ئوكرائىنا يېرىدىكى قېلىن قار چېكىلىپ، باھارنىڭ
خۇشپۇراقلىرى دىماق يېرىشقا باشلىغاندىلا، شىرىپ قولتۇق
تاياق بىلەن ماڭغۇدەك بولۇپ قالغان. ئۇ تالا-تۈزگە
چىققاندا ئەكچىگەن يەردە كۆكىرىشكە باشلىغان گىيالارنىڭ
پۇرۇغى يىراقتىكى يېزىسىنى ئەسلەتتى. لېكىن ئۇلاردىن
ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان خەت-خەۋەر ئەمدى يوق.
شىرىپ ئۆزىنى خۇددى ھەممە تەرىپىنى سۇ قاپسىغان ئارال-
دا قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ تۇرماق بۇ يەرنىڭ
ئادەملىرىمۇ دۇنيادىن بىخەۋەر. پەقەت چاپسان-چاپسانلا
جاڭگالغا كېتىپ، پارتىزانلاردىن دورا-دەرمەك ئېلىپ
قايتىدىغان مارىيە بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەنگە
قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىگى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ
كېلەتتى. بىراق دۈشمەن ئىچكىرىلىگەنسېرى خەلقنىڭ
ئارىسىدا ئەنسىزچىلىك تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. بۇ يەرنىڭ
ئاسمىنىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك نېمىس ئايروپىلانلىرى
ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. يېزىدىن ئانچە يىراق ئەمەس چوڭ
يولدىمۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرى قويرۇغى ئۈزۈلمەي شەرققە
قاراپ كېتىپ باراتتى. بۇنى بايقىغاندا شىرىپ زاماننىڭ
نېمە بولۇۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەي ھەس-ھەس بولىدۇ.
ئۇلار بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۆتۈشىنى تاقەتسىز
كۈتمەكتە.

ئۇق تەككەن ئىككى پۇتىنىڭ ئۇستىخانلىرى سىقىراپ ئاغ-
رىماقتا. كۆز ئالدىدا كۆزلىرى ئاسمانغا ئوخشاش كۆپ-كۆك
ئىككى نارەسىدە بىلەن كالتا جۇۋا كىيگەن، بويى پاكار
بوۋاي كەلدى. يەنە قولاق تۈۋىدە ئاپتوماتنىڭ تارسىلداپ
ئېتىلغان سۈرلۈك ئاۋازى، ياش قىزلارنىڭ ئۆيىنى بېشىغا
كىيىپ ۋاقىرىغان ئۈنى ياڭرىدى. «ئەشۇلارمۇ مېنى ئامان
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى» دەپ
ئويلايتتى ئۇ. قانچە ئويلىماي دېسىمۇ، ئاپتوماتنىڭ سۈر-
لۈك ئۈنى بىلەن قىزلارنىڭ ۋاقىرىشانلىرى قولاق تۈۋىدىن
كېتەر ئەمەس،

× × ×

ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر ئۈچۈن ئۇرۇش-
نى ئەسلەش ھەسرەت، مۇنداق چاغلار شېرىپنىڭ ئېسىگە
چۈشسە، قوي كۆزلىرى تورلىشىپ بىر پەس ھوشىنى يوقى-
تىپ قويغاندەك بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆلگەنلەرنىڭ ئالدىدا
دائىم قەرزداردەك ھېس قىلدۇ. ئەمما ئەندى ئۆلگەن
ئادەملەرنى قەۋرىگە بېرىپ ئەسلىگەندىن باشقا نىمە قىلىش
قولۇڭدىن كەلسۇن؟! نىمە قىلغىنىڭ بىلەنمۇ ئۇلارنى ھايات-
قا قايتۇرۇپ كېلەلمەيدىكەنسەن، ئۇ كونىلەرنىڭ قايغۇ-ھەس-
رىتىنى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھەركىمگە تەپسىلى ئېيتىپ
چۈشەندۈرۈشمۇ تەس. بولۇپمۇ قولىغا مىلتىق تۇتۇپ جەڭ
قىلمىغان بەزى ياشلارغا ئۇنىڭ ھەممىسى ئاچچىق ھەقى-
قەت ئەمەس، قانداقتۇ رىۋايەتتەك ئاڭلىنىدۇ.

ئۇ ئۇرۇش يىللىرىنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقىنى كۆرمىگەن

ئوتتۇرىسىدا قالدىم دېگىنىگە كىممۇ ئىشىنەر؟! بىللە جەڭ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قارا يەرگە كۆمۈلدى. «بەلكى ئۇرۇشتىن قېچىپ، ئەتەي ئادەم كۆرمەيدىغان يېزىدا مۆكۈۋاپسەن» دېگۈچىلەرمۇ چىقار دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ پەقەت ئىككى قولتۇق تاياق بىلەن ئەركىن ماڭالىغۇدەك بولغاندىلا يېزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى روتا جەڭچىلىرى دەپنە قىلىنغان قەۋرىستانلىققا كەلدى. ئۇلارنى كۆرگەندە شېرىپنىڭ ئاغزىغا سۆز كەلسىچۇ كاشكى. تېخى توپىسى قېتىپ ئۈلگۈرمىگەن قەۋرە ئەمدى جىمجىت. بۇ ئەتراپتا ئىلگىرى-كېيىن ھېچبىر ۋەقە بولمىغاندەك ھەممىنى قار يەر ئۆز قوينىغا ئالغان. پەقەت ئون توققۇز جەڭچى كۆمۈلگەن بۇ قەۋرە ئالاھىدە چوقچىيىپ تۇرىدۇ. شېرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاشۇ قېتىم نېمىسلارنى يېزىغا كىرگۈزمەيمىز، دەپ كۈلتۈك قاردا دۈشمەن بىلەن ئېتىشقان ئون توققۇز جەڭچىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە. جەڭچىلەرنىڭ كەينىگە چېكىنمەي قار ئاستىدا قانداق قۇربان بولغانلىقىنى ئەسلەش شېرىپقا ھەممىدىن ئېغىر سېزىلدى. ئۇ ئامان قالسىمۇ كۆڭلى، بارلىق مەقسەت، ئوي-ئارمىنى ئاشۇلار بىلەن زەي لەھەتكە كۆمۈلگەندەك ھېس قىلاتتى.

شېرىپ كۆزىنى يۇمغان پېتىچە قولتۇق تاياققا تايىنىپ، قەۋرىنىڭ ئالدىدا قاققان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي كۆپ تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ يەنە جەڭ قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟

بىر چاغدا شېرىپنىڭ كۆزى ئالاھىدە بۆلۈنۈپ تۇرغان ئۈچ قەۋرىگە چۈشتى، ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قىسىلىپ،

سىز كۈتمەن» دېگىنى ئۈچۈنمۇ ئاشۇ كۈندىن باشلاپ بۇ قۇشلارغا ئالاھىدە مېھىر باغلىغان. شۇڭلاشقا ئۇ دائىم قاقىرلارنىڭ ئۇچقىنىغا بەك زوقلىنىپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ئەل - يۇرتتىن ئايرىلىپ يۈرگەندە، ئاغامچا بولۇپ ئۇچۇپ ئۆتىدىغان قاقىرلار ئۇنىڭغا يىراقتىكى يېزىسىدىن زۆھرەنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى قاقىرلارمۇ ئۇنىڭ ئېسىگە كۆپ نەرسىنى سالدى. ئويلىماي دېگەن بىلەنمۇ ئۆتكەن كۈنلەر كۆز ئالدىدا تىزىلىپ كەلمەكتە.

× × ×

... ئۇ ساقىيىپ، ئون توققۇز جەڭچىنىڭ قەۋرىسىگە قولتۇق تاياققا تايىنىپ بىرىپ كەلگۈدەك بولغان يىلىنىڭ ئەتىياز ئايلىرىدا ئاسمانغا كۆپ قارىدى. لېكىن يېزىنىڭ چەكسىز ئاسمىنىدا سوزۇلۇپ ئۇچىدىغان قاقىرلارنى بۇ يەر-دىن ئۇچراتالمىدى. «مىلتىق ئۇنى ئۇلارنىمۇ چۆچۈتۈۋەتسە كېرەك» دىدى ئىچىدە. ئۇ چېرىمۇخا يېزىسىدا ئۆزىنى خۇددى ئىككى قولىغى ئاڭلىماس بولۇپ قالغاندەك ھىس قىلاتتى. ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە نەرسىدىن بىخە-ۋەر ئىدى.

ياز كۈنى. ئەمدى شىرىپ قولتۇق تاياقلىرىنى تاشلىمىسىمۇ خېلىلا ساقىيىپ قالغان، ئەمما بۇ ئەتراپنى نېمىسلار بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تالا - تۈزگە چىقىپ ئەركىن يۈرەلمەيدۇ. مارىيە كۈندۈزى ئۇنى ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى جاڭگاللىقتىن پارتىزانلارغا نېمىسلار ھەققىدە

ياشلار ھەققىدە ئويلانغاندا بايا چىغىر يولدا بىغەم كېتىپ بارغان بالىلارنى ئەسلىدى، ئەمدى ئۇلار كۆرۈنمەيدۇ. «ھېلىقى بالىلار بىر تۈرلۈك پاراڭ قىلدا، — دېدى ئىچىدە شېرىپ، — بەلكى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى راستتۇ، ھەقىقەتەن ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق ھالەتكە يەتكىنىنى ئۆزى نەدىن بىلسۇن. چەتتىن قارىغانلارغا ئۇنىڭ ھەممىسى ئايدىڭ ئېنىقتۇ». لېكىن ئۇ بىر تۇرۇپ: «ياشلارنىڭمۇ ھەر نىمە دېمىگى ھەق. ئەمما چوڭلارچۇ؟ بۇ يېزىدا ئىنسان قەلبىنى چۈشەنگۈدەك بىرەرسىنىڭ قالمىغىنى. ئەسكەرلىكتىن قايتقان شېرىپ سەۋدايى بولۇپ قاپتۇ دېگەن سۆزنى كىم تارقاتتىكىن؟ زۆھرە بىلەن شەمشىدىنمۇ شۇنداق ئويلارمۇ؟!» دەپ ئويلىدى.

ئۇ يەنە تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، كەڭ دالىغا بۆلەكچە سەپسېلىپ قارىدى، ئاشلىقى يىغىشتۇرۇلغان ئېتىزلار جىمجىت، بۇ ئەتراپتا ئادەمنىڭ ئويىنى جەلىپ قىلىپ، كۆز توختاتقۇدەك ھېچنەرسە يوق. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆك ئاسمانغا قادالدى. بايىقى ئېگىز ئۇچقان قاقىرلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. «ھېلىقى بىچارە قاقىرا توپقا قوشۇلادىمىكىن» دېگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەنە قىيىنىماقتا.

— قاقىرلارغا شېرىپ ئەزەلدىن خۇشتار. بەزىدە قاناتلىرىنى سوزۇپ، ئېگىز ئۇچىدىغان قاقىرلار جەنۇبقا قايتقاندا يۈرىكىنى بىللە سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنىدۇ.

شېرىپ ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا زۆھرە: «سىزنىڭ سالامىتىڭىزنى ئېلىپ كېلىدىغان قاقىرلارنىڭ قايتىشىنى تاقەت-

نىڭ ئوق تەگكەن پۇتلىرى قاخشاپ ئاغرىسا، بەزاەپ
كۆپ نەسىھەت قىلىدىغان ئايالىنىڭ بىردىن كۆڭلى يۇمشاپ،
بۆلەكچە مىسكىن بولۇپ كەتكىنىنى بايقىغاندا ئۇنىڭ ئىچى
ئاغرىپ قالدى.

— مەن بالىلىرىم بىلەن يولدىشىمدىن ئايرىلىپ
يالغۇز قالدىم، شېرىپ، ئەمدى قانداقمۇ ھايات كۆچۈرەر-
مەن، — دەپ مارىيە بېشىنى شېرىپنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ
يىغلىدى.

— ئۆزەڭنى يوقاتما، مارىيە، سەن يالغۇز ئەمەس، مەن
سېنى ھېچقاچان يالغۇز تاشلىمايمەن. سەن مېنى ئۆلۈمە-
دىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ. بالىلىرىڭمۇ مېنىڭ ئۈچۈن
قۇربان بولدى.

— ئۇنداق دېمە، شېرىپ، بىزدىن باشقىلار بولسىمۇ
شۇنداق قىلار ئىدى، ئۇ ھەرقايسىمىزنىڭ ئىنسانىي قەر-
زىمىز.

شېرىپ مارىيەنىڭ بېشىدىن سىلاپ، بەزلىمەكتە.

— خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئەمدى يېتىپ دەم
ئېلىڭ، — دېدى بىر چاغدا مارىيەگە شېرىپ.

— مەن يېتىپ دەم ئالالمايمەن، شېرىپ، ياتسام چۈ-
شۈمگە نېمىس — ئاپتومات تۇتقان نېمىس كىرىپ، چۆچۈپ
كېتىمەن.

مارىيەنىڭ شېرىپنىڭ ئىسمىنى ئۇكرائىن تەلەپپۇزى
بىلەن ئېيتقىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئالايىتەنلا يېقىملىق ئاڭلى-
ناتتى. ئىلگىرى ئاغرىقنىڭ دەردىدە بايقىمىدىمكىن، بۇ
قېتىم مارىيەنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى بۆلەكچە نازلىنىپ ئېيتى-
شى شېرىپنىڭ تىنىق سۇغا ئوخشاش تىنچ قەلبىنى چايقى-

ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى خەۋەرلەپ قايتاتتى.
... قىرىق ئۈچىنچى يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى. پار-
تىزانلارغا يولۇقۇپ كەلگىلى كەتكەن مارىيە چاپسانلا قايت-
تى. ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ئولتۇرۇشۇپ قالغان
كۆك كۆزلىرىدە خۇشاللىقنىڭ ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى.
— خۇشخەۋەر، شىرىپ، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز نېمىس-
لەرنى كەينىگە چېكىندۈرۈپ، ئوكرائىنىغا يېتىپ كەپتۇ.
چوڭ يولغا بېرىپ قايتتىم، ئىلگىرى شەرققە قاراپ ماڭ-
غان نېمىس ماشىنىلىرىنىڭ توپى ئەمدى غەرىپكە كېتىپ
بارىدۇ، — دېدى مارىيە خوشاللىقىدىن شىرىپنىڭ بوينىدىن
قۇچاقلاپ.
شىرىپ بۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان توققۇز ئايدىن بېرى
قارا ياغلىق تاڭغان بۇ ئايالنىڭ قاپىقىنى ئېچىپ، بىرەر-
كۈن كۆڭۈللۈك يۈرگىنىنى كۆرمىگەن. دائىم غەم-قايغۇدا
يۈرىدىغان مارىيەنىڭ بىردىن ئۆزگەرگىنىگە ئۇمۇ خوشال.
خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئۇ پۇتىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ،
ئۆزىنى ساقىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى.
بۇ كېچىسى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلسۇنمۇ؟! خۇش خە-
ۋەرنى پۈتكۈل يېزىدىكىلەرگە ئېيتىپ چىققان مارىيە خوش-
نىلاردىن بىر بوتۇلكا ھاراق تېپىپ كەپتۇ.
— قېنى، شىرىپ، بىزنىڭكىلەرنىڭ چاپسانراق يېتىپ
كېلىشى ئۈچۈن ئىچىۋېتەيلى، — دېدى.
شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇلار بىر ئۈستەلدە مۇنداق
كۆڭۈللۈك ئولتۇرمىغان. ھاراق ئىچىپ، سەل قىزىپ قالغان
مارىيە قىزلىرى بىلەن دادىسىنى ئەسلەپ ئۇزاق يىغلىدى.
نېمىشقىدۇر ئىلگىرى ھېچنەرسىدىن قورقماي، دائىم شىرىپ-

مارىيەنىڭ يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستانسىدا بىر كۈن كەچكىچە دىڭگۈدەكلا يۈردى. يىراقتىكى يۇرتىغا قايتاي دېسە مارىيەگە: «مەن ھېچقاچان سېنى يالغۇز تاشلىمايمەن، سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالدىڭ. باللىرىڭ مې-نىڭ ئۈچۈن قۇربان بولدى» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، ۋىجدان ئۇنى قايتىشقا ئەرك بەرمەيتتى. يۇرتى، بالا-چاقىسى كۆز ئالدىغا كەلسە، سېغىنىش ئۇنى كۈچىيە-دۇ. باشقىلار بولسا ئۆزگىچە قارارغا كېلەر ئىدى بەلكىم. لېكىن ئۇ مارىيەگە يولۇقماي كېتەلمىدى. ئىمشىقىدۇ ھەم-مە جەڭدە يۈرگەندە، ئۇنىڭ يۇرتقا كەتكۈسى كەلمەيتتى.

— مەن سېنى گوسپىتالغا كەتكەندىن كېيىن كەلمەمدى-كىن دېگەن ئىدىم، — دېدى مارىيە.

ئۇ قايتىپ كەلگەندە «ئۇرۇش تامام بولغىچە مارىيە-نىڭ قېشىدا تۇراي، بىر ئاز ساقايغاندىن كېيىن يۇرتقا كېتەرمەن» دېگەن ئىدى.

— سېنى ئۇنتالمايمەن، سەۋىۋى سەن قانلىق جەڭدە تاپقان موھەببىتىم!

... سوۋېت ئارمىيىسى ئۇكرائىنانى ئازات قىلغاندا ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قىزى تۇغۇلغان ئىدى. مارىيەنىڭ خۇشاللىغىنىڭ چېكى يوق. ئىككىسى غالىبىيەت ئالدىدا تۇغۇلغان قىزىنى نېمىسلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن كۆك كۆزلۈك ناتاشانىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىدى.

غالىبىيەت كۈنى جەڭچىلەر كەينى-كەينىدىن ئۆز-يۇرتلىرىغا قايتماقتا.

— سەنمۇ يېزاڭغا قايت. سېنمۇ يۇرتۇڭدىكىلەر قاچان كېلىدىكىن دەپ تاقەتسىز كۈتۈۋاتىدىغاندۇ. بىز تىرىك بەندە

ۋەتكەندەك بولدى، شۇندىمۇ ئۇ ئۆزىنى يوقاتماي، سەۋرى-تاقەت قىلىپ ئولتۇرماقتا.

— يۈرۈڭ، مەن سىزنى ياتقۇزۇپ قوياي، — دەپ قول-تۇق تاياقتا تايىنىپ تۇرغان شىرىپ هاراق تەسىرىدە سەل كەيىپ بولۇپ قالغان ئايالنى يۆلىدى. كۆپتىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ، داغدىرىدىن ئۈزۈلگەن ئۇچۇنمۇ، هاراق تەسىرىدە ئۇنىڭ بېشى قايماقتا.

ئۇ مارىيەنى ئاران يۆلەشتۈرۈپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كارۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئۆزى دالاندىكى ئورۇنغا ماڭغان ئىدى، لېكىن ئايال شىرىپنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىدى.

— قورقىمەن، شىرىپ. مېنى يالغۇز تاشلىما.

— بىغەم ئۇخلاڭ. مەن قېشىڭىزدا.

مارىيە ئۇخلىغاندا ئۆزىمىنىڭ كارۋىتىغا كېتەرمەن دەپ قىيسىيىپ ياتقان شىرىپنى قانداقتۇ غەيرى تەبىئى كۈچ ئايالغا تارتماقتا.

... ئۇ مارىيەنىڭ كارۋىتىدىن ئەتىسى بىراقلا تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئورۇنلىرىنىڭ قانداق قوشۇلۇپ كەتكىنىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمەي قېلىشتى.

بىزنىڭ جەڭچىلەر دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ، ئوكرائىنا يېرىگە يېتىپ كەلگەن مەزگىل. شىرىپ چېرىموخا يېزىسىنىڭ قېشىغا توختىغان ھەربىي قىسمىغا بېرىۋېدى، ئۇنى دەرھال گوسپىتالغا ئەۋەتتى. ئۇ گوسپىتالدا كۆپ ياتمايلا قولتۇق تايىقىنىڭ بىرىنى تاشلىغاندا، يۇرتىغا قايتىش قەغىزىنى بەردى.

ئۇ بۇ قەغەزنى ئېلىپ چىققاندا، گوسپىتال بىلەن

شەمشىدىن يېنىپ-يېنىپلا كۆز ئالدىغا كەلمەكتە. ئۇ بىردە قەۋرىدىكى جەسەتلەرنى، بىردە يۇرتى بىلەن مارىيەنىڭ قۇچىقىدىكى قىزىنى ئەسلىمەكتە.

بىر چاغدا ئاسماندىن چۇۋۇلىشىپ قاقىرلار ئۇچۇپ ئۆتتى، بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ، شۇنچە يىل ئاسمانغا تەلمۈرۈپ قارىسىمۇ بىرەر قېتىم قاقىرلارنىڭ ئۇچقىنىنى كۆرمىگەن شېرىپ ئۇلاردىن ئەمدى ئۈمىتنى ئۈزگەن، تۇيۇقسىز چۇۋۇلىشىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قاقىرلار ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچۈشكە باشلىغان ئويىنى يېڭىلىۋاشتىن ئويغىتىپ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئىسسىق سېزىمىنى قوزغىماقتا. ئۇ پىچىرلاپ: «ئىگىز ئۇچقان قاقىرلار، زۆھرەگە سالام دەڭلار» دېدى. بىر ئازدىن كېيىن «ئۇلار نەلەردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتىدىكىن. بەلكى زۆھرەمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇلاردىن سالام يوللىغان بولغىيدى»—دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئىسسىپ، تاتلىق ھىس تۇيغۇ ئويغانماقتا. شېرىپ ئۇن توققۇز جەسەتنىڭ كۆندىن-كۆنگە پاكارلاۋاتقاندەك سېزىلىدىغان قەۋرىسىگە قارىغاندا، بايىقى سېزىم خۇددى قاتتىق شامالدىن كېيىن پارچىلانغان بۇلۇتلارغا ئوخشاش ئېسىدىن كۆتىرىلىپ، تېنىگە تىترەك ئولاشتى. «مەن ئەمدى بۇ قەۋرىستاندىن يىراق كېتەلمەيمەن. يۇرتتىكىلەر ئاللىقاچان بىزنى ئۆلگەنلەر قاتارىغا قوشۇۋەتكەندۇ. زۆھرەمۇ مېنىڭدىن ئۈمىت ئۈزۈپ، باشقىسىغا تۇرمۇشقا چىقىپ كەتتىمىكىن. ئۇلارنىڭ يېنىدىن تېپىلانغان كۆڭلىنى سەكپارچىلىككە سېلىپ نىمە قىلاي» دېدى. بىر كۈنى مارىيە: «ئەڭ بولمىغاندا يۇرتقا خەت يېزىپ، ئۆزەڭنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىڭنى خەۋەرلەندۈرۈپ

بولغاندىن كېيىن كۆپ بىلەن كۈنىمىزنى كۆرەرمىز. ھەر ھالدا ئەمدى مەن يالغۇز ئەمەسقۇ، — دەپ مارىيە شېرىپقا كۆپتىن بېرى ئېيتالماي يۈرگەن سۆزىنى ئېيتتى.

شېرىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۈنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تىندى. بىر تۇرۇپ بۇ ئايالنىڭ ئېيتقانلىرى راستتۇ دەيتتى. ئەمما مارىيەنىڭ قۇچىقىدىكى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، قولىنى ئاغزىغا سېلىپ شوراۋاتقان قىزغا قارىغاندا، قەلبى ئېرىسىپ، باشتا ئويلىغان ئويلىرىدىن كېچىپلا قالدى. بالىنىڭ مېھرى بۆلەكچە ئىكەن. «بۇ بالامنى تاشلاپ قانداقمۇ كېتەرمەن» دەپ ئويلايتتى.

— ئەسلىدە مەن ئۇن توققۇز جەڭچى بىلەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم، سەن بولمىساڭ مېنىڭ قەۋرەمۇ شۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قېزىلاتتى. مەن ئۇلارنى تاشلاپ ھېچياققا كېتەلمەيمەن. — ئۇ كۆڭلىدە كۆپ نەرسىنى ئېيتماقچى بولغىنى بىلەن، تىلىغا بۇنىڭدىن باشقا سۆز چۈشمىدى، قەلبىدە داۋالغۇپ، ئۇخچۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىشنىمۇ لايىق كۆرمەيتتى.

شېرىپتىن باشقا سۆز ئاڭلايمەنمىكىن دەپ ئويلىغان مارىيەنى بۇ سۆزلەر بۆلەكچە تەۋرەندۈرۈۋەتتى. ئۇلار كۆپ ۋاقىتقىچە سۆز قىلماي بىر بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ھەرقايسىسى ئۆز ئويى بىلەن بەنت.

بۇ كۈنى شېرىپ ئادىتى بويىچە پۇتىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، قەۋرىستان تەرەپكە يالغۇز كەتتى. بايا مارىيەنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرسۇنمۇ؟ قانچە ئويلىماي دىسە، يىراقتىكى ئەل-يۇرت، ئايالى زۆھرە بىلەن ئۇ ئۇرۇشقا ماڭغاندا تەلپۈنۈپ مېڭىپ قالغان ئوغلى

قېتىم زەخىملىنىپ، ئۆمۈرنىڭ نە بىر قېيىن پەيتلىرىدىن ئۆتسىمۇ، ئاشۇ قېرى سېپىدىگە ئوخشاش ھەمىشە بەرداشلىق بېرىپ مەغرۇر تۇراتتى. بولمىسا يىللار ئىگىز بويلۇق، قاتاڭغۇر ئادەمنىڭ جېنىنى قانچە قېتىم قىيناپ ھاياتىنىڭ قايسى قايىنىمىغا تاشلىمىدى؟!

ھاياتتا، ئادەم ئويلىغاندەك بولۇۋەرمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۆز كىتاۋى بار ئوخشايدۇ. شېرىپ يېزىسىغا كەلگەندە يۇرتداشلىرى: «ئۇرۇش تامام بولغاندا نېمىشقا قايتمىدىڭ؟» دەپ كۆپ سورىدى.

تولىمۇ ئېغىر سوئال. ئۇ يۇرتداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا نېمە ھەققىدە سورىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ سوئالنى بەرمىسىدى دەپ تىلەيدىغان. ئەمدى ئۇ مۇنداق سوئال بەرگەنلەرگە نېمە دەرىنى بىلمەي قىسىلىدۇ. قانچە قىلغان بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزەلمەيدىكەنسەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى پەقەت ئۆزى كۆرۈپ، باشتىن كەچۈرگەن ئادەملا سېزىدىغان ئوخشايدۇ. ئېيتقان بىلەنمۇ، ئەمدى ئۇنى كىم چۈشەنسۇن. «يېزىنىڭ تېنىدە جېنى بار ھەممە ئادىمى قايتقاندا، سەن نېمىشقا قايتالمىدىڭ؟» دەپ بىرلا سوئال بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق سوئالدىن كۆپىنچە قىزلىرىمنى قىيالمىدىم دەپ قۇتۇلىدىغان.

بۈگۈنمۇ يىراق چېرىموخا يېزىسىدا قوشكېزەكتەك ئۆسۈۋاتقان قىزلىرى ئېسىگە چۈشكەندە، كۆڭلى بىر ئاز كۆتىرىلگەندەك بولدى. ھەقىقەتەنمۇ قىزلىرىنى سېغىنىپ قالغان ئىكەن. ھەي، قىزلار... يۇرتتىكىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشتۇرگەنمۇ ئاشۇ قىزلار.

قويساڭچۇ » دىگەن ئىدى. لېكىن شېرىپ خەت يېزىشقا تەمشەلگىنى بىلەن چۈرئەت قىلالمىدى. ئۆتكەن ئىشنى قوزغاپ ئادەملەرگە قايغۇ-دەرت تېپىپ بەرمەي دېدى.

ئۇرۇش توختاپ، چېرىمودىا يېزىسىدىكى كولخوزمۇ ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈلگەندە، بۇ ئەتراپنىڭ ئېتىزلىقلىرىدا ئۆلگەرىكىگە ئوخشاش شادالدا چايقىلىپ بۇغداي ئۆسۈپ، ئاپتاپپەرەس ساپ-سېرىق رەڭدە چېچەكلەشكە باشلىدى. ئارىدا يەنە ئىككى يىل ئۆتمەيلا مارىيەنىڭ ئىككىنچى قىزى تۇغۇلدى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئانا ئۇچۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەر يېڭىلىۋاشتىن تىرىلگەندەك بولدى. ھەر كۈنى ئۇن توققۇز جەڭچىنىڭ قەۋرىسىنى بىر يوقلاپ قايتمىسا كۆڭلى ئىمىن تاپمايدىغان شېرىپ، زاراتكالىقتا يادىگارلىق تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇن توققۇز ئاق قېيىن كۆچىتىنى تىكىپ ئۆستۈرگەندە. بۇ، يىراقتىن ئادەمنى ئۆزىگە بىردىن جەلپ قىلغۇدەك جايغا ئايلانغان ئىدى.

× × ×

تومۇرلىرىنى كەڭ يايغان قېرى سېدە مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، كۆز كېلىپ، بىرىنچى ئۈششۈك ماڭغاندىلا بۇ ئەتراپتىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ساپ-سېرىق بولۇپ كەتتى. شېرىپ ئالقىنى بىلەن قېرى سېدىنىڭ يىرىك قوۋزىغىنى سىلىدى. ھۇررەكلىشىپ قاتقان يوغان سېدىنىڭ زەخىملەنگەن يېرىدىن چىپىلداپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. «بىچارە سېدە يىغلاۋاتسا كېرەك» دېگەن ئوي كەلدى شېرىپنىڭ بېشىغا. مۇشۇ پەيتتە ئۇمۇ تالاي

ئاردا ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەن بىر كۈنى مەكتەپتىن ئەتىگەندىلا قايتقان قىزى:

— دادا، سىزنى مەكتەپ دىرېكتورى چاقىرتۋاتىدۇ، — دېدى.

— نېمە قىلىدىكەن، يە ناچار ئوقۇپ يۈرىدىمەن؟ — دېدى شېرىپ.

— ياق، شەھەردىن قاندىقتۇ يوچۇن ئادەملەر كەلسە كېرەك.

— يوچۇن ئادەملەر؟!

ئۇزۇن ئۆتكۈپ، ئاردا شۇنچە يىل ۋاقىت ئۆتكىچە شېرىپنى ھېچكىم ئىزلەپ كەلمىگەن ئىدى. ئەمدى ئۇلار كىم بولىدىكىن؟ ئۇ بىر ئاز ۋاقىت كۆپ نەرسە ھەققىدە ئويلىدى.

شېرىپ دېرىكتورنىڭ كابىنېتىدا كىرسە يېشى توختىغان ئايال بىلەن يىگىت ئولتۇرۇپتۇ.

— بۇلار يىراق شەرقتىن كەپتۇ. بۇ ئايالنىڭ يولدىشى سىز بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان ئىكەن. يېقىندا بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يېزىمىزدىكى قېرىنداشلار قەۋرىسىگە دەپىن قىلىنغان ئون توققۇز جەڭچىنىڭ ياشىغان جايلىرىنى سىزدىن سوراپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھەممىسىگە خەت يېزىۋەتكەن ئىكەن. شۇلارنىڭ دەسلەپكىسى — لېيتېنانت كوزلوۋنىڭ ئايالى بالىسى بىلەن كەپتۇ. مەرھەمەت، تونۇشۇپ قويۇڭلار.

مۇنداق ئۇچرىشىش شېرىپنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن. ئۇ تۇيۇقسىز ئاڭلىغان خەۋەردىن كېيىن بىر ئاز ۋاقىتقىچە جىمجىت تۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىدا كۆلتۈك

× × ×

ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇش تامام بولغىنىغا يىگىرمە يىل تولغان مەزگىل ئىدى. بىر كۈنى شېرىپنىڭ كىچىك قىزى چېرنىوخا يېزىسىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ.

— بىزگە يېزىمىزدىكى ئون توققۇز جەڭچى قەۋرە ھەققىدە ئېيتىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىلدى شېرىپتىن ئوقۇغۇچىلار.

باشتا شېرىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، ئۇرۇشنىڭ يېڭىدىن بېسىلىشقا باشلىغان غەم-قايغۇسىنى يەنە قوزغىماي دەپ ئوقۇغۇچىلارغا ھەممىنى تەپسىلى ئېيتقۇسى كەلمىگەن، لېكىن قەۋرىگە بېرىپ بۇ يەردىكى جەڭچىلەرنىڭ قىياپىتىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندە، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى يوشۇرۇشقا كۆڭلى چىدىمىدى.

— بالىلار، بۇ يەرگە سىلەرنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك ھاياتىڭلار ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغان ئون توققۇز جەڭچى كۆمۈلگەن. سىلەرنىڭ مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇماي ئەسكە ئالغىنىڭلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، — شېرىپ كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ سۆزلەپ ئۆگەنمىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ۋەقەنى قىسقىلا ئېيتتى. ئاندىن ئۇ قېرىنداشلار قەۋرىستانىدا دەپنە قىلىنغان جەڭچىلەرنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

— شېرىپ ئاغا، بىز بۇنىڭدىن كېيىن قەۋرىستانلىقنى ئۆز غەمخورلۇقىمىزغا ئالىمىز، — دەپ ئوقۇغۇچىلار كۆپ ۋەدە بەردى.

دېدى ئايالى مارىيەگە.

بىر كۈنى شېرىپ قەۋرىستاندىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا پوچتالىيون قىز ئۇيۇقسىزلا:

— شېرىپ چوڭ دادا، سىزگە خەت كەلدى. — دەپ ئۇنىڭ قولىغا تۆت بۇرجەكلىك كۆك كونۋېرتنى تۇتقۇزدى.

شېرىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ، نېمە دەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي، خەتنى تۇتقان پېتى تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈدىيىپ ئۆرە تۇرماقتا. ئۇ ئۇرۇش توختىغان يىگىرمە يىلدىن بېرى بىرەرسىگە خەت يېزىپ، خەت كۈتكەن بەندە ئەمەس. «خەت كەلدى» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىنىگە قاي زامان؟ ئەمدى بۈگۈن شۇ سۆز قۇلاق تۈۋىدە يېڭىۋاشتىن ئاڭلانغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ كەتتى.

ئۇ ئولتۇرۇشۇپ قالغان كۆزلىرىنى قاتتىق يۇمۇپ، يەنە ئاچتى. ياق، شېرىپنىڭ كۆزلىرى توغرا كۆرگەن ئىكەن. ئەجەپ، ئىلگىرى باتالىيون پوچتالىيونى ئېلىپ كېلىدىغان خەتتىكى زۆھرە يازىدىغان ئادرېس! رايونى، يېزىسىمۇ شۇ ياكى بۇ خەت شۇ چاغلاردا يېزىلىپ، تېخىچە مېنى تاپالماي يۈرەمدىكىن؟ دېگەن ئويغىمۇ كەلدى شېرىپ، ئەمما خەت يېڭىدىن يېزىلىپتۇ. ئۇرۇش يىللىرى يېزىسىدىن كېلىدىغان خەت ئۈچ بۇرجەكلىك ئىدى. شېرىپ كونۋېرتتىكى ئادرېسقا كۆز يۈگۈرتۈپ «شېرىپۇۋ شەمشىدىن» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغاندا، يۈرىگى تېخىمۇ قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى.

— شەمشىدىن، مېنىڭ ئوغلۇم! — ئۇ ئۈنلۈك سۆزلەپ

قاردا قىزىل قانغا مىلىنىپ جەڭ قىلغان لېيتېنانت كەلمەكتە.

— سېنىڭ داداڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، بالام، — دېدى شىرىپ كوزلوۋنىڭ ئوغلىغا.

قەۋرىگە بارغاندا، روتا كوماندىرىنىڭ ئايالى كۆز ياش قىلىپ، ئۇزاق يىغلىدى. ئوغلى بولسا دادىسىنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدە كەينى-كەينىدىن سورايتتى.

لېيتېنانتنىڭ ئوغلىنى كۆرگەندە، ئۇ ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا ئانىسى بىلەن قالغان شەمشىدىننى ئەسلىدى. «دادام قانداق قەھرىمانلىق قىلدىكىن، دەپ بىلگۈسى كېلىدىغاندۇ. ئەجەپ شۇ ئوغلۇمنى ئاتا مېھرىگە قاندۇرماي، يېتىم قىلدىمغۇ» دېدى.

ئۇلار كېتىپ، كۆپ كېچىكمەيلا شېرىپنىڭ قىزى مەكتەپكە يەنە ئىككى جەڭچىنىڭ بالىلىرىدىن خەت كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىنسان دېگەن يەر بېسىپ يۈرسىلا، ئۇچراشماي قالمايدىغان ئوخشايدىغۇ؟! مۇشۇ ئوي ئۇنىڭ ئېسىگە يىراق ئىلى ۋادىسىدىكى بالا-چاقىسىنى سالدى. قانچە ئويلىمايمەن دېگەن بىلەن كۆڭلىنى باغلاپ قويغىلى بولمايدىكەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەققەتەن يوشۇرۇش مۇمكىنمۇ؟—

— قازاقىستاننىڭ ئىلى ۋادىسىدا سىلەرنىڭ ئاكاڭلار بار، — دېدى بىر كۈنى ئۇ قىزلىرىغا. بۇنى ئېيتماسقا ئۇنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانىمۇ چىدىمىدى، — قانچە قىلغان بىلەن قېنى بىر ئەمەسمۇ. ئوغلۇم ساق-سالامەت ئەر يەتكەن بولسا بىزدىن كېيىن تونۇشۇپ ئارىلىشىپ يۈرەر، —

— ئاكاڭدىن خەت كەپتۇ، قىزىم! بىلەمسەن. مەن سىلەرگە قازاقىستاندا ئاكاڭلار بار دەپ ئېيتىۋىدىمغۇ، ئاشۇ ئاكاڭ مېنىڭ تۇرىدىغان جايىمنى ئىزلەپ تېپىپ، خەت يېزىپتۇ. ئۇنىڭ بالا-چاقىسى بار ئىكەن... مەن تېخى ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن چېغى دەپتىمەن...

— دادا، سەن ئاۋۇ كۈنى ئاكىمىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن بىزنىڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شۇ غەيرەت يېزىسىغا خەت يېزىۋەتكەن ئىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — شېرىپ قىزىغا خۇددى دەسلەپكى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قارىۋاتتى. قىز بالا دېگەن ئاتا-ئانىغا بۆلەكچە كۆيۈمچان بولامدۇ ياكى پەقەت شېرىپنىڭ قىزلىرىلا شۇنداقمىكىن، ئۇلارنىڭ دادىسىغا مېھرى ئالاي-تەنلا كۈچلۈكمۇ. مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭغا كىچىك قىزى ھەممىدىن ئەزىز سېزىلەتتى.

— سىنىپىڭلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا مېنىڭ رەھمىتىمنى ئېيتىپ بار، — ئۇ قىزىنىڭ ئىسسىق ماڭلىيىدىن سۆيدى، — يۇر، چاپسانراق ئۆيگە بارايلى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاپاڭ بىلەن ھەدەڭمۇ ئاڭلاپ قالسۇن.

شېرىپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بەك رازى. ئۇلارنىڭ يېزىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى قەۋرىلەردە دەپنە قىلىنغان جەڭچىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېنىقلاپ، يۇرتىغا خەت يېزىپ، قەھرىمانلىقلىرىنى خەۋەرلىگىنىگە تولىمۇ خۇشال.

× × ×

شېرىپ غەيرەت يېزىسىدىن ئالغان خەتكە جاۋاپ

خەتنى مەيدىسىگە چىڭ باستى. كۆزلىرىدىن ئاققان ئىسسىق ياشنىڭ كونۋېرتقا تامچىلىشىنى سەزمىدى. — مەن ئۆلۈپ كەتتىم دىسەم، ئۇلار مېنى قارا يەرگە كۆمۈشكە قىيىماپتۇ... بۇ خەت قانداقلارچە كەلگەندۇ؟

شېرىپنىڭ ئوق تېگىپ، زەخىملەنگەن سۆيەكلىرى يەنە سىقىراپ ئاغرىماقتا. ئۇ ئۆيىگە قايتماي، ئاغرىۋاتقان پۇتىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، قېرىنداشلار قەۋرىستانىغا كەلدى. ئۆزى ياسىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدىن بىللە ئۆتكەنلەرنىڭ قەۋرىدىن كۆز ئالماي ئۇزاق قارىماقتا.

— ئاغىنىلەر، بىزنى ئەل-يۇرت ئۇنتۇماپتۇ. بىز ئۆلۈپ كەتسەكمۇ، تىرىكلەر قەلبىدە ھايات ئىكەنمىز، — دەپ خېلىلا قاتتىق سۆزلىگەندەك قىلىۋىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنى ئارانلا چىقتى.

ئۇ كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇماقتا. ئوغلى يازغان خەتتىكى «دادا» دىگەن سۆزلەرنى يېنىپ-يېنىپ تەكرارلىغاندا ئۆگە-ئۆگىسى بوشاپ، قەلبىدە يىراق يېزىسىدىكى ئوغلىغا بولغان چەكسىز مېھرى ئويغانماقتا.

— دادا، سەن بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ. مەن سېنى ئىزلەپ پۈتكۈل يېزىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقتىم، كەچ كىرگەندە نىمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ يۈرە، ئۆيگە قايتايلى.

شېرىپنىڭ ئويىنى قىزىنىڭ سۆزى بۆلۈۋەتتى. ئۇ پەقەت ئەمدىلا ئالتۇن رەڭلىك كۈننىڭ قويۇق جاڭگال كەينىگە مۆكۈپ، قاراڭغۇ چۈشكىنىنى بايقىدى.

تۇردى. ئۇنىڭ دىمىغىدا ئىلگىرى قىزلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيگىنىدە پۇرىغان ئالاھىدە پۇراق ئۇرماقتا. بۇ پۇراق ئاتىيا كەڭ دالىدا ئۆسىدىغان شىۋاقنى ئەسلەتتى. شېرىپقا ئوغلى بىلەن يىراقتىكى چارەك ئەسىردىن بېرى كۆرمىگەن يۇرتىنىڭ پۇرىقى بىللە كەلگەندەك سېزىلمەكتە.

— سەنلا قۇچاقلامسەن؟ بىزگىمۇ قويۇپ بەرسەڭ، — دەپ مارىيە شەمشىدىنگە يېقىنلاشقاندىلا، شېرىپ كۆزىنىڭ يېشىنى ئېرتىپ، ئوغلىنىڭ قېشىدىن كەتتى. ئاندىن شەمشىدىننى مارىيە بىلەن كىچىك قىزى سۆيدى.

— قېنى، ئاكاڭنى ئۆيگە باشلاڭلار. يول مېڭىپ ھېرىپ كەتكەندۇ.

ھەممىسى ئۆيگە كىردىشتى.

— شەمشىدىن ئاكام دادامغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەن، — دېدى چوڭ قىزى.

ئۆيدە كۆپىنچە شەمشىدىن بىلەن مارىيە پاراڭ قىلىشتى. مارىيە قازاقىستاننىڭ تەبىئىتى، يېمەك-ئىچمەك ۋە شەمشىدىننىڭ بالا-چاقىسى ھەققىدە سورايتتى. شېرىپ بولسا، خۇددى خىيال چاققان ئادەمگە ئوخشاش تاماكىسىنى كەينى-كەينىدىن شوراپ جىم ئولتۇرماقتا.

— ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟ — دەپ سورىدى بىر چاغدا ئۇ.

— ياخشى.

شېرىپ يەنە جىم بولدى. ئۇلارنىڭ پارىڭى باغلاشماي، چاپسان-چاپسانلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

— دادامنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلىگىنىنى دەسلەپ ئاڭلاۋاتىمەن. مېنىمۇ ئۆگىتىپ قويغىنا، دادا. مەن ئۇيغۇرچە

قايتۇرۇپ، كۆپ كېچىكمەيلا چىرىموخا يېزىسىغا ئاسماندىن چۈشكەندەك، بالىسى شەمشىدىن كەلدى.

چوڭ قىزى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن، چىرايى كۆندە قارىيىپ كەتكەن ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق يىگىتنى كۆرگەندە شېرىپنىڭ يۈرىكى بۆلەكچە ئىتتىك سوقتى. ئۇ قىزى يوچۇن يىگىتنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ تونۇشتۇرماستىنلا بۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئەمما ئۇ سەۋرى تاقەت قىلىپ، ئۆزىنى تۇتتى، ئىچىدە غەيرى تەبىئى كۈچ داۋالغۇپ، ئاشۇ ناتونۇش يىگىتكە ئىتتىرىۋاتسىمۇ، نىمىشقىدۇ قىزى ئۇنى ھويلىغا باشلاپ كىرىپ تونۇشتۇرغىچە بەندىگىدە قوزغالماي ئولتۇردى.

— دادا، بۇ ئاۋۇ كونى خەت يازغان ئاكىمىز، قازاقستاندىن بىزنى ئىزدەپ كەپتۇ.

شېرىپ ئۆزىنى قانچە چىڭ تۇتۇشقا تىرىشقان بىلەن چىدىيالمىدىمۇ؟! ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش ئاقماقتا.

— شەمشىدىنمۇ سەن! — شېرىپ باشقا سۆز قىلىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر-ئىككى قەدەم ئىلگىرى ماڭار-ماڭماستىنلا پۇتلىرى تىترەپ، ئۆزىنى ماغدۇرىدىن كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇلار گىرە سېلىشىپ قۇچاقلىشىپ كەتتى.

شېرىپنىڭ بىر-ئىككى كۈندىن بېرى ئۇيۇستۇرا تەگمىگەن يىرىك مەگىزىگە ئوغلىنىڭ يۇمشاق يۈزى تەككەندە قەلبىنىڭ تۆرىدە ساقلىنىپ قالغان، پەقەت ئۆزى تايىقان بالىلارغا تالىق بۆلەكچە بىر ئىسسىق مېھىر ئويغانماقتا. ئاتا گەپ-سۆز قىلماي ئوغلىنى قۇچاقلىغان پېتىچە ئۇزاق

— سىنى ئىزلەپ كەتكىلى كەلدىم، دادا، — دىدى بىر ۋاقىتتا شەمشىدىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ئىزلەپ كەتسەڭ، كېتەمەن!

شەمشىدىن مۇشۇ سۆزنى كەچقۇرۇنلۇغى ھەممىسى تاماققا ئولتۇرغاندىمۇ قايتىلىدى.

— بىز نىمە دەيمىز، ئۆزى بىلسۇن. ئۇرۇش توگىگەن يىلى مەنمۇ سىزنىڭ ئەل-يۇرتۇڭ، بالا-چاقاڭ بار، كەت دىگەن ئىدىم. ھىلى بولسىمۇ كەچ ئەمەس. ياشلىقتا ھەر نىمە دىگەن بىلەن قېرىغانسىرى تۇغۇلغان يۇرتقا تارتىدىغىنىمۇ تەبىئى. قىزلارمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى. مانا كەنجىمىز بۇ يىل ئونىنچى سىنىپنى تاماملايدۇ. ئامانچىلىق بولسا، ئىككى ئارىلىقتا بېرىپ-كېلىپ يۈرەر. سىزنىڭمۇ باللىققا ياراپ. داداڭنى ئىزلەپ كەلگىنىڭگە رەھمەت، بالام، — ماريەنىڭ سۆزى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بىرەرسى بىلەن ئىچىلىپ-يېيىلىپ مۇڭدىشالماي يۈرگەن شەمشىدىنگە بەك ياقتى.

— سىزنىمۇ تاشلىمايمىز، ماريە ھەدە، چاپسان-چاپسان كېلىپ، يوقلاپ ھالىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمىز. بىزنىڭ يېزىغىمۇ كېلىڭ.

شەمشىدىن يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ قالغان ئاق سېرىق ئايالنىڭ قاپىغى ئىچىلماي يۈرسە ئاچچىغى يامانلىقىن دەپ تەشۋىشلەنگەن ئىدى. ئەمما دادىسىنىڭ ئايالى ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن. ئاق كۆڭۈل ئانىنىڭ مۇئامىلىسى، سىڭىللىرىنىڭ ئاكىسىنى كۆرگەندە ئاغزى-قۇلىغىغا يەتكۈدەك خوشال بولۇشى ئۇنى ھاياجانلىققا بۆلمەكتە. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ بولارىنىڭ ئالدىدا دادىسىنى ئىزلەپ

سۆزلەشنى خالايمەن، — دەپ كىچىك قىزى شېرىپىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— ئاكاڭغا قوشۇپ قويايلۇق. ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن ئويناپ، داداڭنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ كەل.

دەسلەپكى قېتىم ئۇلار بىر بىردىگە ئانچىلا ئىچەكىشىپ كېتەلمىدى. شېرىپمۇ ئوغلىغا قىسقا-قىسقىلا سوئال بېرىپ، بىر نەرسىلەرنى سوراپ قوياتتى، شەمشىدىنمۇ لايىغىدىلا جاۋاپ قايتۇرغىنى بولمىسا ئوشۇق سۆز قىلمايتتى.

— ئۇرۇش توگىگەندە نىمىشقا يۇرتقا قايتمىدىڭ؟ — دىدى شەمشىدىن ئەتىسى دادىسى بىلەن خالى قالغاندا.

— قىزلىرىمنى قىيىمىدىم، — شېرىپ قۇربان بولغان جەڭچىلەر ۋە ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان مارىيە ھەققىدە ئېيتاي دىدى-دە، يەنە ئۆزىنى تۇتتى. قانچە قىلغان بىلەن بالىغۇ، مېنىڭ قەلبىمنى نەدىن چۈشەنسۇن دىگەن ئويغىمۇ كەلدى. شەمشىدىنمۇ دادىسىدىن بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتكىنى يوق.

ئەتىسى شېرىپ ئوغلىنى قېرىنداشلار قەۋرىسىگە ئېلىپ باردى.

— دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، بىر روتىدىن يىگىرمىسى قالغان ئىدۇق، ئەمما چېرىدوخا يېزىسى ئۈچۈن بولغان جەڭدە مېنىڭدىن باشقىسى مۇشۇ يەردە قۇربان بولدى. يالغۇز قالغان ئېغىر ئىكەن ...، — بۇ قېتىممۇ ئوغلىغا ھەممىنى تەپسىلى ئېيتاي دەپ تەمشەلسىمۇ، جۈرئەت قىلالمىدى، مۇنۇ قەۋرىلەر ئوغلىغا قانداق تەسىر قىلغىنىنى شېرىپ سەزمىگەن ئىدى. ئەمما ئۆزى ئىككى تال پاپىروسنى چېكىۋەتكىچە بىر ئېغىز پاراڭ قىلماي، قەۋرىلەرگە قاراپ جىم ئولتۇردى.

توگەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز دەرۋازىغا يۆلىنىپ كۆزىنىڭ يېشىنى ئېرتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە شېرىپنى ئۇزىتىپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ، نېمىشقا يىغلايسەن، دادام كەتكەن پېتىچە قايتىپ كەلمەيدىغۇ دەمسەن، كېلىدۇ، بىزمۇ سېغىنغاندا بارىمىز،— دېدى مارىيەنىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ تۇتقان چوڭ قىزى.

— ياق، يىغلىمايمەن. پەقەت ئۆتكەن كۈنلىرىم ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى،— دەپ مارىيە دەرھال كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئۆزىنى زورىغا تۇتتى، لېكىن مەيۈسلەندى.

— مەن كەتكەندىن كېيىن سەن قايغۇرۇپ، ئۆزەڭگە ئاغرىق تېپىۋالما،— پات-پات كېلىپ تۇرىمەن،— دېدى ئايالىنى بەزلىگەن شېرىپ. ئەمما ئۆزىنى ئاچا يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ئادەمدەك ھېس قىلغان شېرىپمۇ بۇ قېتىم قەلبىدىكى سۆزىنى ئېيتالمىدى.

— مېڭىۋەر، يولۇڭ بولسۇن،— دېدى مارىيە يولدىشىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ.

شېرىپمۇ بىرى قولىدىن يېتىلەپ كېتىپ بارغاندەك ماڭايمۇ-ماڭمايمۇ دەپ ھويلىدىن ئارانلا چىقتى. ئاتا-بىلەن بالا بىللە قايتقاندىمۇ بىر بىرى بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىشىپ كېتەلمىدى. يۇرتىدىن خەت ئالغاندا ئوغلى ھەققىدە ئويلاپ، ئۇنى بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغان شېرىپ، ئەمدى شەمشىدىنگە كۆپىنچە يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى. نېمىشقىدۇر، ئۇ ئوغلىنىڭ مۇشۇ تۇرقىدىن كۆرە

كەتكىنلى كەلدىم دېگىنىگىمۇ خىجالەت بولاتتى. پەقەت شەمشىدىن دادىسى بىلەن ئېچىلىپ مۇڭداشمىغىنىغىلا قىسىلاتتى.

مارىيەمۇ شەمشىدىنگە داداڭنى ئېلىپ كېتىمەن دېسەڭ ئۆز مەيلىڭ، دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كەتسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنى ئەۋەتىشكە كۆڭلى قىيمايتتى. مارىيە بۇ سۆزنى ئېيتقاندا ئۆزىنى بىرى يۈرىكىگە يىڭنە سانچىۋاتقاندەك سەزدى. شۇنچە يىل ئۆي-ئوتاق بولغان يولدىشىنى قانداقمۇ قىيسۇن! ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دېگىنىنى پەقەت كېيىن ئۇققاندەك، خېلى ۋاقىتقىچە سۆز قىلالماي، چىشىنى-چىشىغا بېسىپ تۇرۇپ قالدى.

شېرىپ ئۇرۇش تامام بولغان يىلى قايتسا، مارىيە بۈگۈنكىدەك ھەسرەت چەكمەس ئىدى بەلكى. ئەمما چارەك ئەسىر بىر ئائىلىدە تۇرغان يولدىشىغا مۇشۇ سۆزنى ئېيتقىنىغا ئەمدى ئۆزى پۇشايمان قىلىپ، ئۇ كۈنى كېچە-چە ئۇخلىيالمىدى. ئۇلار بۇرۇن ياتسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسى بۇ گەپنى تېپىشكە بىر بىرىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك، ئۇلۇق كىچىك تىنىپ، ئىچىدە بۇرۇختۇم بولاتتى.

شەمشىدىن چېرىموخا يېزىسىدا يۈرگەندە، مارىيە بىلەن شېرىپ بىر قارىغان ئادەمگە بۆلەكچە كۆڭۈللۈك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بېشىغا بۆلەكچە بىر غەم-قايغۇ چۈشكەن ئىدى.

شەمشىدىن دادىسىنى ئېلىپ ماڭغاندىلا، ئۇلارنى كوچىغا ئۇزىتىپ چىققان مارىيە شۇنچە كۈندىن بىرى ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ چىدىغان بولسىمۇ ئەمدى تاقىتى

ئېلىپ كەلگەن كۈن چۈشتى.

ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋانقاندا زۆھرە مەققەدە بالىسىدىن سوراي دەپ تەمشەلدى، لېكىن ئېھتىيات قىلىپ، قىلاي بارسۇنمۇ؟!

ماشىنا توپ - توغرا زۆھرەنىڭ ھويلىسىغا توختى- شى بىلەن شېرىپ ۋاڭ - چۇڭدا ھېچكىمنى تونۇمىدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆلگۈرمەستىنلا بەزىلىرى بوينىدىن قۇچاقلاپ، بەزىلىرى قولىدىن تۇتىۋاقتا. لېكىن ئۇ ئۆزىنى قورشىغانلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پەرۋا قىلماي، كۆپچىلىك- نىڭ ئارىسىدىن زۆھرەنى ئىزلىمەكتە. شېرىپ پەقەت غورو ئاتلاپ ھويلىغا كىرگەندە، ئادەملەر:

— زۆھرە خەندە، خۇش خەۋەر، شېرىپكام كەلدى، — دەپ چۇ- قۇرۇشۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان موماينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشكەن- دىلا شېرىپ زۆھرە ئاشۇ بولىغىيدى» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئەمەشقىدۇ، ئۇ بوسۇغىدا ئۆرە تۇرغان مومايىنى زۆھرەگە ئوخشاتقۇسى كەلمىگەندەك، ئۇنى بىر چەتتە توپلىشىپ تۇرغان ياش ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن ئىزلىمەكتە.

شېرىپ يېقىنلىشىشى بىلەن بوسۇغىدىكى يۈزلىرىنى قو- رۇق بېسىپ، مۈكچەيگەن موماي بېشىغا تاڭغان ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە تۇتۇپ يىغلىۋەتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا شېرىپ ھەقى- قەتەن زۆھرە مۇشۇ ئىكەنلىكىگە چۈشىنىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ بېشىنى سىلىدى.

— ئەمشىقا يىغلايسەن؟ مەن تىرىكقۇ. ئۆزەڭنى باس، — باشقا دەيدىغان سۆز يوقتەك ئۇ بىر ئېيتقىنىنى قايتىلىماقتا.

— قېنى، ئۆيگە يۈرۈڭلار، — دىگەن شەمشىدىنىڭ

ئىككى ياشلىق چاغلىرىنى كۆپرەك ئەسكە ئالماقتا. ئوغلىنى كىچىكىدىن ئۆز قولىدا بېقىپ ئۆستۈرمىگەن ئۈچۈنمۇ، ئەمدى چوڭ بولۇپ قالغاندا ئۇچراتقاندا، ئانچىلا ئىچەكە-شىپ كېتەلمىدى. «ئەسلىدە، بالا دېگەن كىچىك چاغدىلا تاتلىق ئوخشايدۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى ھاياتقا كەلگەندە ئاتىلىرىنى ئۇنتۇپ قالامدۇ نېمە؟! بالىلار بىلەن بىر قازاندا تاماق ئىچىپ، بىر ئۆيدە ئۆسسىمۇ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. قىزلىرىم خەۋەر قىلمىسىمۇ بولغان. يېپىق قازان يېپىق بويىچە قېلىۋەرسە ياخشىدى، بەلكى» دېگەن ئويغىمۇ كېلەتتى ئۇ.

شېرىپ بىلەن شەمشىدىنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى بىر-بىرىسىگە ئېچىپ ئېيتالماي قىينىلاتتى. شۇڭلاشقا شېرىپ ئۇزاق يولنى كۆپىنچە تىك-تاك قىلىپ بىر خىل ماڭغان ۋاگون دېرىزىسىدىن دالىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كەينى-كەينىدىن تاماكا چېكىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

× × ×

شېرىپ يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، بولۇق-بولۇق شوراپ چەكمەكتە. كۆز ئالدىغا بايا ئۆيدىن چىققاندا ئېتىكى تولىمۇ كەڭ تىكىلگەن كۆينەك كىيىپ، قوچىقىغا نەۋرىسىنى ئېلىپ، سۇپىدا ئولتۇرغان زۆھرە كەلدى.

— نېمانچە قېرىپ كەتكەندۇ؟ ھەقىقەتەن، بىز ياشايدىغىنىمىزنى ياشاپ، كۆرىدىغىنىمىزنى كۆرۈپ بولساق كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ.

زۆھرە ھەققىدە ئويلىغاندا، ئېسىگە ئوغلى يۇرتىغا

— بىر كۈنى بىزنىڭ باللارنىڭ دادىسىمۇ سىزگە ئوخشاش گەپ - سۆز يوقلا كىرىپ كېلەمدىكىن تاڭ... زۆھرەخاننىڭ نەچچە يىلدىن بېرى تۆككەن كۆز يېشى بىكار كەتمىدى، — دەپ قوياتتى بەزى ئايالار.

ئۇلار بۇ كۈنى تولىمۇ كەچ ياتتى. كېلىنى شېرىپ بىلەن زۆھرەگە سارايغا ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرى دالانغا چىقىپ كەتتى.

— يۈر، بىز بىلەن ئۇخلا، — دەپ كېلىنى بۇ كۈنى دائىم مومىسىنى قۇچاقلاپ ياتىدىغان ئۈچ ياشلىق قىزىنى باشلاپ چىققان ئىدى. ئەمما مومىسىنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۆگىنىپ قالغان قىز ئايرىلسۇنمۇ؟!

— مەن موما بىلەن ياتىمەن، — دەپ يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى.

— ھەي، باللىنى قىيناپ نېمە قىلىسىز. ئۇنىڭدىن كۆرە يېتىۋەرسۇن، — زۆھرەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نەۋرىسى سارايغا قايتىپ كىردى.

بۇ كۈنى كېچىسى زۆھرە ئۈچ ياشلىق نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ ياتتى، يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن شېرىپ بىلەن زۆھرە بىر ئۆيدە يالغۇز قالغاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ بىر بىرىگە ئېيتىدىغان سۆزلىرى كۆڭلىدە سايراپ تۇرغىنى بىلەن، شۇنچە يىل كۆرۈشمەي، يات ئادەملەردەك بولۇپ كەتكەن ئىككىسى ئۇ سۆزلەرنى ئېھتىيات قىلىپ سىرتقا چىقىرىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى، ئۇلار قانداقتۇ بىر نەرسىدىن قىسىلغاندەك بولىدۇ.

— ئىچىڭگە قۇرۇت كىرىۋالمىغاندىن كېيىن تېپىرلىماي تېچ ياتساڭچۇ، — دەپ زۆھرە ئۈچ ياشلىق نەۋرىسىنى نوقۇش-

تەكلىۋى ئاڭلانغاندىلا ھەممەيلەن ئىچكىرىگە كىرىشتى.

شېرىپ تۆرگە ئۆتتى. زۆھرە بولسا نەۋرىسىنى قۇچىغا ئېلىپ بوسۇغىغا يېقىن ئولتۇردى. ئۇ تېخىچىلا ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى كۆزدىن ئالماي يىغلىماقتا. ئەمما شېرىپ زۆھرەنىڭ ئۇرۇش تۈگەپ، ئارىدا ئوتتۇز يىلدەك ۋاقىت ئۆتسىمۇ، يولدىشىم تېچ-ئامان كەلدى، دەپ خۇشاللىقتىن يىغلاۋاتقىنىنى ياكى شۇنچە يىلدىن ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تەشنا بولۇپ كۈتكەندە كەلمەي، ئەمدى يۈرەك ئوتى ئۆچۈپ قېرىلىق يەتكەندە، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سازايى قىلىپ نومۇسۇمنى تۆكۈۋاتىدۇ، دەپ خاپىلىقتىن يىغلاۋاتقىنىنى بىلەلمەي ئىككى ئويدا خىجالەت ئىدى.

— قويۇڭ زۆھرەخان، كۆپ يىغلىغان يامان، — دەپ قېرىلار تۆشمۇ-تۆشتىن بەزلىمەكتە. تۆردە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان شېرىپ گەپكە كۆپ ئارىلاشمايتتى. يۇرت قېرىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇرۇش تامام بولغاندىن بېرى نەدە يۈرۈپ، نېمە قىلغىنىنى ھەققىدە تېگى-تەكتىنى چۇقۇشتۇرۇپ سوراپ كەتمىدى، شېرىپ ئۆيدە يىغىلغانلارغا يەر ئاستىدىن، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى، كىگىزدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ناتونۇش ئادەملەر، كونا تونۇشلاردىن ئاساسەن ئاياللار قاپتۇ.

— ئۇرۇش يىللىرى زۆھرەخان بىلەن تارتىشقان جاپالىرىمىز قالمىدىغۇ، ئىتتىز-ئىترىقتا قونۇپ، ئەتىياز كۈنلىرى يالاڭغىداق سۇ تۇتۇپ، سالامەتلىكتىنمۇ ئايرىلدۇق، — دەپ ئاياللار، خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ھېچبىر ئايرىمىسى يوق دەردى-مۇڭىنى قايتىلايتتى.

پەرۋا قىلمايدىغان شېرىپ، ئەمدى بىر ئېغىز ئۇشۇق سۆز ئاڭلىسا، كۆڭلىگە بەك ئېغىر تېگەتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئوغلىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىمدىۋالغاندەك بولدى، «مەنمۇ ياش چېغىمدا زۆھرەگە شۇنداق سۆزلەپ-تىممىكىن» دەپ ئويلىدى ئاتا، ئۇ بالىسىنىڭ ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتكىنىگە ئىچىدىن خۇشال بولۇپ يۈرگەندە، بۇ سۆز يۈرىكىگە ئالايىتەنلا قاتتىق تەسىر قىلدى، «بەلكى شەھەردىن دادام بىزنى ياش چاغدا ئېسىگە ئالماي، ئەمدى قېرىپ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە تاپتى» دەمدىكىن دېگەن ئويغا كېلىپ خۇدۇكسىنىدۇ ئاتا، بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ئۆينىڭ خوجايىنى بولۇپ ھەممىنى باشقۇرۇپ يۈرگىنىگە زوقى كېلىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتقان ئوغلىدىن مىننەتدار بولىدۇ. ئەمما ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىنى باشقۇرۇپ سۆزلىگەندە، قىسىلىپ، ئۆزىنى خىجالەتچىلىكتە قالغاندەك ھېس قىلاتتى، «بۇ ئۆيدە مەن بولمىغاندىن كېيىن شۇنداق ئۆگىنىپ قالغاندۇ» دەپمۇ ئويلىدى ئىچىدە. كېچە زۆھرە بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭ سالمىغانلىقتىن كۆڭلى يېرىم شېرىپقا بۇنىڭ ھەممىسى بۆلەكچە تەسىر قىلغان.

× × ×

ئادەم قېرىغانسېرى ئىسسىقى ئازىيىپ كېتەمدۇ نېمە؟! ئۇ پەلتۇسىنى قانچە چىڭ ئوراپ كىيسىمۇ مۇزلىغان تېنىنى ئىسسىق باسمايدۇ، چۈشتىن كېيىن تاغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان كۈزنىڭ سوغاق شامىلى تېخىمۇ كۈچەيگەچكە، شېرىپ

تۇرۇپ قىيىدۇ. ئىسسىقىدۇ، شۇنچە يىلدىن بېرى كۆرمىگەن يولدىشى بىلەن بىر تەكىيدە باش قويۇپ يېتىشقا پەقەت مۇشۇ نەۋرىسى كاشىلا بولغاندەك سېزىلەتتى ئۇنىڭغا. ئەمما، ياش يېتىشىپ كۆپ يىل كۆرۈشمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىمۇ، شېرىپقا توغرىدىن - توغرا مۇراجەت قىلىپ، سۆز ئېيتىشقا ئۇيىلىدۇ، كۆڭلىگە پۈككەن كۆپ نەرسىنى پەقەت نەۋرىسى ئارقىلىق يولدىشىغا دارىتىپ دېمەكتە، قانچە قىلغان بىلەنمۇ قېرىغاندا كۆڭۈلنى ياش چاغلاردىكىدەك قويۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

— ئەتىگەندىن دېمىم سىقىپ تاۋۇم يوق، ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى سۆڭەك سۆڭىكىم سىقىراپ ئاغرىپ، تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالماي چىقىدىغان بولدۇم.

— تولىمۇ قېرىپ كېتىپسەنغۇ، زۆھرە، — دېدى بىر چاغدا خېلىغا سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ شېرىپ.

— ھېلىمۇ قېرىمايدىكەنمەن، ئۇرۇش يىللىرى بىز تارتقان جاپالارنى سىلەر تارتقان بولساڭلار، قېرىماق تۇگۇل، قارا يەردە ئۇستىخىنىڭلارمۇ قالماس ئىدى...

شېرىپ يۆتىلىپ كەتتى، زۆھرە يەنە نەۋرىسىنى، ئىچ ياتمايسەن، دەپ كايىماقتا.

ئۇلار قانچە كەچ ياتسىمۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ كېتىشتى. ھەممىدىن ئىلگىرى زۆھرە تۇردى، ئاندىن كېيىن ھويلىدا شەمشىدىننىڭ بۇ ئۆينىڭ ھەققى خوجايىنىدەك بۇيرۇق بېرىپ: «ئىسسىقتا كالىنى ساغمايسىلەر، چاينى چاپسان تەييارلاڭلار» دىگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى. شېرىپ شەمشىدىننىڭ ئۇنىڭغا قولاق سېلىپ، خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىدىن تۇرماي ياتتى، ئىلگىرى ھېچنەرسىگە

نىگمۇ ئىسمى يېزىلىپتۇ.

«يۇرتداشلار مېنى ئالمىغان ئۆلگەنلەر ئارىسىغا قوشۇۋەتسە كېرەك، ۋەقەلەر ئەمەس، ھەتتا ئادەملەر ئۇنتۇلۇپ كەتكۈدەك يىللار ئۆتۈپتۇ، ئەسلىدە، يۇرتتىكىلەر-نىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىسەم بولغان، كۆز كۆرمىسە كۆڭۈلمۇ بۇزۇلماس ئىدى» دەپ ئويلىدى شېرىپ. بۇ يېزىدا ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنىڭ سېغىنىپ ئەسكە ئالىدىغان بىر پەيتلىرىدەك سېزىلدۇ، خالاس.

شېرىپ ئۆزىنى يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆلگەنلەرگە قوشۇۋەتكىنى ئورۇنلۇق بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى، پەقەت ئەمدى ئۇرۇش يىللىرى تارتقان جاپالارنى ئۇنتۇپ، شۇنچە يىل يولدىشىنى بىر كۆرۈشكە زار بولغان كۆڭۈل ئوتى يېڭىدىن بېسىلىپ، بارلىق مېھرىنى قوچىقىدىكى نەۋرىسىگە بېغىشلىغان ئايالى زۆھرەگە قايغۇ-دەرت ئېلىپ كەلگىنىگە ئېچىناتتى. ئۇ ئوغلى شەمشىدىننىمۇ ئەسلىدى، نېمىشقىدۇ بالىسىنىڭ ئاتىغا مېھرى-مۇھەببىتىمۇ باشقىچە، ئۇ بالىسىنى ئۆز قولىدا چوڭ قىلىپ، ئەل قاتارىغا قوشمىغىنىغا قىسىلاتتى. بىراق ئامال قانچە، ئۆتۈپ كەتكەن ئىش بېشىڭنى تاشقا ئۇرۇپ، مىڭ بىر پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدىكەن.

مۇشۇ قېتىم شېرىپ ئۇرۇش تامام بولغان يىلى يۇرتقا قايتمىغىنى ھەققىدە ئويلانغاندا يەنە چېرىمۇخا يېزىسى ئېسىگە چۈشتى... ئۆزىمۇ شۇ يېزىدىكى قىزلارنى بەك سېغىنىپ قالسا كېرەك، ئۇلارنى سېغىنىپ ئەسكە ئالاتتى. ئاتا قىزلىرىنى تۇغۇلغاندىن بېرى باغرىغا بېسىپ چوڭ قىلغىنى ئۈچۈنمۇ، ئۇلارغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى باشقىچە. شۇڭا ئۇنىڭ بېشىغا مۇشۇ پەيتتە چاپسانراق

سېپىدىنىڭ قېشىدىن يېزا تەرەپكە قايتتى.

شېرىپ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىنىڭ كوچىسىنى بويلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يۇرتداشلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ قېشىغا كىرىپ بىرئاز مۇڭدىشىپ ئولتۇرماقچى بولدى. ئەمما تار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار سېلىنغان ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرگەندە ھويلىسىغا كىرگۈدەك بىرەر ئۆي چىقمىدى، يېزىدىكى ئۆزى دېمەتلىك ئەرلەرنىڭ كۆپى جەڭدىن قايتماپتۇ. بەزىلەر خوشنا يېزىلار بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەن ئىكەن. قالغانلار باشقا ياقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئادەملەر، شېرىپ فرونتقا كەتكەندىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ياشلار ئۇنىڭ قەلبىنى نەدىن چۈشەنسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۆرگەن ئادەمگە ئىچ سىرنى ئېيتىپ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ مۇڭدىشىش قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

ئۇ كەڭ كوچىدا كېلىۋېتىپ، يېزا كۇلۇبىنىڭ ئالدىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان يۇرتداش جەڭچىلەرگە ئورنىتىلغان يادىكارلىققا كۆزى چۈشتى. يېزىغا كەلگەن بىر ئايدىن بېرى يادىكارلىق قېشىدىن كۆپ ئۆتكەن ئىدى، ئەمما ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەپتىكەن، بۈگۈن يادىكارلىق ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بۆلەكچە سەپ- سېلىپ بارماقتا، تاشتىكى قەلەيگە ئويۇپ يېزىلغان جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ، ئۇلارنى ئەسلەشكە باشلىدى، شېرىپ قاتار يېزىلغان ئىسىملارنى ئوقۇۋېتىپ توختاپ قالدى...

ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقاندەك يېزىقتا تېخىمۇ چەكچىيىپ قارىماقتا... ياق، ئۇ خاتالاشمىغان ئىكەن، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنىڭ قاتارىدا شېرىپ-

# دەسلەپكى تونۇشۇش

باياتىن بېرى ئاراھخۇدا ئۇخلىشىپ كېلىۋاتقان يولۇچىلار ئالتۇن ئەمەن تېغىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان، بۇرۇلۇشلىرى كۆپ يولغا يېقىنلاشقاندا سەگىپ، ھۇشيار بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار دەل - دەرىخى يوق، غارتاشلىق، يالىڭاچ تاغنىڭ قار توختىمايدىغان ئېگىز چوققىلىرىغا زېھىن قويۇپ قاراشماقتا.

— تاغ باغرىنى ئويۇپ، يوللارنى ياخشى ياساپتۇ. بولمىسا ئىلگىرى ئالتۇن ئەمەندىن ئۆتۈش قىيامەت - قايىم ئىدى، — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق قاتاڭغۇر ئادەم.

ئىسمىنى «قەھرىمان» دەپ تونۇشتۇرغان بۇ يولۇچى چېچىنى ياشلارنىڭ چېچىغا ئوخشاش كالتە قىلىپ ياساتقانلىقتىن، چىرايى خېلى ياشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ داۋاندىكى ھەر بىر تاش، ھەر بىر چوققىغا سەپسېلىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا ئەتراپنى بەك سېغىنسا كېرەك.

— يۇرتتىن يىراق يۈرۈپ، جاھاننى كۆپ كەزسەك، ئانا يېرىڭنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بۆلەكچە سېزىدىكەنسەن. ئىلگىرى، بالىلىقتا بىر تال ئوششۇق ئۈچۈن كارەك سىتىمشىپ كەتكەن ئاغىنىلەر بىلەن ھازىر بىر قوساقتىن چىققان قېرىنداشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمىز. خەلقنىڭ «يېقىنىڭدا! يۈرگەندە چىشلىشىدۇ، يىراقتا يۈرگەندە كىشىنىشىدۇ» دېگىنى

قايتىپ، قىزلىرىنى كۆرۈش ئويى كەلدى ...

ئۇ كۆپ-كۆك ئاسمانغا كۆز يۈگۈرتۈپ، غەرپتىن ئۆزى بۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى كەلگەن چېرىموخا يېزىسىنى ئىزلىگەندەك قارىماقتا. ئاسمان ئىلگىرىكىدەكلا بىرخىل، ئەتىگەن تاغ ياقىلاپ شىمالغا ماڭغان ئاق بۇلۇتلار ئەمدى جەنۇپقا ئۆزۈپ كېتىپ بارماقتا. شېرىپ كۆك ئاسمانغا قارىغاندا، نېمىشقىدۇ، ئۆزىنى بايىقى بىر توپ قاقىرلارغا ئىلىشالماي كېتىپ بارغان يالغۇز قاقىرغا ئوخشاش ھېس قىلاتتى.

كېلىۋاتقان يولۇچىلار بولاققا يېتىشنى تاقەتسىز كۈتسە كېرەك، ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈشى بىلەنلا يولنىڭ چېتىدە، خۇددى ئادەم كۆزىگە ئوخشاش، مۆلدۈرلەپ يەر تېگىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۇغا ئۆزلىرىنى ئاتتى.

قەھرىمان بولسا ئەتراپتىن كۆز ئالماي، خۇددى ھەممە نەرسە ئورنىدىمۇ، يوقمۇ دېگەندەك، تاغ-تاشقا سەپسېلىپ قارىماقتا.

— ئاۋۇ تاشتىن قورشالغان قورۇقتىن چىقىۋاتقان ئىسنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

— ھە، كۆردۈم.

— ئۇ يەردە ھاك كۆيدۈرىدۇ. سەن بىزنىڭ تاغلارنى ئاددى چاغلىما. كۆردۈڭمۇ، ھەتتا ھاكمۇ ئۆزىمىزدىن چىقىدۇ. بۇنىڭدىن چارەك ئەسىر ئىلگىرى مۇشۇ يەردە بىر ۋەقە يۈز بەرگەن. ئۇ مېنىڭ ھاياتتا دۈشمىنىم بىلەن بىرىنچى قېتىم توقۇنۇشۇپ، ئېغىزلانغان كۈنۈم ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ ئارىدا كۆپ ۋاقىت ئۆتكىنىگە قارىماستىن، ئۇ كۈن تېخىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

...سەپەرداشىم ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى بولۇپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئويىنى بۆلمەي دەپ، يولۇچىلار ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرغاندا، خۇددى كىنو ئېكرانىغا ئوخشاش ئاپتوۋۇز دېرىزىسىدىن غۇيۇلداپ كەينىمدە قېلىۋاتقان ئېدىر-قىرلارغا قاراپ ئويغا چۆمدۈم. قەھرىمان ئېگىز داۋان كەينىمدە قېلىپ، ئاپتوۋۇز تاسمىغا ئوخشاش سوزۇلغان تۈپ-تۈز يولغا چۈشكەندىلا، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ماڭا قارىدى.

— بابا ئاۋۇ بولاقنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى ھاك

راست ئىكەن ئەمەسمۇ.

خۇش كۆڭۈل، ياخشى مۇئامىلىلىك، دىلكەش ئادەم نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋەقەلەرنى ئېسىگە ئالغاندا ئۆز هاياجىنىنى يوشۇرالمايتتى.

— بالىلىق چاغلىرىم مۇشۇ ۋادىدا ئۆتكەچكىمۇ بۇ يەردىكى هەربىر ساي، هەر بىر دۆڭ ئېدىر مەن ئۈچۈن بىر هېكايە، بۇ يوللاردا كۆپ ماڭدۇق، ئاداش. ئۇ زامانلاردا قىش كۈنلىرى داۋاندىن چىقالماي بۇزۇلغان ماشىنىلار هەپتىلەپ تاغ ئىچىدە يېتىپ قالاتتى. هە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا، مۇشۇ يوللار بىلەن بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز هارۋىدا ماڭغان ئىكەن. هازىر شۇنداق ئىتتىك ئاپتوۋۇزلاردا مېڭىپ زېرىكىپ كېتىدىغان يوللارنى ئۇلار هارۋىدا قانداقمۇ مېڭىپ تۈگەتكەندۇ؟! «يول ئازاۋى، گۆر ئازاۋى» دېگەن سۆزلەر شۇ چاغلاردا چىققان دېگىنە.

سەپەرداشىمنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ تاغنىڭ بۇرۇلۇشلىرى كۆپ تىك يولىدىن قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىمىزنى سەزمەي قاپتىمەن.

ئىتتىك كېلىۋاتقان ئاپتوۋۇز بارغانسېرى ئاستىلاپ كېلىپ توختىغاندا، يولۇچىلار: «بۇلاققا يېتىپ كەلدۇق، مۇزدەك سۇدىن ئىچىۋالمساق، كېكىرتەكلەر قۇرۇپ كەتتى» دېيىشىپ ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈشكە باشلىغاندىلا قەهرىماننىڭ هېكايىسى ئۈزۈلدى.

— مۇشۇ يەردە بىر توختاپ، بۇلاق سۈيىدىن ئىككى ئوچۇم ئىچىدىغان بولسام، كۆكسى - قارنىم يورۇپ كۆزۈم ئېچىلىپ، هاردۇغۇم چىققاندەك بولىدۇ.

يازنىڭ تونۇر تەپتىدەك ئىسسىغىدا ئېزىلىپ، چاڭقاپ

ئەلىك - ئاتمىش ۋاگوننى پۈشۈلداپ سۆرەپ يۈرگەن پاراۋوزلارنى كۆرگەندىن ئۇشۇق بەخت بولسۇنمۇ؟! ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىش بىزگە مىكلوخا - ماكلاينىڭ جاھاننى كېزىپ چىققان ساياھىتىدىنمۇ قىزىق بىلىنەتتى. شۇڭلاشقا: «ساروزەككە مەن بارىمەن، مەن بارىمەن» دېيىشىپ، برىگادىرنىڭ قولاق - مېڭىسىنى يەپ كېتەتتۇق.

ساروزەككە ئاپىرىپ ئۆتكۈزىدىغان بۇغداينىڭ قەغىزى ۋە ئۈچ كۈنلۈك يول خىراجىتى بىلەن ياغلىققا چىگىلگەن كولخوزنىڭ بەش توقىچىنى قوچاقلاپ كابىنكىغا ئولتۇرغاندا ئۆزىمىزنى يېشىمىزغا ياش قوشۇلۇپ، چوڭ بولۇپ كەتكەندەك سېزەتتۇق. ئىشەنچ دىگەن ئادەمگە كۆپ ۋەزىپە يۈكلەيدىكەن. ئاشۇ تۆت - بەش تونىنا بۇغداي ماڭا كولخوزنىڭ پۈتكۈل دۇنياسىدەكلا سېزىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ماشىنا توختىغان يەردىلا كابىنكىدىن چۈشۈپ، بۇغدايغا يېپىپ قويغان بىرزىنتنى تۈزلەپ، بىردەم تۆشۈكتىن دان تۆكۈلۈۋاتامدىغاندۇ دەپ كوزوپنى بىر ئايلىنىپ چىقىمەن.

ئۇ قېتىم بىز پېشىن مەزگىلىدە خاماندىن چىقتۇق. رولدا ئولتۇرغان شوپۇر بەك سەمرىگەنلىكتىن چوقۇر يۈزى بىلەن كۆزلىرى پۈتۈپ كەتكەن كېلەڭسىز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ياغاق بېشىنى كابىنكا تۆمۈرى مىجىۋەتكەندەك ماڭلىيى تار، يۈز - كۆزى ھەددىدىن تاشقىرى ياپىلاق ئىدى. كونىراپ كەتكەن ماشىنا ماڭا، پەقەت مۇشۇ شوپۇرغىلا لايىقتەك سېزىلەتتى. شوپۇر كەينى - كەينىدىن ئىككى تال تاماكا چېكىۋىدى، مەن ئىسقا بۇرۇقتۇم بولۇپ قالدىم. چوڭقۇر كابىنكىدا چۆكۈپ ئولتۇرغان مېنىڭ بارلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۇ گەپ - سۆز قىلماي كېلىۋاتاتتى.

پىشۇرىدىغان يەرنى كۆرگەندە بالىلىق چاغلىرىدىكى بىر
ۋەقە ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى — دەپ سەپەردىشىم ئۆزىنى
رۇسلىدى - دە، خېلىدىن بېرى شۈك ئولتۇرۇپ ئەسلىگەن
ۋەقەنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى.

× × ×

— ئۇ چاغدا ئالتىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بولغىنىمىغا
قارىماي، كولخوزدا ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا چوڭ ئىشلارنى
قىلاتتۇق. ھازىر شۇ ياشتىكى بالىلارغا قاراپ، ئۆزى-
مىزنىڭ ھاياتى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى سېلىش-
تۇرسام، ئەقلىم ھەيران بولىدۇ. بىر تۇرۇپ، «باشقا
كەلگەندە باتۇر» دېگەندەك، بەلكى بۇلارنىڭ بېشىغىمۇ شۇ كۈن
چۈشسە بەرداشلىق بېرەر، دەپ ئۆزەمنى ئۆزەم جىملايمەن.

ياز ئىلىق تەتىلگە چىققىنىمىز بىلەنلا سىنىپ بويىچە
كولخوز ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدۇق. كولخوزىمىزدا
ماشىنا ئاز بولغىنى ئۈچۈنمۇ، ئوما ئىشلىرى باشلانغاندا شەھەر-
دىن چىققان شوپۇرلار، خامىنىمىزدىن باسقان بۇغدايىنى ئۈچيۈز
كىلومېتىردەك يىراقتىكى پويىز ماڭىدىغان ساروزەك ئىستان-
سىسىغا توشۇيتتى. بۇغدايىنى شوپۇر بىلەن بىللە كولخوز-
مىزنىڭ بىر ۋەكىلى ئېلىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. توخسان
تۆرلۈك ئىش قاتار كەلگەن ياز كۈنلىرى ئادەم يېتىشتۈرەلمەي،
قولىنى كەسكەندەك قىلىپ يۈرگەن بىرىگادىرلار ئاشلىق
باسقان ماشىنىلارغا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ
قوياتتى. ھە، بىزگە ئوخشاش يالاڭخىداق بالىلارغا دۇنيادا
ماشىنا كابىنكىسىغا ئولتۇرۇپ، تۆمۈريول ئىستانسىسىغا بېرىپ،

ياغاق باش شوپۇر ماڭا مەڭسىتمىگەندەك قاراپ قوياتتى. مەن ماشىنىنىڭ چاپسانراق يولغا چىقىپ كېتىشىنى تىلەيتتىم. ئەمما ئۇلار ھەر يەردە بىر توختاپ، ھاراق ئىچىپ، يېرىم كېچىگە يېقىنلا يولغا چىقتى. گەپ-سۆزىگە قارىغاندا غاز ئۇنلۇك ئادەم ئالتۇن ئەمەن تېغىدا ھالاك كۆيدۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھەي بالا، ئېتىڭ چالا، ئەمدى سەن بۇغدايىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، بىرزىنىنى يېپىپ مەھكەم ئولتۇر. يەنە يولدا چۈشۈپ قېلىپ، سېنىڭ دەردىڭنى تارتىپ يۈرمەيلى، — دېدى ئۇ بىز چوڭ يولغا چىققاندا. — مەن ساڭا كابىنكىنى ئالتۇن ئەمەنگە بارغاندا بوشىتىپ بېرىمەن.

ئۇزاق يولغا ماشىنا ئۈستىدە مېڭىپ كۆرمىگەچكىمۇ دەسلەپ يۈرىكىم ئاغزىغا تىقىلىپ، تەشۋىشتە قالغان ئىدىم، لېكىن ئېغىر يۈك باسقان ماشىنا شەھەردىن چىقىپ، ئۈسەك دەرياسىدىن ئۆتكەندە سىلىق مېڭىۋىدى، كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. كېچىسى ئىتتىك كېلىۋاتقان ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى تاماشا قىلغان ئاجايىپ ياخشى ئىكەن. شەھەرنىڭ پىلدىرلاپ يانغان چىراقلىرى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قاتار ئۆسكەن قارىياغاچلار مەن بىلەن بىر ئاز يەرگىچە چېپىشتى-دە، ئاندىن كەينىدە قالدى. تەڭرى تاغلىرى ۋە جۇڭغار تاغلىرى بىلەن تۇتاشقان كۆك ئاسماندا پىلدىرلاپ يانغان يۇلتۇزلارغا زوقلىنىپ قارايتتىم. بىر يۇلتۇزنى قوغلاپ ئۆتۈپ، يەنە بىر يۇلتۇزغا يەتكىچە ماشىنا خېلى ئۇزاپ كېتەتتى. مەن مۇشۇ قېتىم ئوچۇق ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم پۇخانىم قانغىچە قارىدىم. باشتا ئۇلارنى ساناپ كۆرۈۋېدىم،

ماشىنا سۇ ئويۇپ كەتكەن ئىچقىقا يېقىنلىشىشىغا شوپۇر تويۇقسىز تورمۇز بېرىۋىدى، مەن تۇرقىچىمنى قۇچاقلىغان پېتىمچە كابىنكىنىڭ ئالدىدىكى تۇتقۇچ تۆمۈرگە «گۈس» قىلىپ ئۇسۇۋالدىم. ياغاق باش شوپۇر پەقەت شۇ چاغدىلا كابىنكىدا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەس ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك، غودۇڭشۇپ قويدى.

— توپتەك ھەريان قاڭقىغىچە، بىر يەرنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرمامسەن.

مەن ھەچنەرسە سەزمىگەن ئادەمگە ئوخشاش جايىمدا ئولتۇردۇم. شوپۇرمۇ باشقا سۆز قىلمىدى.

سەپەردىشىڭ گەپ-سۆزمۇ قىلمىسا، ئۇزۇن يولنى تۈگەتمەك تەس ئىكەن.

× × ×

ياغاچ باش شوپۇر شەھەرگە كەلگەندە كابىنكىغا پا-كار بويلۇق بىر ئادەمنى ئولتۇرغۇزدى-دە، مېنى كوزۇپقا چىقىرىۋەتتى.

— مۇنۇ ئەگەشتۇرۇپ يۈرگەن كىمىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇنى غازىنىڭ ئۇنىگە ئوخشاش بەكمۇ سەت چىقىدىغان، بويى مېنىڭدىن سەللا ئېگىز ئادەم.

— كولخوزدىن مېنى بۇغدايىنى ئوغرىلاپ كەتمىسۇن، دەپ قوشۇپ قويغان، ھساپتا بار، ھەمدەم يوق بىر شۇمتەك. قۇرۇق يۈك بولۇپ بېرىپ كەلگىنى بولمىسا، بۇلار نىمە ئىش پۈتتۈرىدىكىنتاك. باللار ماشىنىغا چۈشۈپ ئوينىغانغا خوش.

دېسە كېرەك، ئالدىراش مەشكاپلارغا بۇغداي قاچىلاشقا باشلىدى. «بۇ نېمە ئەھۋالدۇ» دەيمەن. دەرھال سارۇزەككە بۇغداي تۇشۇغان باللارنىڭ: «پەخەس بولمىساڭ، بەزى شوپۇرلار بۇغداي ئوغرىلايدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىمگە چۈشتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ ۋاقىرىۋەتكىنىمنى ئۆزەممۇ سەزمەي قاپتىمەن. خېلى ئۈنلۈك ۋاقىرىغاندەك قىلىۋىدىم. لېكىن تۆت-بەش سائەتتىن بېرى ئاغزىمنى ئاچماي جىم ئولتۇرغاچقىمۇ ئۈنۈم بەك ئاستا چىقتى.

— سەن ئويغاق ئىكەنسەنغۇ، كاكىشىماي، قېنى، مەشكاپنىڭ ئاغزىنى ئاچ!

شوپۇر مېنى قورققانلىقتىن ۋاقىرىۋەتتى دېسە كېرەك، ھېچنەرسە بىلمىگەن ئادەمدەك، مەشكاپقا بۇغداي قاچىلىماقتا. مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم. بۇغداي ئۈچىنگە تىقىپ ئولتۇرغاندا ئىسسىغان پاقالچىقىمغا تاغنىڭ سالقىن ھاۋاسى تېگىۋىدى، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئۆزەمنى بەزگەك ئادەمگە ئوخشاش تىترەك بېسىشقا باشلىدى. كۆز ئالدىمغا خاماندا مېنى چوڭ بولۇپ، ئىشقا ياراپ قالدى دېيىشىپ ماختاپ قالغان كولخوزچىلار كەلدى. قۇلىقىمغا بىرىگادىر: «بىر ماشىنا بۇغداينى ساقلىيالمايدىغان ھالىڭغا مەن بارىمەن دېدىڭغا. ئورۇش يىللىرى سېنىڭچىلىك باللار بىر ماشىنا بۇغداي تۇرماق پۈتكۈل پولكىنى ساقلاپ قالالىغان» دەپ زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ياغاق باش شوپۇر پۈشۈلداپ بۇغداي قاچىلىماقتا.

— بۇغداينى بەرمەيمەن. بۇ بىزنىڭ كولخوزنىڭ بۇغدىيى — مەشكاپنى باغرىمغا بېسىپ يېتىۋالدىم.

كېيىن ساناقتىن ئادىشىپ كەتتىم. ياق، ئۇلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مۇشۇ قېتىم تەبىئەتنىڭ كېچىدىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى قەلبىمدە ئۆمۈر-ۋايەت ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

كابىنكىدا ئولتۇرۇپ ھاراق كۆچىدە ۋاقىرىشىپ پاراڭ قىلىشىۋاتقان غاز ئۈنلۈك ئادەمنىڭ مېنىڭ ئىسسىق ئورنۇمنى تارتىۋالغىنىغا بەك خوشال ئىدىم. قاراڭغۇ تۈننىڭ قوينىغا خەنجەر ئۇرغاندەك يېرىپ كېلىۋاتقان يورۇقلۇققا قاراپ ئولتۇرغان ئادەم ئۆزىنى خۇددى كىنو ئېكرانىغا قاراپ تاماشا قىلىۋاتقاندەك سېزىدىكەن.

ئاسفالت يول بىلەن ئىتتىك كېلىۋاتقان ماشىنىدا ھەر نەرسىگە بىر قىزىقىپ ئولتۇرۇپ، ئالتۇن ئەدەن تېغىغا ئۇلاشقىنىمىزنى سەزمەي قاپتىمەن. ماشىنا تاغ ئېتىكىگە ئۇلىشىشى بىلەن قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ قويۇقلىشىشقا باشلىدى. بىز ئىنچىكە، تار چاتقاللىقتا پىلدىرلاپ چىراق يانغان ئۆيگە يېقىنلىغاندا قاتتىق گۈكىرەپ كېلىۋاتقان ماشىنا تېخىمۇ كۆچەپ، يولنىڭ چېتىگە چىقتى-دە، مېڭىشنى ئاستىلىتىپ توختىدى. ئەتىمالىم، شوپۇر ماشىنىسىنى سوۋۇتۇپ، ئۇيقۇسى كەلگەن بولسا، بىر ئاز سەگىگىلى توختىغاندۇ دەپ ئويلىدىم. بۇندايىنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ چۆكۈپ، چاپىنىمنى بېشىمغا پۈركەپ يېتىۋالدىم.

باياتىن بىرى دۆڭ پاراڭ سېلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر كابىنكىدىن يەرگە چۈشكەندە، خۇددى ئىگىسىز دالىدا سۆزلىرىنى بىرى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك، پىچىرلىشىپ پاراڭلاشتى-دە، ئاندىن شوپۇر بىر قوچاق مىشكاپنى كوزۇپقا تاشلىدى. چۆچۈپ كەتتىم. شوپۇر مېنى ئۇخلاپ قالدى

مەن گەپ قىلمىدىم، ئېيىققا ئوخشاش كېلەڭسىز شو-
پۇر بىلەن مەن پۇتلىرىمىزنى كېرىپ، كوزۇپتىكى بۇغداي-
نىڭ ئۈستىدە خۇددى بىر بىرىگە ئېتىلغىلى ئىنتىلىۋاتقان
خورازلاردەك ئۆرە تۇرىمىز. ئۇ مىشكاپقا بۇغداي سالاي
دېسىلا، مەن قولىغا ئېسىلىمەن.

— ھارىمىنىڭ بالىسى، ھۆرۆت-پۆرۆت قىلساڭ،
ھازىر كېكىرتەكىڭنى سىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — شوپۇر مېنىڭ
ئىنچىكە بويىنۇمنى سىقىپ، تۇنجۇقتۇرۇشقا باشلىدى، بارغان-
سېرى نەپەسىم سىقىلىپ، يۈز-كۆزۈم چىڭقىلىپ ئاغرىماقتا.
«ئەتىمالىم، ئادەملەر مۇشۇنداق قىينىلىپ ئۆلىدىغان ئوخشاي-
دۇ، لېكىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ، بولارغا بۇغداينى بەرمەيمەن.
خاماندا مېنى ئۈزىتىپ قالغان ئاغىنىلىرىم ئاڭلىسا قەھرىمان
جېنىنى قۇربان قىلىسىمۇ، كولخوزنىڭ بۇغدىيىنى ئامان
ساقلاپ قاپتۇ دەپ كەينىمدىن ماختاپ يۈرەر. بەلكى مۇشۇ
ئالتۇن ئەمەن تېغىغا ياش قەھرىمان دەپ ھەيكىلىمنى ئور-
نىتىپ قوياممىكىن» دەپمۇ ئويلايتتىم. ئادەمنىڭ بېشىغا غە-
لىتىلا ئويلار كېلىدىكەن.

— بالىنى قويۇۋەت، ئۆلتۈرۈپ قويساڭ، سوتقا بۇيرۇلى-
سەن. بەش مىشكاپ بۇغداينى دەپ باشقا تۇگمەس بالا
تېپىۋالمايلى. مېنىڭ تېخى بالا-چاقامنىڭ دۆلىتىنى كۆرگۈم
بار، — ھاك كۆيدۈرگۈچىنىڭ غازىنىڭ ئۈنىگە ئوخشاش ئىن-
چىكە ئۈنى ئاڭلىنىۋىدى، ياغاق باش شوپۇر بويىنۇمدىن ئالقى-
نىنى بوشاتتى-دە، كاچىتىمىغا بىرنى ئۇرۇپ، بۇغداي
گۈستىگە يىقىتتى. ئۇ كېكىرتەكىمنى سىققاندا كۆزۈمگە يىغا
يىغىلىپ قالسا كېرەك، قولىنى بوشاتقاندا قانداق يىغلىۋەتكى-
نىمنى ئۆزەممۇ سەزمەي قالدىم.

— مۇنۇ شۇمنىڭ بالىسى نېمە دەيدۇ، بارە ئېرى
ئىشىنىڭ مۇنچىلىك چىڭغا چىقىپ كېتەرىنى كۈتمىگەن شو
تېرىكىپ كەتتى. ئۇ گۆشلۈك يوغان قوللىرى بىلەن مې
پوگزەگتەك كۆتىرىۋېلىپ، كوزۇپىنىڭ ئىككىنچى بۇرجىگ
تاشلىۋەتتى-دە، يەنە مىشكاپىنى ئالدى. مەن ئورنۇمدى
سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدىم. ئەمدىلا تاشلىسا ھ
شىنا كوزۇپىدىن توپ-توغرا قاتتىق ئاسفالىتقا چۈشىدىغىنىمى
بىلسەممۇ، شوپۇرنىڭ قولىغا سالجىدەك يېپىشىۋالدىم.

— بەرمەيمەن، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ئۆلتۈرۈۋەت
ئەمما سەنلەرگە بىر سىقىم بۇغداي بەرمەيمەن!

ئەھۋالنىڭ مۇنداق بولارى ئۇخلىسا چۈشىگە كىر-
مىگەن شوپۇر تېخىمۇ تېرىكىپ كەتتى. ئۇ شۇنچە يەردىن
تاغدەك ۋەدە قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەمدىن بەك خىجالەت.
مېنى جەينىگى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېرى ئىتتىرىۋەتتى-
دە، يەردىكى ھەمشىرىگىدىن ياردەم سورىغاندەك:

— ماڭىغا جىن كۆرۈندىمۇ نېمە؟ بىر نەرسە دىسەڭچۇ.
زادى گەپ ئۇقمايدىغان كۆكەمە ئىكەنغۇ. سادىغاڭ
كېتەي، مەن سېنىڭ ئەمەس، خاماندىكى تارازىچى بىلەن
ساروزەڭگە بارغاندا، تالوندىكى بۇغدىيىمنى ئېلىۋاتىمەن.
چىقىرىپ بەرسەم بولمىدىمۇ، — دىدى.

— ھاي، ئۇكام، بايا قويدىن يۇۋاش، خۇدانىڭ مۆمىنـ
دەك كۆرۈنۈۋىدىڭ، ساڭا نېمە بولدى. مېنى كابىنكىنى تار-
تىۋالدى دەپ ئاچچىقىڭ كېلىپ قالدىمۇ دەيمەن. مۇزلاپ
كەتكەن بولساڭ، قېنى كابىنكىغا ئولتۇر، — دەپ جاڭجالغا
ھاك كۆيدۈرگۈچى ئارىلاشتى.

— ئاداش، كىچىك چېغىڭدىن ھاياتنىڭ قاينامىلىرىدا سىنىلىپ، ئاشۇنداق توقۇنۇشلاردا پىشساڭ، چوڭ بولغاندا، ئالدىڭغا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق سىناقتىن ئۆتىدىكەنسەن،— دېدى سەپەردىشىم ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولدۇم.

— ئۆلتۈرسەڭ، مانا مەن. بىراق بىلىپ قوي،
ئوچۇم بۇغداي بەرمەيمەن. بىزنىڭ كولخوزنىڭ بۇغدى
سەنلەرنىڭ ھەققىڭ يوق، — ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈشكە قورقىد
نىنى سەزگەندە، ئۆزەمگە جان كىرىپ تېخىمۇ ئۆزلەپ كەتت
— ئاداش، بالىغا تەگدۇق دەپ قىپ-قىزىل بالاغا تە
كەن ئوخشايمىز. زادى بۇغدىيىڭدىنمۇ كەچتىم. قايتقان
ھاكىمنى ئېلىپ كېتىۋەرگىنە. كېيىن ئېپى كەلگەندە بۇغد
يىڭنى تاشلىۋېتەرسەن. ھاك دىگەن تاغنىڭ تېشىغۇ، — دىدى
غاز ئۆتلۈك ئادەم.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ياغاق باش شوپۇر ئۆتۈگ
بىلەن كەينىمگە بىرنى تەپتى-دە، يەرگە سەكرەپ چۈش
كەن بويى ھاك چىقىرىدىغان ئادەم بىلەنمۇ خوشلاشما-
تىن ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ، مايىنى بولۇشىچە باستى-
دە، ئالتۇن ئەمەن تېغىغا ئۆرلەپ ماڭدى. مەن ماشىنا تا
ئىگىز داۋان چوققىسىغا كۆتۈرۈلگىچە بۇغداي ئۈستىدە،
بېشىمنى كۆتەرمەي ياتتىم. بىر چاغدا قارىسام، ماشىنا دا-
ۋاندىن ھالقىپ كېتىپ بېرىپتۇ. كەينىمدە يىلاندەك تولغىنىپ،
يىراقلاپ كېلىۋاتقان يولغا قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئالدىم.
بۇ قېتىم ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى سىنىقىدىن ساق-سالامەت
ئۆتكىنىمگە خوشال ئىدىم.

× × ×

سەپەردىشىم ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە ئىككىلىمىز خېلى
ۋاقىتقىچە ئۆز ئويلىرىمىز بىلەن بولۇپ جىم ئولتۇردۇق.
مەن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

رالدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، يىلدىن - يىلغا كېڭىيىپ، ئەتراپىدا باشلىرىنى سۇغا چىلاپ ئۆسكەن مەجنۇن تاللار بىلەن جى- غان تىكەنلەر قېلىنلىشىپ، قىرغاقنى سۇ دولقۇنلىرىدىن ساقلايدىغان قورغاندەك بولۇپ كەتكەن. مال تۇيىغى با- سىغاچقا سايىنىڭ چۆپى تازا، بولاقتىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۈيى بۆلەكچە سۈزۈك. بۇ سايدا يازلىق تەتىلنىڭ تۈگىشى- گە يېقىن پىشىدىغان تاتلىق بۆلـدۈرگەننى باشقا يەردىن ئەسلا ئۇچرىتالمايسەن. بازاربەگ يېزىسىنىڭ بالىلىرى بۇ يەرگە ياز كۈنلىرى بۆلدۈرگەن تەرگىلى، ئەتىيازدا قۇشلار- نىڭ چىرايلىق تۇخۇملىرى بىلەن ھەر خىل موللاقچى كەپ- تەرلەرنى ئۇۋىلىرىدىن تۇتقىلى، قىش كۈنلىرى بولسا كەك- لىككە قىلتاق قويغىلى كېلەتتى. كەكلىكنىڭ سەرخىللىرى شۇ يەردە. يار تېگىدىكى تار ئۆتكەلدىن ئۆتىدىغان كەكلىك- كە قىلتاق قويغانغا نېمە يەتسۇن؟!

بالىلار دەسسەۋېرىپ سىلىقلىنىپ كەتكەن يانتۇلۇقتىكى چۆپ ئۈستىدە ئاۋايلاپ ماڭمىساڭ، سىيرىلغان پېتىڭ تۈپ- توغرا قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، دولقۇن ھاسىل قىلىپ ئېقىۋاتقان سۇغىلا چۈشۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن.

باھار كېلىپ، يوللار ئەكچىگەندە بارى - يوقى بىر كوچىدىن ئىبارەت كىچىك يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى مۇرات بۇرھانوپ بىزنى باشلاپ ئېكىسكۇرسىيىگە چىقاتتى - دە، قوش تۈگمەن بىلەن ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، بۇ ئەتراپتا ئاپىرىدىغان باشقا يەر يوقتەك، بۆلدۈرگەنسايغا باشلاپ باراتتى. ئۇ، يوغان تاشقا ئولتۇرۇپ ئىككى تال تاماكىنى كەينى - كەينىدىن چېكىۋېتىپ، ئۆزى تۇرماق بالىلارغىمۇ ياد بولۇپ كەتكەن غاپپار پىئونېر

# بۆلدۈرگەنساي ھېكايىسى

I

ئىككى تەرىپىنى دەريا سۇيى توسقان، يىگىرمە مېتىر-
دەك ئىگىز يار تېگىدىكى بۆلدۈرگەنساي بازار بەگ يېزى-
سىدىكى مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەن ئوغۇل باللارنىڭ جە-
سۇرلۇغىنى سىنايدىغان جايى. ئويناۋېتىپ مۇشتلىشىپ قالغاند
كۆز يېشىنى ئېقىتىپ، ئاپىسىنى باشلاپ چىقىدىغان قورقۇن-
چاق، يىغلاڭغۇلار ئۇنىڭغا يېقىنمۇ يولىمايدۇ. بۇنداق قورقۇن-
چاقلار قىزلار بىلەن يار ئۈستىدە تۇرۇپ، بىر ئېلىپ چىق-
قان بۆلدۈرگەننى يېگەنگىلا خوش. ھە، بۇ سايىنىڭ بۆلدۈر-
گىنىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۈزۈپ يېگەنگە نېمە يەتسۇن؟!
سايغا چۈشۈپ قالساق، ئاغزى-بۇرنىمىز بويىلىپ، بۆلدۈر-
گەنگە راسا تويمىغىچە چىقمايمىز. ياركەنت ۋادىسىدا ھاۋ
تازا ئىسسىغان ياز كۈنلىرى بۆلدۈرگەنساي جاھاننىڭ جەن-
نىتى. قىرغاقتا سوغاق تامچىلارنى چاچىرىتىپ ئاقىدىغان دەر
يادىن جېنىڭغا ئارام بېرىپ ئۇرىدىغان سالقىن شامالمۇ باشقىچە

چوڭقۇر سايدا ئاقىدىغان يۈگەنسىز تاغ سۇيى يىل
ئۆتكەنسېرى ئىگىز دۆڭنىڭ سېغىز توپىسىنى ئېقىتىپ، كەينى-
گە خېلىلا چېكىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭ تېگىدە ئىككى ئۈچ
ئۈينىڭ ئورنىدەك يەردە پەيدا بولغان چىمەنزارلىق ئۈچ
تەرىپىدىن سۇنىڭ قورشاۋىدا تۇرغان ئاجايىپ چىرايلىق ئا

ۋاتقان ئاق گۋاردىيەچى ئاتامان دۇتوۋنىڭ ئەترەتلىرى
ياركەنت ناھىيىسىنىڭ يىراقتىكى يېزا - قىشلاقلىرىغا يوشۇ -
رۇنۇپ، خەلقنى بۇلاپ - تالاشقا، ياش سوۋېت ھاكىمىيىتى -
نىڭ يېڭىدىن چىقىۋاتقان بىخلىرىنى يۇلۇپ تاشلاشقا بار-
لىق كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئۇ قاتتا
ئۆتۈپ كەتكەن ئاتامان بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئاقلار
كېچىلىرى قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ گازارمىسىغا تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ، خۇددى بېشى مىجىلغان ئىلاننىڭ ئۆلۈم
ئالدىدا ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ جان تالاشقىنىدەك ھەركەت-
لىنىۋاتاتتى. قىزىل ئەسكەر ئەترەتلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ
قالدۇقلىرىنىڭ كەينىدىن تاكى تاغ ئۆڭكۈرلىرىگىچە قوغلاپ
بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تېخى-
چە دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى.

بۇ ۋەقە قىشلىق كېچىلىرنى يەشكەن تەبىئەت يېڭى -
دىن كۆكىرىپ، يەر - جاھان ئەكچىپ، قۇرۇۋاتقان شۇنداق
تەشۋىشلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەن ئىدى. قىشچە
ئىسسىق كاڭ ئۈستىدە لايدەك ئېزىلىپ شۈمشەيگەن باللار،
كۆپتىن بېرى سېغىنىپ كۈتكەن باھار كېلىشى بىلەنلا دەس-
لەپ ھويلىلارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى توپىسى چىقىپ تۇر-
غان ئۆي ئورنىدەك يەرلەردە ئوشۇق، تەپكۈچ ئوينىغان
ئىدى، ئېدىر - قىرلار ئەكچىگەندىن كېيىن كەڭ دالىغا
چىقىشقا باشلىدى. بىز چۈشكىچە مەكتەپتە ئوقۇساق، چۈش-
تىن كېيىن ئەكچىگەن ئېتىزلىقلارنى كېزىپ، لەگلەك ئۇچۇ-
راتتۇق. قىزلار بولسا يېڭىدىن ئېچىلغان سېرىق چېچەك-
لەرنى تېرىپ، ئېدىرلىقلار ئېشىپ، يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى.

ھەققىدىكى ھىكايىسىنى بۆلەكچە ئىلھام بىلەن ئېيتىشقا با
لايتتى. بۇ تەۋەدە تالاي نەرسە ئۆزگەرسىمۇ، مۇرات مۇئ
لىمىنىڭ بازار بەگ يېزىسىدىكى مەكتەپكە مۇئەللىم بولو
كەلگەندىن بېرى ئېيتىپ يۈرگەن ھىكايىسى ئۆزگەرمىد
ئۇ دەسلەپ مۇئەللىم بولغان يىلى مەكتەپ ھويلىسىغا ئ
تېرەك تىككۈزۈپتىكەن، قۇچاق يەتمەس بولۇپ ئۆسكە
قا باشلىغىنىدىمۇ تالاي ۋاقىت بولغان. مۇئەللىم ئوقۇ
يىلى ئاياقلىشاي دېگەندە بارى - يوقى قىرىق ئوقۇغۇچى
بار مەكتەپ بالىلىرىنى ئاشۇ ئاق تېرەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى
كەڭ مەيدانغا سەپكە تۇرغۇزاتتى - دە، ھەممىنى پىئونېر كۆڭى
سۆنەيلەرنى چالغۇزۇپ، بۆلدۈرگەنسايغا ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ
ماڭاتتى. ئۇ ئىگىز يارنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ، غاپپار پىئو-
نېر ھەققىدىكى ھىكايىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئوقۇش يىلى
تامام بولۇپ، تۆتىنچى سىنىپنى تۈگەتكەنلەر خوشنا يېزىغا
ئوقۇغىلى كېتەتتى.

بىز تۆتىنچى سىنىپنى تاماملىغان يىلى ئىدى. مۇئەللى
مىمىز يىلدىكى ئەنئەنە بويىچە بىزنى بۆلدۈرگەنسايغا ئېلىپ
كەلدى - دە، يەنە غاپپار پىئونېر ۋەقەسىنى سۆزلەشكە
باشلىدى.

2

... قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە
چىداشلىق بېرەلمەي چېكىنىپ، جۇڭگو چېگرىسىغا يېقىنلىشى

ئۈنلۈك ۋاقىردى:

— مۈكۈۋال، ئاقلار كېلىۋاتىدۇ.

— مەن سىلەرگە ئاقلارنى كۆرسىتىمەن، قىزىللارنىڭ كۈچۈكلىرى. ھەي، تۇشقان مارىغاندەك قىلماي بېرى كەل!

مەن ئالدىدا تۇرغان جەرەن ساقاللىق ئادەمنىڭ ئاق گۋاردىيەچى ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا سېزىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدىم. ئۇچۇقچىلىقتا قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. كەينىمدىن ئات يېتەلمىسىمۇ، جەرەن ساقاللىقنىڭ دۈمبىسىگە ئېسىۋالغان مىلتىقىنىڭ ئوقى يېتىدۇ. غاپپار ئىككىيلەن ئاتلىقلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ نېمە قىلىشىمىز ھەققىدە ئويلىنىپ ئۈلگۈرمەستىنلا ساي تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىق چىقىپ كەلدى.

— مۇنۇ قىزىللارنىڭ كۈچۈكلىرى كەينىمىزدىن ماراپ يۈرگەن ئوخشايدۇ، — دېدى بىزگە دەسلەپ ئۇچراشقان جەرەن ساقاللىق ئادەم ئاتلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بېشىغا ئاق قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كۇبانكا كىيگەن ئادەمگە. ئەتىمالىم، ئۇ ئاتامان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم.

— ھەي، شۇمنىڭ بالىسى، بېرى كەل! قاچقىنىڭ بىلەن يىراق كېتەلمەيسەن.

ئاقلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكىنىنى سەزسەممۇ، لېكىن بىرەر ئامالنى تېپىپ، قاچمىزغۇ دېگەندەك تۇرغان ئاغىنەم ماكسىمۇ يېقىنلاشماي، ئۆزىنى چەتكە تارتىۋاتاتتى. غاپپار پىئونېر سېپىگە ئۆتكەن چاغدا باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەندە يېنىدىكى يولدىشىنى ھەرگىز تاشلىماسلىق ھەققىدە ئېيتقان قەسەملىرىنى ئەسلىدىمۇ، ماڭا ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن

بۇ كۈنى غاپپار ئىككىمىز قىزلارغا قوشۇلۇپ، سېرىق چېچەك تەرگىلى بارغا ئىدۇق. قىردا ئۆسكەن سېرىق چېچەكنى بىر-بىرىمىزدىن قىزغىنىپ، يېزىدىن ئىككى-ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتىكى چوڭ سايغا چۈشۈپ كەتكىنىمىزنى ھەر ئىككىمىز سەزمەي قاپتىمىز. كەينىمىزگە قارىساق، قىزلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بىردەم ئۇ دۆڭگە، بىردەم بۇ دۆڭگە يۈگۈرۈپ يۈرگەن غاپپارنىڭ ئېيتقان ناخشىسى كەڭ دالىغا ياڭرىماقتا. بىر چاغدا بىرى ئۇنىڭ كېكىرتەكىنى بوغۇۋالغاندەك ئاۋازى بىردىنلا ئۆچتى. نىمە بولدىكىن دەپ ئۆزەمدىن خېلىلا ئىلگىرى كەتكەن ئاغىنەمگە قارىدىم.

— ھەي مۇرات، ھەي — خۇددى قەددىنى كۆتىرىپ مېڭىشقا ئاسمان تاقىشىۋاتقاندەك مۈكچىيىپ كېلىۋاتقان غاپپار بوغۇق ئاۋازدا ۋاقىرىدى، — ھەي، چاپسانراق مۈك ...

ئاغىنەم توشقان كۆرۈپ قالدىمىكىن دەپ ئۈپچۈرىمگە سەپسىلىپ قارىدىم. ئەتراپتا توشقاننى ئوخشىغىدەك ھېچنەرسە يوق.

— مۇرات ...!

— قوغۇنلۇققا ئوغرىلىققا كەلگەندەك نىمانچە ئاستا ۋاقىرايسەن. توشقان كۆرۈپ قالدىڭمۇ-يا؟ — شۇ سۆز بىلەن ئوچۇقچىلىققا چىقىشىغا قارشى تەرەپتىن بويىنىغا مىلتىق ئاسقان ئىككى ئادەم چىقىپ كەلدى. ئاغزىمغا قوم قۇيۇلغاندەك نىمە قىلاردىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. دەسلەپ غاپپار ماڭا شەرەت قىلسا، ئەمدى مەن ئۇنى مۆكۈۋال دىگەندەك شەرەت قىلىۋىدىم، لېكىن غاپپار ئىلگىرىكىدىن

ىنى. دىندىن، پۇشتىدىن تانىدى دىگەن مۇشۇ ـ دە، زادى زامان دىگەن نەگە كېتىپ باردۇ، بۇرادەرلەر؟

جەرەن ساقاللىق كىشى ئاق كۇبانكا كىيگەن قارىگەر ئاتلىق ئاتامانىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىزنى شەرەت قىلىپ بىر نەرسىلەر دىۋېدى، قالغانلىرىمۇ ئىككى مەڭزى قان تېمىپ تۇرغاندەك قىزارغان، بەك سۇرلۇك ئادەمگە يېقىنلاشتى. ئاتامان جەڭچىلىرىگە قاراپ: «روھىي چۇشكۇنلۇككە بېرىلمەڭلەر» دىگەندەك، قولىنى ئىگىز كۆتەردى ـ دە:

— جە! — دەپ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ھەممىنىڭ ئاغزىنى ياپتى.

— ھەي، سىلەر نىمە قىلىدىغان پىئونېرلار؟

غاپپار بابا ئېيتقانلىرىمنى بۇلار چۇشەنمىسە كېرەك دىگەندەك، ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى ـ دە، خۇددى ئۆلۈپ كەتسەكمۇ مۇنۇلار بىزنىڭ كىم ئىكەنلىگىمىزنى بىلىپ قالسۇن دىگەندەك، ئۈنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى.

— پىئونېر — كومسومولنىڭ سادىق ياردەمچىسى.

— دىمىدىمۇ خالايىق، بۇلارمۇ چوڭ بولغاندا كومسومولغا قوشۇلىدىكەن. مانا بۇنى ئوقۇپ قويۇڭلار. كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق دىگەندەك، ئەتە ـ ئۆگۈن كۆرگۈلۈك بولسا مۇشۇ يېتىم ئوغلاقلاردىن كۆرىمىز.

جەرەن ساقال غودۇڭشۇپ سۆزلىۋىدى، ئاق كۇبانكالىق ئاتامان يەنە قامچا ئېسىۋالغان قولىنى ئىگىز كۆتەردى.

— يېزاڭلاردا قىزىللار بارمۇ؟

— بىز ھەممىمىز قىزىل! — غاپپارنىڭ جاۋۋىنى ئاڭلى-

كېيىن، بوينى باغلانغان ئادەمدەك بىر چامداپ، ئىككى چامداپ قېشىمغا يېقىنلاشتى.

— ساڭا «قاچايلى» دەپ بىر نەچچە قېتىم شەرەت قىلسام سەزمىدىڭىزمۇ. مانا ئەمدە بۇلاردىن قۇتۇلۇپ كۆر، — ئۇ يېقىنىمدىن نىرقۇدى.

— بۇلارنىڭ بوينىدىكى قىزىل لاتىلىرى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى ئاتلىقلارنىڭ بىرى.

— قىزىللارنىڭ كۈچۈكلىرى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇ.

— بىزنىڭ پىئونېر ئىكەنلىكىمىزنى ئۇلارنىڭ جەگچەلىرى تۇرماق، ئاتامانىمۇ بىلمەيدىكەن، — دەپ پىچىرلىدى غاپپار قارىغىر ئاتلىق ئاق كۇبانكا كىيگەن ئادەمنى شەرەت قىلىپ.

— بىز، لېنىن پىئونېرى ئەزالىرى! — ماگىلىيى كەك، كۆزلىرى يوغان، قوشۇما قاشلىق غاپپار بىزنىڭ كىم ئىكەنلىگىمىزنى بىلىپ قالسۇن دىگەندەك ئۈنلۈك سۆزلىدى.

ئۇ يېشىنىڭ ئون ئىككىگە تولمىغىنىغا قارىماستىن، قورقۇمسىز، قاۋۇل بالا ئىدى. مەكتەپتە ئەڭ ئەلا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىمۇ مۇشۇ. شۇڭلاشقا دەسلەپ قۇرۇلغان پىئونېرلار ئەترىدىنىڭ رەئىسلىگىگە غاپپارنى سايلىغان ئىدۇق. بۇ يەردىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇمسىزلىغىنى كۆرسەتتى.

— قىزىللارنىڭ كومسومۇللىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتساق، پىئونېر دىگەن يەنە بىر نەرسىسى چىققانىمۇ نېمە؟ بۇلارمۇ چوڭ بولسا قىزىل ئەسكەر سېپىگە قوشۇلامدۇ تېخى؟ كۆردۇڭىزمۇ، ئانىسىدىن تۇغۇلماي تۇرۇپ بوينىغا قىزىل لاتا باغلىۋالغى-

غاپپار ماڭا قاراپ مىيىغىدا كۈلدى: ئۇنىڭ مېنى چىدا، دەپ روھلاندۇرۇۋاتقىنىنى سېزىپ، كۆزۈمگە ئولاشقان يېشىمنى سۈرتۈپ، قەددىمنى رۇسلىدىم.

بىزنى قامچا بىلەن قورقىتىپ، سۆز ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە جەرەن ساقاللىقنىڭ كۆزى يەتكەن بولسا كېرەك. ئەمدى ئۇ ئېسىۋالغان مىلتىغىنى ئېلىپ ئىككىيلەنگە تەڭلىدى. مىلتىقنىڭ ئوق چىقىدىغان تۆشۈگى توپ - توغرا كۆزۈمگە قادالغاندا، تېنىم شۈركىنىپ نىمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. تەڭلەنگەن مىلتىق مانا ئېتىلىدۇ، ئەنە ئېتىلىدۇ، دەپ خېلى ۋاقىت كۈتتۈم، لېكىن ئېتىلمىدى. مەكتەپتە بىزنى پىئونېر سېپىگە قوبۇل قىلىش تەنتەنىسى، ئۇنىڭدا قەسەميات قىلغان لىغىمىز كۆز ئالدىمغا كەلدى، ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ۋەھشىلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلىدىم. ئىچىمدە «قانداق ئېزىتقۇ ئېزىقتۇرۇپ مۇشۇ تەرەپكە كېلىپ قالدۇقكىن» دەيمەن. ئاغىنەمگە قارىسام، ئۇ ئۆلۈم سائىتى يېقىنلىشىۋاتقىنىنى سەزمىگەندەك كۆك ئاسماندا ئاغامچا بولۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاقىرلارغا قاراۋېتىپتۇ.

— ھەي غاپپار، بىزنى ئاتماقچى بولۇۋاتىدىغۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم پىچىرلاپ. غاپپار يەنە مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى - دە:

— ئاتىدىغان ئۇن بېشى بار دەمسەن. بايا ئاتامانىڭ: «مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئوق چىقارغۇچى بولماڭلار» دىگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇ پەقەت ئىككىمىزگە پوپوزا قىلىۋاتقىنى.

— سەنلەر نىمە دىيىشىۋاتىسەن. قېنى، تېز تۇ - رۇش! — جەرەن ساقاللىق مىلتىغىنى چۇشۇرۇپ، قامچىسىنى

خاندا ئاقلار ئارىسىدا غودۇڭشۇپ سۆز قىلىشۇچىلار تېخىمۇ كۆپەيدى.

— ھەي، پەرۋەردىگارىم، بۆشۈكتىن بېلى چىقماي تۇرۇپ، مونۇلارنىڭ جاۋاۋىنى قارا.

— بولشېۋىكلار ئۆز ئىدىيىلىرىنى بۇلارنىڭ بېشىغىمۇ سىڭدۈرۈپ ئۈلگۈرگەن بولسا كېرەك، خەپ. بۇرۇنقى ھوقۇقۇم قولۇمدا بولسىدى... — ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ ئاق مالخىيىپ پۈرلىشىپ كەتكەن ئادەم قولىدىكى مىلتىغىنى كۆتىرىپ، ئېتىنى دىۋىتىشۋىدى، بايىقى ئاتامان يەنە قولىنى كۆتەردى.

— جە، قىزىقتانلىق قىلما جە-پە! — مالخىيى پۈرلىشىپ كەتكەن ئادەم ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، — يەنە كىچىك ماڭقىلارنى دەپ ھەرنىڭ ئۇۋىسىغا تەگمەيلى. مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بىر ئادەم ئوق چىقارغۇچى بولمىسۇن. بۇلاردىن قىزىللارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ۋاڭ-چۇڭ قىلغۇزماي تۇجۇقتۇرۇڭلار.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ راست ئېيتىۋاتامدۇ، دىگەندەك ئاغىنەمگە قارىسام، غاپپار ھېچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك شۈك تۇردۇ.

— يېزىلاردا قىزىللار بارمۇ؟ — بىزنى ئات ئالدىغا سېلىپ چەتكە ھەيدەپ چىققان چەرەن ساقاللىق ئادەم تېخىمۇ ھەيۋە قىلىپ سۆزلىدى، — ئېيتمايدىغان بولساڭ، ھەر ئىككىڭنى بىر پاي ئوقتا ئوجۇقتۇرىمەن. سىلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق مېنىڭ.

ئۇ، ئاچچىغىدا بەس كېلەلمەي، بىزنىڭ دۈمبىمىزگە تېۋىلغا ساپلىق قامچا بىلەن ئىككى-ئۈچنى ئۇرۇۋەتتى.

بولغىنى؟» دىگەندەك غاپپارغا قارىدىم. ئۇ ماڭا قارايدۇ. بۆكلىرىگە قىزىل تالا تاقىغان ئەسكەرلەرنى سىپكە تۇرغۇزۇپ، ئىككى چېتىدىن ئۇن بەشچە ئاق گۋاردىيىچى ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ. باشقا ئەرسىلەرنى ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن قىزىل ئەسكەرلەرنى ئەسىرگە چۈشىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ئەتىمالىم، ئاقلار ئۇلارنى خېلى يەردىن ھەيدەپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك، چىرايلىرىدىن يول مېڭىپ، كۆپ ئازاپ چەككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىمىز ئېچىلىپ، قايغۇمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشتۇق.

— بۇلار قانداقچە ئەسىرگە چۈشتىكىن، ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، سايىنىڭ ئىچى بىلەن شەرققە ھەيدەپ ماڭغىنىنى قارا. ئىككىلەن قانداق قىلىپ بولمىسۇن بۇ ئەھۋالنى قىزىللارغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ پېشۇنېرلىق پەرزىمىز. ھازىر ئاقلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىككىمىزدىن كۆرە بۇلارنىڭ كۈچى زۇرۇر. ئۇلار ئازات قىلىنسا، مۇنۇ ئاقلارنىڭ جاجىسىنى بېرەتتى. قىزىللارنى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق.

— ئۇلار تۇرماق ئۆزىمىز قۇتۇلالمايۋاتىمىزغۇ. بايا ئاۋۇ ئاتامانىڭ: «بۇلارنى ۋاك-چۇك قىلماي ئوجۇقتۇرۇڭلار» دىگەن سۆزىنى ئاڭلىدىڭىزۇ.

— ئىككىمىز قىمىر قىلىنغۇچى بولما. قاچىدىكەنسەن، جاجاڭلار ئىككى پاي ئوق.

جەرەن ساقال بىزنى يەنە بىر قېتىم قورقىتىپ قويدىدە، ئۆزى قىرىق-ئەللىك قەدەم نېرىدىكى ئاتامانىڭ قېشىغا كەتتى.

كۆتىرىشكە يەنە جىم بولۇشتۇق، — بىر ياقتا قاچىمەن دەپ ئويلىغۇچى بولۇشما، كەينىگىلەردىن مەن يېتەلمەسە ئوق يېتىدۇ، شۇنى بىلىپ قوي. ئۇنىڭدىن كۆرە قىزىللار-نىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتساڭلار، ئۆيۈڭلەرگە ئەۋەتىۋې-تىمەن.

ئۇ بىزنى قورقىتىپ ھېچبىر مەلۇمات ئالالمايدىغىنىغا كۆزى يەتتىمۇ، ئەمدى ئالداپ كۆرمەكچى بولدى.

— ئۆزەڭلەرمىغۇ زەپ چىرايلىق باللار ئىكەنسىلەر. ئون گۈلۈڭلارنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ئوقتا ئۇچۇپ كەتسەڭلەر، ئۇۋال بولىدۇ-دە. خالىساڭلار، ئاتاڭلارغا مىنگۈ-زۈپ ئۆيۈڭلەرگە ئەۋەتىۋېتىمىز... — غاپپار ئىككىيلەندىن گەپ چىقىدىغىنىغا بۇنىڭ كۆزى يەتمىدى.

— ئەمما ئېيتمىساڭلار، مۇنۇ يارنى كۆرۈۋاتىسىلەرغۇ، كىكىرتەكلىرىڭلارنى سىقىپ، ھەر ئىككىڭنى دەرياغا ئۆزەم تاشلايمەن. — ئۇ مېنىڭ قوسىقىمغا مىلتىقىنى تىرەپ يارنىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ باردى-دە، كۆردۈڭمۇ، دىگەندەك تېگىدە مۇ ئېقىۋاتقان يارنى كۆرسىتىپ قويدى. جەرەن ساقال راستلا يارغا ئىتتىرىۋېتەمدىكىن دەپ تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى.

— ھە قانداق، جان تاتلىقمىكەن؟ سىلەر قىزىللارنى يوشۇرغىچە، جېنىڭلارنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىساڭلارچۇ. ئۇلارنىڭ بەرىبىر بىر كۈنلۈكلا ھاياتى قالدى، ئىشەنمىسەڭ-لەر، ئەنە كۆرۈڭلار.

قوللىرى كەينىگە باغلانغان بىر توپ قىزىل ئەسكەر-لەرنىڭ دۆڭنى ياقىلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە نەپەس ئېلىشقا قورققاندەك جىم تۇرۇپ قېلىشتۇق. «بۇ قانداق

سەن سۇدا ياخشى ئۈزۈسەن.

ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتىرىپ ماختىسىمۇ، لېكىن سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقىنىمنى سەزدىمۇ، يەنە بىرئىككى قېتىم ئۆپچۆرىسگە قاردى-دە، بىر چاغدا بېلىگە ئىككى ئوراپ باغلىۋالغان ئاق تاسما پوتىسىنى ئالدىراش يەشتى.

— قېنى، پوتاڭنى چاپسانراق يەش! — مەن ئويلانماستىنلا غاپپارنىڭكىگە ئوخشايدىغان تاسما پوتامنى يەشتىم.

ئۇ ئىككى پوتىنى بىر-بىرىگە ئۇلىدى-دە، ئۇچىنى قىرغاقتىكى بىر توپ تېۋىلغىغا باغلاپ:

— ئەمدى پوتا يەتكەن يەرگىچە سىيرىلىپ چۈشۈپ سەكرىسەك، يەرگە خېلىلا يۇمشاق چۈشىمىز. پوتا ئۇچىنى ئۆزەم تۇتۇپ تۇرىمەن. سەن قورقماي چۈشۈۋەر، — دېدى.

بىز بىردەم ئاتامان قېشىدا پاراڭ سېلىۋاتقان جەرەن ساقاللىق ئادەمگە، بىر دەم يارغا غىل-پال قارايمىز. غاپپار پوتا باغلىغان تېۋىلغىنى مەھكەم دەسسەپ، ھېچنەرسە كۆرمىگەن ئادەمدەك ئۆرە تۇردى. مەن بىر بىرىگە ئۇلانغان پوتىلاردىن سىيرىلىپ، تۆۋەنلەشكە باشلىدىم. بارى-يوقى تۆت مېتىردەك يەرگە يېتىدىغان پوتىنىڭ ئۇچىغىچە سىيرىلىپ چۈشكەندىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ، سەل تۇرۇپ قالدىم.

ئۇدۇلۇمدىلا چوكتۇر ئورنىغا ئوخشاش يوغان كامار تۇردۇ. پوتىنى قويۇۋەتسەم، توپ-توغرا شۇ ئويۇۋەتكەن شۇ كامارغىلا كىرىپ كېتىمەن. ئۇنىڭدىن چەتنەش ئۈچۈن ئۆزەمنى ياردىن قاچۇرۇپ سەكرىسەم يانتۇ يەرگە يىقىلىپ،

## 3

— راسا قاچىدىغان پەيت كەلدى، — دېدى ئۆپچۆرىگە سەپسېلىپ قارىغان غاپپار.

— نەگە قېچىپ قۇتۇلىمىز، پەقەت كەينىمىزدىكى ياردىن باشقا ئىككىسىلەنگە دالىدا بولغۇدەك يەر يوق. — دېدىم ئاغىنەمنىڭ ئويلىغىنىدىن بەربىر ھېچنەرسە چىقمايدىغىنىنى بىلىپ.

— ھامان بىر ئۆلۈم. بۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگەندىن كۆرە، ئەجىلىمىز يەتكەن بولسا، ياردىن سەكرەپ ئۆلىمىز. قايسىمىز ئامان قالساق، دەرھال يېزىغا بېرىپ مۇنۇلارنىڭ قىزىل ئەسكەرلەرنى شەرققە ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىمىز. بىلىپ قوي، ئاداش، ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، مۇشۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، قېچىشىمىز كېرەك.

كەينىمگە ئىككى-ئۈچ قەدەم داجىپ، تېگىدە سۇ ئېقىۋاتقان ياردىن تۆۋەن قارىۋىدىم، بېشىم قېيىپ، تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى. دەرھال ياندىم.

— مۇرات، بىز تېخى يېقىندىلا پېشىۋېر سېپىگە ئۆتكەنخۇ؛ بۈگۈن قورقۇنچاقلىق قىلساق، قانداق بولغىنى، ئىككىمىزنىڭ جېنى قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ جېنىدىن ئەلا ئەمەسمۇ؟ چاپسانراق ھەركەت قىلمىساق، شۇنچە ئادەم ناھەق ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. قېنى، سەكرەيلى، ئالدىدا مەن، كەينىمدىن سەن سەكرە. دۇغىلا تېچ-ئامان چۈشسەك، بىر ئامالىنى قىلىپ قىرغاققا چىقىپ كېتەلەيمىز، ماڭا قارىغاندا!

نىڭ تىلسىز يىغىسى مېنى خېلى يەرگە ئېقىتىپ بارغاندىن كېيىن، سۇدىن سەل كۆتىرىلىپ چىققان خادا تاشقا ئۇرۇپ يېڭىۋاشتىن قايىنامغا يالماپ ئەكىردى. مەن بىر نەچچە قېتىم ئەندىكىپ دەم ئالغاندىن كېيىن، نىمە بولغىنىنى سەزمىدىم. دەريانىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۈيى مېنى يەنە بىر - ئىككى قېتىم يۇقۇرى ئېلىپ چىقىپ، يەنە قوينىغا تارتىپ كىرىپ كەتتى. مەن ئاخىرقى قېتىم سۇ ئۈستىگە چىققاندا، ئۆزەمنى ئوڭشاپ، قىرغاققا چىقمەنغۇ دىگەن ئىدىم، لېكىن كەينىمدىن قوغلاپ كەلگەن دولقۇن مېنىڭدىن غالىپ چىقتى. ئۇ قايتىدىن قايىنامغا تارتىپ كىرىشكە بېشىمغا بىر نەرسە قاتتىق تېگىپ، ئۆزەمنىڭ نىمە بولغىنىمنى سەزمەي قالدىم.

## 4

دەريا سۈيى كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان قۇم - شېغىللىق يەردە ھوشۇمغا كەلدىم، كۆزۈمنى ئاچقاندا كۆكەرگەن ئاسماندىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى، ماڭلىيىم كۈن نۇرى تەپتىدە قىزىغاندەك قىلغان بىلەن ئاستىمدىن سوغ سۇ ئېقىپ ئۆتۈۋاتقاچقا، غولۇم كىرىشىپ، دۈمبەم توڭلاپ قالغاندەك مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۈۋۈسىغا پاتىدىغانغا ئاغمچا بويى قالغان كۈن پارقىراپ نۇر چاچاتتى، لېكىن قىشتىكىگە ئوخشاش يەنىلا سوغاق ئىدى. سايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۆكرىپ كېلىۋاتقان ئېدىر - قىدىرلارغا سەپسېلىپ قاراۋاتقىنىمدا، تونۇش قوش قارىياغاچقا كۆزۈم چۈشتى. لېكىن قانچە زېھىن قويۇپ قارىساممۇ، ئۇنى نەدە كۆرگىنىمنى زادى

ئاندىن دۇمۇلاپ بېرىپ ئاق كۆۋۈك چاچرىتىپ ئېقىۋاتـ
دەرياغا چۈشۈشۈم مۇمكىن. ئەمما شۇنچە ئىگىزدىن يىقـ
غاندا، جېنىمنىڭ ساق قالىدىغانلىقىغا ئۆزەمنىڭمۇ ئىشەنگۈ
كەلمەيتتى. يامغۇر سۈيى ئېقىپ ئويۇۋەتكەن يارنىڭ كاما
لىرىغا ئۇۋا سېلىۋالغان كەپتەرلەر پەيلىرىنى توزۇتۇپ
كەينى-كەينىدىن ئۇچۇشماقتا. نىمە قىلىشىمنى بىلمەي
بىردەم تۆۋەن، بىردەم يۇقۇرى قاراپ ئويلىنىپ قالدى
بىر چاغدا غاپپارنىڭ:

— چاپسان سەكرە... كېلىۋاتىدۇ، — دەپ بۆلەكچە
تەشۋىشلىك ۋاقىرىغان ئۈنى ئاڭلاندى، كۆزۈمنى قاتتىق
يۇمۇپ، ئۆزەمنى كۈچۈمنىڭ بېرىچە دەريا تەرەپكە تاشلا-
دىم. بېشىمدا پەقەت بىرلا ئوي — بايا كۆرگەن ئورىدەك
كامارغا چۈشۈپ كەتمىسەم بولاتتى، دەيمەن. يۈرىگىم
سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سېزىلدى-دە، ئاغزىمغا
ھاۋا قاپلىشىپ، ئەندىكىپ كەتتىم.

قاتتىق يەرگە دەسسەپ پۇتۇم، ئاندىن دۈمبەم تەگ-
دى. ئۆزەمنى ئوڭشاپ ئۈلگۈرگىچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى
يوق. ئىككى-ئۈچ دومىلاپ سۇغا چۈشكەندىلا ئەندىكىپ
ئېسىمنى يىققاندەك بولدۇم. شۇنچە يەردىن چۈشكىچە كېكىر-
تىكىم قۇرۇپ كەتسە كېرەك، ئاغزىمغا مۇزدەك سۇ تېگىۋۇ-
دى، بىردىن ئىچ-قارنىم يورۇپ، سەگىدىم. قىرغاققا ئۇرۇ-
لۇپ قايتقان دولقۇن مېنى خۇددى تەڭنىدە تەۋرەتكەندەك
بىر ئىككى قېتىم نېرى-بېرى چايقىدى، شۇ ئارىدا مىلتىق
ئېتىلىپ، غاپپارنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا بالىنىڭ ئۈنى ئاڭلان-
دى-دە، كۈچلۈك دولقۇن مېنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا
تاشلىدى. سۇدا لەيلەپ يۈرۈشۈم ئۇزاققا سوزۇلمىدى، تاغ-

ئاغرىپ، يېتىپ قالدىم.

غاپپار ئاغىنەم نەلەردە قالدىكىن؟ مەن سەكرىگەندە ئاۋازى زەپمۇ قاتتىق چىققۇيدى، ئاقلار ئېتىۋەتمىگەندۇ؟ بېشىمنى سەل كۆتىرىپ، ئۆپچۆرەمگە قارىدىم. قىيان سۇ قومۇرۇپ قىرغاققا چىقىرىۋەتكەن، چوڭ-چاتقال بېسىپ چۆككەن تۆگىدەك چوخچىيىپ تۇرغان تاشلاردىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇۋىدىم، بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم تورلاشتى. مۇشۇ پېتىمچە خېلى ئولتۇرۇپ قالغان بولسام كېرەك، كىيىملىرىمدىن ئاققان سۇ دۈمبەمنى مۇزلىتىپ قورۇشتۇرماقتا. تېنىم شۈركىنىپ، تىترىمەكتە. ئەس-ھوشۇمنى يىغىپ، كىيىملىرىمدىكى قۇمنى قېقىپ تازى-لىغاندىلا بويۇمدىكى گاللىستۇكقا كۆزۈم چۈشتى. مەكتەپتە پىئونېر سېپىگە ئۆتكەندە بەرگەن قەسىمىم، قوللىرى كەينى-گە باغلىنىپ، شەرققە ھەيدىلىپ كېتىپ بارغان قىزىللار ھەققىدە ئويلىدىم. غاپپارنى كۆرۈپ قالىمەنمىكىن دىگەن ئۈمىتتە ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم، ئەمما يېقىن ئارىدا ئادەمگە ئوخشىغۇدەك بىرەر نەرسە يوق. سۇ ئۇنى يىراققا ئېقىتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. «قانچە ئاقسىمۇ، ئامان بولسا، تېنەپ-تەمترەپ يېزىغا يېتىپ كې-لىدىغۇ» دەيمەن.

يېزىغا چاپسانراق بېرىشىم كېرەك، ئىككى قولۇمنى يەرگە تىرەپ، ئورنۇمدىن قوزغالماقچى بولۇۋىدىم، يانپاش ئۇستىخانلىرىم سۇنۇپ كەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. چىشىمنى چىشلەپ ئۆرە تۇرۇۋىدىم، كۆزلىرىم تورلىشىپ، ئۆزەمنى ئېغىر ئاغرىقتىن تۇرغان ئادەمدەك ھېس قىلدىم. باياتىن دەريا قىرغىقىدىكى سېسىق بېلىقنىڭ پۇرىقى سىڭىپ

ئېسىمگە ئالالمىدىم. دۆڭدىن پەسكە قارىغاندا قاپتالنى بو
لاپ يۇقۇرىلىغان ئېرىق كۆرۈندى. ئۆتكەن يازدا بىر چ
مۆلگىلى بارغان، سۈيى خۇددى ئۆلۈك سۇدەك جىم ئاق
غان ئۆستەڭ! ئۇ دەريانىڭ ئوڭ قاسنىغىدىكى باللار بىل
تۇتىدىغان كۆتەمدىن باشلىناتتى. بۇنى كۆرگەندە تې
ئىسىپ، جان كىرگەندەك بولدى. كۆتەمە قەيەردىكىن
ئوڭدامغا يېتۋېلىپ ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتىمە
دىل - دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ كۆكەرگەندە مۇشۇندا
چىرايلىق رەڭگە كىرەمدۇ ياكى مەن ئورنىمدىن قوزغالما
سېغىنىپ ياتقاندا ئۇلار شۇنداق گۈزەل كۆرۈندىمۇ، ئە
تاۋۇر، دەريانىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى تاللار مۇشۇ قې
ماڭا دۇنيانىڭ جەننىتىدەك بىلىنىپ كەتتى.

كۆتەمگە كۆزۈم چۈشتى. كۆينەك - ئىشتانلىرىمىزنىڭ
پۇشقاقلىرىنى باغلاپ، سۈيىدىن بېلىق تۇتىدىغان كۆتەمە
ئۇنىڭدىن قاينامغا بېشىمىزچە شۇڭغۇيتتۇق. بىراق كۆتەمە
دىن كۆرۈنگەنلا بالا سەكرىيەلمەيدۇ. ھە، غاپپار سۇغ
بېشىچە سەكرىگەندە قاراپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى بۆلەكچە ھەي-
ۋەتلىك... غاپپار!

ئاغىنەم ئېسىمگە چۈشۈپ دەرھال ئورنىمدىن تۇر-
ماقچى بولۇۋىدىم، بېشىم قېيىپ، يەنە يېتىپ قالدىم. پۇت-
قولۇمنى قىمىرلاتاي دېسەم، تېنىم قۇم - تاشقا چاپلىشىپ،
قاتۇرۇۋەتكەندەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۆزەمنى ئۇستۇمدىن
ئېغىر يۈك بېسىۋالغاندەك ھېس قىلدىم. «راستلا يەرگە چاپ-
لىشىپ قالدىممىكىن، يا بۇنىڭ ھەممىسى چۈشۈممۇ؟»
دەيمەن. پۇت - قوللىرىمدا جان بار ئوخشايدۇ، مىدىرلايدۇ.
كۈچۈمنى يىغىپ، بىر يېنىمغا ئۆرۈلگەندە، تەنلىرىم يەنە

5

چاشكا مەزگىلىدە يېزىدىن چىقىپ كېتىۋىدۇق، ئەمدى كۈن بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئولتۇرۇشقا ئاغامچا بويى قالغاندا بازار بەگ يېزىسىنىڭ تۆۋەن چېتىدىكى ئىتلىرى كۆپ يالغۇز ئۆيگە ئۇلاشتىم. يېزىغا يېقىنلاشقانسېرى هالىمدىن كېتىپ، ئەنە يىقىلىمەن، مانا يىقىلىمەن دەپ ئارانلا يەر دەسسەپ كېلىۋاتقىنىمدا ماڭا قارشى يۈگۈرگەن ئىتلاردىن قانداق قۇتۇلۇشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۆي تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ ۋاقىرىغان ئۈنى ئاڭلاندى-دە، ئاندىن تونۇش قويچىنىڭ ئىتلىرىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ قوغلىۋەتكىنىنى بايقىدىم.

— هوي بالام، بۇ ياقتا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

بۇ ئادەم قولتۇغۇمدىن يۆلىگەندە ئىككى پۇتۇمنى كېسىۋەتكەندەك يەرگە يىقىلدىم.

— چاپسان بولۇڭلار، ئاقلار ئەسىرگە ئالغان قىزىل ئەسكەرلەرنى دەريا ياقىلاپ چېگرا تەرەپكە هەيدەپ كېتىپ باردۇ... چاپسانراق بولۇڭلار.

مۇشۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا، قەرزىمنى ئادا قىلغاندەك، چوڭقۇر نەپەس ئالغىنىمنى بىلىمەن، باشقا هېچنەرسە ئېسىمدە يوق، يەنە هوشۇمدىن كەتكەن ئوخشايمەن.

6

بېشىم خېلىلا زەخىملەنگەن ئىكەن. شۇ ياتقان پېتىم بىرەر ئايغا يېقىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم، پەقەت

قالغان توختام سۇنى پۇراپ قىلىپ، ئېزىلىپ لەقۋا بولۇ
قالغان ئىكەنمەن، ئەمدى ساپ ھاۋا دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ
خېلىلا سەگىپ قالدىم، ئەمما بېشىم تاش بىلەن ئۇرۇ
ئېزىۋەتكەندەك، لوقۇلداپ ئاغرىماقتا. ئوڭ پۇتۇمۇ خېلى
زەخىملەنگەن بولسا كېرەك، يەرگە دەسسىيەلمەيمەن.
يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ، ماڭا ۋاقىت قىممەت. ئەگە
كۆپ كېچىكسەم قوللىرى كەينىگە باغلانغان قىزىل ئەسكەر
لەر ھايات بىلەن خوشلىشىشى مۇمكىن. ئۇلارنى كۆرۈپ تۇ
رۇپ، ۋاقتىدا خەۋەر قىلمىغىنىمنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى
ئاڭلاپ قالسا، يېزىدا بېشىمنى كۆتىرىپ يۈرگۈسىز قىلىۋەت-
مەمدۇ. بۇ ھەقتە غاپپارمۇ بىلىپ قالسا تېخى. پۇتۇمنىڭ
ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماستىن، بىر چامداپ، ئىككى چامداپ.
دەريا قىرغىقىدىن چىقتىم-دە، تاياققا تايىنىپ، دۆڭگە
يۇقۇرىلايدىغان يولغا چۈشتۈم. يېزىغا ئاپىرىدىغان بۇ
يولدا تالاي قېتىم ماڭغاچقا، ئۇنىڭ ئويمان-چوڭقۇرى
ماڭا بەش قولدەك تونۇش ئىدى.

ئالدىمدا تونۇشلار ئۇچرىشىپ قالامدىكىن دېگەندەك
ئەتراپقا سەپسېلىپ كېلىۋاتىمەن. سوغاق قۇم-شېغىلدا
ياتقاندا تىترەپ، مۇزلىغان تېنىم دۆڭگە ئۆرلىگەندە ئىسسىپ
كەتتى، قېنىم قىزىپ پۇتۇمنىڭ قاخشاپ ئاغرىغىنىنى ئۇنتۇپ
قالدىم. مېنىڭدىكى بىرلا مەقسەت — چاپسانراق يېزىغا بېرىپ،
قىزىللارنى قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. ئىلگىرى بىر دەمدىلا بېرىپ
يۈرگەن يېزا كۆزۈمگە يىراقتىكى سەرراپتەك غۇۋا كۆرۈ-
نەتتى، لېكىن يېتەلمەيتتىم. يېنىپ-يېنىپ غاپپار ئاغىنەم-
نى ئەسلەيمەن، بەلكى ئۇ مېنىڭدىن ئىلگىرى يېزىغا يېتىپ
بېرىپ، ئاقلار ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزگەندۇ.

كەتكەن ئىكەن. مەن بېلىمگە پوتا باغلاپ چۈشۈپ كېلىۋاتقاندا ياردىكى تۆشۈكلەردە ئۇچراتقان قۇش ئۇۋىلىرى، مېنى بەك قورقۇتقان كامارنىڭ ھېچقايسىسى يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈمۈرۈلگەن توپا تېگىدە قاپتۇ، كېيىنكى كۈنلىرى كەينى-كەينىدىن ياققان يامغۇردۇ ھەممىنى يۇيۇۋەتكەن ئىكەن. بىرنەچچە قېتىم ئاغىنىلىرىم بىلەن بېلىمگە ئاغامچا باغلاپ، يارنىڭ تېگىگە چۈشكەن بولسامۇ، كەينىمدىن سەكرىگەن غاپپاردىن قالغان بىرەر بەلگىنى ئۇچرىتالمىدىم. يار تېگىدە يېڭىدىن گۈمۈرلگەن سېغىز توپىدىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى.

7

چاچلىرى ئاقىرىپ، يىلدىن-يىلغا ئورۇقلاپ، تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان مۇرات مۇئەللىم بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئەسكە ئالسا، ئاغزى قۇرۇپ، نەپىسى بوغۇلۇپ قالاتتى.

— شۇنىڭدىن بېرى بۇ يەر مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئايلاندى، — دەيتتى مۇئەللىمىمىز، — ياش چاغلىرىمدا بۇ يەرلەرگە سىلەرگە ئوخشاش بۆلدۈرگەن تەرگىلى كېلىپ يۈردۈم. دائىم كۆڭلۈم مۇشۇ سايغىلا تارتىپ، خۇددى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى غاپپار ئاغىنەمنى تاپىدىغاندەكلا تۇرىمەن. ھايات دېگەنغۇ ئالدامچى كېلىدىكەن، شۇنچە يىلدىن بېرى ئۈمىت بىلەن ياشاۋاتسامۇ، تېخىچە ئۇنىڭدىن بىرەر دېرەك يوق. شۇ ساي، شۇ

ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشۇمنى كەلگەندە بېشىمدا ئولتۇر-
غان ھەمشىرە:

— قىزىللارنى ھەيدەپ كېتىپ بارغىنىنى خەۋەر قىلىپ چوڭ ئىش قىپسەن. شەھەردىن چىققان قىزىل ئەسكەرلەر-نىڭ كوماندىرى ئاغرىقخانىنى كېلىپ ساڭا كۆپ رەھمەت ئېيتتى، — دېدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بەلكى ئىلگىرىرەك ئويغانسام، كوماندىرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەر ئىدىم، دەيمەن.

— غاپپار كەلدىمۇ؟ — دېدىم ئەس ھوشۇمنى يىغىپ، ئۆزەمنى سەل تۈزۈگەندىن كېيىن ئاغىنەمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولۇپ.

— ئۇ سىنىڭ بىلەن بىللىمىدى؟ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاتا-ئانىسى ئىزلىمىگەن يەر قالمىدى، ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق.

مەن يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئېيتقاندىن كېيىن، پۈتكۈل يېزا خەلقى دەريا بويىدىكى چوگا-چاتقال بىلەن قۇم شېغىلنى توقسان قېتىم ئاختۇرۇپ چىقىسىمۇ، غاپپارنى ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. ئۇلار:

— بىر يەردە قۇم-لاتقىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسا، سۇ تارتىلغاندا تېپىلار، — دەپ ئۈمىت قىلغان ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقمىدى.

سەللىمازا ساقايغاندا بۆلدۈرگەنسايغا بارسام، يار يەنە بىرنەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىپتۇ. غاپپار پوتا باغلىغان بىر توپ تېۋىلغىنىڭ ئىزىمۇ يوق، ئىلگىرىكى ماڭا تونۇش يەرلەرنىڭ ھەممىسى كۆمۈرۈلۈپ، يارتېگىگە چۈشۈپ

بىلىنەتتى، خالاس. يېشىمىز كىچىك بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، بۇ ۋەقەنى تۆۋەنكى سىنىپلاردا يۈرگەندە ئاڭلىغاچقا، ئۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن ئىكەنمىز، تۆتىنچى سىنىپنى تاماملاپ، ئۆزىمىزنى خېلىلا چوڭ بالىلار قاتارىغا قوشۇپ يۈرگەندە ئاڭلىغان بۇ ۋەقە بىزگە بۆلەكچە تەسىر قىلدى. ئىلگىرى مۇئەللىمىمىز بىزنى ئېكىسكۇرسىيىگە ئېلىپ بارغاندا بۆلدۈرگەنسايغا ئۇزاق قاراپ تۇرسا، ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمايتتۇق، بۇ قېتىم غاپپار پېشۇنېرنى ئەسكە ئالغاندا، جىمجىت تۇرۇپ خۇددى مۇئەللىمىمىز بىلەن تەڭ ھەسرەت چېكىشىۋاتقاندەك، ئۆتمۈشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈردۇق.

ھە، بەزى قورقۇنچاق بالىلار بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سايدا كەپتەر تۇتۇپ بۆلدۈرگەن تېرىش ئۇيياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا يېقىن يولىماس بولدى. بۆلدۈرگەنساي ئىلگىرىكىدەكلا سېغىز توپىسى كۈندە پارقىراپ، يىراقتىن ئادەمنى ئۆزىگە چاقىرغاندەك مەغرۇر تۇراتتى. ئۇ بازار بەگ يېزىسىنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن ھامان ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇللىقىنى سىنايدىغان بىردىن-بىر جايى ئىدى.

يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىنىشقا ساناقلىق كۈن قالغاندا بىر ھەپتىگە يېقىن يامغۇر يېغىپ، جىرا-سايلارنى قىيان سۇغا توشتۇرۇۋەتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە دەريا ياقىسىغا بېرىپ، بېلىق تۇتۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ تېچ ئولتۇرالمايدىغان بالىلار پۇت-قولىمىز باغلانغان ئادەمدەك، ئۆيگە سولىنىپ قالدۇق. پەقەت كۈننىڭ كۆزى ئېچىلىپ، يەر-جاھان ئەكچىگەندىلا يەنە سەيلىگە چىقتۇق.

— بۆلدۈرگەنسايغا بارمىغىنىمىزغا تالاي كۈن بولدى. بۆلدۈرگەن پىششىپ كەتتىغۇ دەيمەن، — دېدى بۇ يىل مېنىڭ

پىچىچە تۇرىدۇ. مەن بىلىدىغان بۆلدۈرگەن، تاللار بىرنەچچە قېتىم يېڭىلىنىپ، سۇ ئۆز يولىنى ئۆزگەرتكەندە يارە-ن كەينىگە خېلىلا چېكىندى. ئەمما مېنىڭ ئىزلىگىنىم تېپىل-مىدى. بۇ ئەتراپنى چۆگىلەپ، يىراق كېتەلمىدىم. نەچچە قېتىم شەھەرگە چوڭ-چوڭ خىزمەتلەرگە چاقىرتتى، لېكىن دائىم يېزىدىن ئۈزۈلۈپ چىقاي دېسەم، بۆلدۈرگەنسايدىكى سۇ شاۋقۇنى بىلەن غاپپار: «مېنى تاشلاپ كەتمە!» دەپ ۋاقىرىغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر سۇ راسا تويغاندا چىقىرايدۇ، دەيدۇ. ئەمما مەن ئۇنىڭ راست-يالغىنىنى بىلمىدىم. لېكىن ماڭا دەريا تەرەپتىن سۇ ئۇلغايغاندا غاپپارنىڭ ئۈنىدەكلا بىر ئۈن ئاڭلىنىدۇ. بىرنەچچە قېتىم ئاغىنەم ۋاقىراۋاتىدۇ دەپ ئۇمۇنۇپ تالاغا چىققان كۈن-لىرىممۇ بولدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇمۇنۇپلا قېلىۋاتىمەن. تالاي ئادەم بىلەن ئاغىنە بولۇپ جۇدالىشىپمۇ كۆردۈم. ئەمما شۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆتكەنبىر تېگى ئېتىپ كېلىۋاتقاندا بويىنىمىزغا قىزىل گالستۇكلارنى بۇ تەۋەدە بىرىنچىلەردىن بولۇپ تاقىغان غاپپار ئاغىنەمنىڭ قەلبىمدىكى ئورنى باش-قىچە. مەن بۇ يەرگە كەلسەم، ئۆزەمنى يېڭىۋاشتىن ئون ئىككى ياشلىق بالىغا ئايلىنىپ، غاپپار بىلەن يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن. ئاغىنەمنى كۆپ ۋاقىت دەريانىڭ ھەر بىر تاش يوچۇقلىرى بىلەن ھەر بىر ئېچىمىدىن ئىزلىدۇق. بەزىلەر ئۇنى ئاقلار ھەيدەپ كېتىپتۇ، دىگەن ھەر خىل ئۇيدۇرمىلارنىمۇ ئېيتىپ يۈردى. شەخسەن ئۆزەمنىڭ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. يۈرىكىم ئۇنىڭ مۇشۇ ياردىن يىراق ئەمەس يەردە ياتقىنىنى سېزىدۇ.

بۆلدۈرگەنساي ئىلگىرى بىزگە ئادەتتىكى سايلاردەكلا

ئىلگىرى پىشقان بۆلدۈرگەننى يىغىۋالاي دىگەندەك، يۈگۈ-رۈپ كېتىپ باراتتى. بىر چاغدا ساينى بېشىغا كىيىپ ۋاقىرىۋەتتى.

— ئاپا ... ئا ... ئا! — ئۇنىڭ ئىنچىكە ئۈنىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتۇق.

— ئىلان چىقىۋالغان ئوخشايدۇ، — دىدى بالىلارنىڭ بىرى.

— بۇ قورقۇنچاق كىچىككىنە ئاغامچا پارچىسىنى كۆرسىمۇ ئىلان، دەپ ۋاقىرايتتى. كۆزى يوغان ئادەم قورقۇنچاق بولىدۇ، دىگىنى راست ئوخشايدۇ. — دىدى بىز سىرىلىپ چۈشۈۋاتقان ئاغامچىنى تۇتۇپ تۇرغان مۇزەپپەر.

— ۋاي، بالىلار، چاپسانراق كېلىڭلار، مۇنۇ يەردە ئادەم ئۆلۈگى تۇرىدۇ. يارنى ياقىلاپ ئۇڭغا مېڭىڭلار.

— مۇنۇ راست گەپ قىلىۋاتامدۇ، نىمە؟ قېنى، قە-يەردە؟ يالغان ئېيتىۋاتامسەنكىن؟

— راست ئېيتىمەن. پىشۇنىرلىق سۆزۈم.

مەنمۇ ئاغامچىدىن سىرىلىپ چۈشكەن پېتىمچە سەمەت-نىڭ قېشىغا يۈگۈردۈم.

— ھەي، راستلا ئادەم ئىسكىلىتى ئىكەن! — بىر ئاز يېرىنى توپا باسقان كىچىك ئادەم ئىسكىلىتى خۇددى زوئو-لوگىيە كابىنېتىدا تىكلەپ قويغاندەك يا ئا چاپلىشىپ تۇ-راتتى. بۇ يەردە ئادەم ئۆلۈگىنى ئۇچرىتىمەن دىگەن ئوي مېنىڭ ئوخلىسام چۈشۈمگە كىرىپ چىققان ئەمەس، ئىسكى-لىتنى كۆرگىنىمگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەيمەن. بىر ھەپتە ياققان يامغۇردىن ھاسىل بولغان قىيان سۈيى تو-پىنى ئېقىتىپ كەتكەندە خۇددى ئويۇقتا تىزىلغاندەك ئوچۇق قالغان ئىسكىلىتقا بالىلار ئۇزاق قاراشتى.

بىلەن بازار بەگ يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملاپ، ئەمدى خوشنا يېزىدىكى ئون يىللىق مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقان سەمەت، — ئاۋال شۇ تەرەپكە بارايلى، بولمىسا بۆلدۈرگەننى باشقىلار تېرىپ كېتىدۇ.

سەمەت ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق، قورقۇنچاق بالا ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ بالىلار ئۇنىڭ چىشىغا كۆپ تېگەتتى. يولۇپمۇ يولغا چىققاندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ كېلىۋاتقان مۇزەپپەر يەنە چېقىشتى.

— سەن ئاچكۆز، ئەشەدىكى بۆلدۈرگەننى قىزغىنىۋاتىسەن. قورقما، بۆلدۈرگەنسايىنىڭ بۆلدۈرگىنى ھەممىمىزگە يېتىدۇ. ئۆزەڭ قورقۇپ تۇرساڭمۇ، نەپسىڭ غىزادا.

— بىز ئاغىنىمىزنى تېرىكتۇرۇپ بۆلدۈرگەنسايغا قانداق يېتىپ بارغىنىمىزنى سەزمەي قاپتىمىز. بىر ھەپتە ياققان يامغۇر يارنى ئويۇپ، گۈمۈرۈپ، قىيان سۇ بىر تالاي يەرنىڭ تۇپىسىنى دەرياغا ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئىلگىرىكى بىزگە تونۇش قىرغاقنىڭ ئىزناسىمۇ يوق.

— يېزىغا قارىغاندا بۇ يەردە يامغۇر خېلىلا قېلىن ياققانمۇ، ھاۋانىڭ ئېچىلغىنىغا خېلى ۋاقىت بولسىمۇ، يەر تېخى ئەكچىپ ئۈلگۈرمەپتىغۇ، — دېيىشتى بالىلار.

بىز بەللىرىمىزگە ئاغامچىلارنى باغلاپ، ياردىن سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدۇق. ئەمما ياردىكى بىزگە تونۇش كامارلار بىلەن قۇش ئۇۋۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەنە سۇ ئېقىتىپ، يار خۇددى يوغان تامدەك پاكىز بولۇپ تەكشىلىنىپ كېتىپتۇ.

يارغا بىرىنچى بولۇپ چۈشكەن سەمەت ھەممىمىزدىن

ئېسىگە چۈشۈۋاتقاندەك بىر پەس جىم بولۇشتى.

— كېيىنكىدە جان بار ئىكەن. بۇ ھەققە مۇئەللىمگە چاپسانراق خەۋەر قىلايلى. ئۇنىڭ ئىزلەپ يۈرگەن ئاغىنىسى مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن.

— مۇرات مۇئەللىمنى باشلاپ كېلىڭلار.

— بۆلدۈرگەنسايدىن غاپپار ئاغىنىسىنىڭ جەسىدى تېپىلدى دەڭلار. مۇمكىن بولسا بىرەر ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، چاپسانراق ئېلىپ كېلىڭلار، — دېيىشىپ بالىلار بۆلدۈرگەنسايىنى بېشىغا كىيدى.

تۈيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن، ئىلگىرى بالىلار بۆلدۈرگەن تەرگىلى كەلگەندىلا ۋاڭ-چۇڭغا تولۇپ، باشقا ۋاقىتتا جىمجىت ياتىدىغان سايغا ھەر تەرەپتىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىۋىدى، بۇ ئەتراپ ئۆپۈر-تۆپۈر بولۇپ كەتتى.

— مۇئەللىم كەلدى، مۇئەللىم.

يار ئۈستىدە جۇغى كىچىك مۇئەللىمىمىز پەيدا بولدى. ئەتىمالىم، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىنى ئۇنتۇپ، بۆلدۈرگەنسايغا يۈگۈرگەن بولسا كېرەك، دائىم يىلىمداپ قويىدىغاندەك كەينىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان سىلىق چېچى چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. ئىلگىرىكى ئالدىرىماي، سالماقلىق ماڭىدىغان مېڭىشىمۇ يوق. ئۇ ياردىن سەكرەيدىغان يەر ئىزلەۋاتقاندەك قىرغاقتا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ. بىز مۇئەللىمىمىزگە خۇش خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ ئېيتىۋالايلى دېگەندەك، قالغانچىلىك بالىلىرىغا ئوخشاش چۇقىرىشىپ كەتتۇق.

— مۇئەللىم، مانا مۇنۇ يەردە.

— يىگىرمە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلۈپ قالغان نەتىـ ئادىمى، شۇنداقلا يۈگۈرۈپ كەلسەم ئالدىمدىن چىقتۇ جىن دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ كەتتىم، — دېد ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان سەمەت.

— مۇرات مۇئەللىم بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئەسـ ئىلگىرى بۇ تەۋەدە جەڭ بولغان دەيتتى. بەلكى شۇنىڭدىـ قالغان ئۆلۈكتۇ. يىل ئۆتكەنسېرى توپا ئاستىدا بېسىلىۋېرىپ يەر تېگىگە چۆشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆلۈلەرنىڭ چېرىكلىرىنىڭ جۇغى بەك كىچىك دەيدىغان. شۇڭلاشقا بۇ بالىنىڭ ئىسكىلىتىدەكلا ئىكەن.

بۆلدۈرگەنسايغا چۈشكەن بالىلار ئۆز تەخمىنلىرىمىزنى ئېيتقىنىمىز بىلەن ھېچقايسىمىز ئۆلۈكنىڭ شۇنچىلىك چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق دەلىل تاپالمىدۇق.

— ئەگەر ئۆلۈكنى بىرى ئەتەيلەپ كۆمگەن بولسا، توغرىسىغا ياتقۇزمايتتىمۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆرە تۇرىدۇ؟ — دېدى بالىلارنىڭ بىرى.

— ئۇ دېگىنىڭمۇ توغرا. بۇ ھەقتە مۇرات مۇئەللىمدىن سوراپ كۆرەيلى.

— ھەي بالىلار، مۇرات مۇئەللىم بىزنى دائىم مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندە بۆلدۈرگەنسايدا يوقاپ كەتكەن غاپپار پېشۇنىر ھەققىدە كۆپ ھېكايە قىلاتتىغۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۆلۈكى ئەمەسمۇ؟!

مۇزەپپەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ گەپ قىلىشقا ئەيمىنـ گەندەك كۆزلىرىمىزنى پارقىرىتىپ، بىر بىرىمىزگە قارىشىپ قېلىشتۇق. بالىلار يىغىۋاشتىن مۇرات مۇئەللىمنىڭ ھېكايىسى

دەيمەن. ئۆزەممۇ شۇنداق گۇمانلىنىپ يۈرەتتىم، — دېدى.

— راست ئېيتىسىز، مۇئەللىم. ئىسكىلىتتۇ ئۆرە تۇرۇپتۇ، — گەپكە يەنە سەمەت كاسكا ئارىلاشتى.

— قېنى، بالىلار، ئاغامچاڭلارنى ئەكىلىڭلار. مەن چۈشۈپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي.

يېشى ئاتمىشقا ئۇلاشقان ئۇستازىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا بۇ نېمە گەپ، ئۇ ئۆزى ئاران يۈرگەندە، شۇنچە چوڭقۇر يارغا قانداق چۈشىدۇ دېگەندەك بىر بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— ياق، مۇئەللىم، ئۇ يەرگە چۈشمەن دەپ زورۇقۇپ قالمىسىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئىسكىلىتنى بىز مىشكاپقا سېلىپ ئېپچىقايلى، — دېدى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقۇرى سىنىپىدا ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ بىرى.

— ھۆرمەتلىگىنىڭلارغا رەھمەت، بالىلار. ئەمما مەن غاپپارنىڭ جەسىدىنى يېرىم ئەسىردىن بېرى ئىزلەپ يۈرىمەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنى چېچىلماي تۇرغاندا ئۆزەم كۆرەي.

بۆلدۈرگەنسايىنا كەلگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا مۇرات مۇئەللىمدىن چوڭ ئادەم يوق بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى. بىز ئۇنىڭ بېلىگە يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن ئۇزۇن ئاغامچىنى باغلاپ، بىر ئۇچىنى تۆتىمىز تۇتۇپ تۇردۇق.

يارغا چاپلانغان ئىسكىلىتقا ئۇزاق قارىغان مۇئەللىم سېغىز توپىدا كۆمۈلۈك تۇرۇپ، سارغىيىپ كەتكەن باشنى خۇددى ئاشۇ ئىسكىلىتقا ئوخشاش ئىنچىكە قوللىرى بىلەن ئاستا سىلاپ كۆرۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— مۇئەللىم، سىز ئېيتقان غاپپار پېشونىڭ جەسە-
دىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.

— دەسلەپ مەن كۆرۈپ قالدىم، مۇئەللىم... سە-
قىلۇغا مېڭىپ ئىگىشىپ قارىسىڭىز كۆرۈنىدۇ.

چۇقىرىشىۋاتقان بالىلار ئىچىدە پولتايغان كۆزلىر-
چانىغىدىن چىقىپ كەتكۈدەك پارقىراپ قالغان سەمە-
قورقۇنچاقنىڭ ئۈنى ئالايىتەنلا ئاڭلانماقتا. ئۇ خۇددى
بۈگۈنكى كۈننىڭ قەھرىمانىدەك بىردەم ئۇياققا، بىردە
بۇياققا يۈگۈرىدۇ.

بىز مۇئەللىمنى كۆرۈپ، ئاغامچىغا ئېسىلىپ يارنىڭ
ئۈستىگە چىقتۇق. قىرىق-ئەللىك مېتىردەك كەڭلىكتىكى
يار قىرغىدا بىر نەرسىنى مۆلچەرلەۋاتقاندەك مېڭىپ يۈر-
گەن مۇئەللىم ئالدىمىزغا كەلدى. بۈگۈن ئۇنىڭ نەپەس
ئېلىپ، سۆزلىشىمۇ باشقىچە، ئۈنلىرى پۈتۈپ
ھاسىراپلا قاپتۇ.

— جەسەتنى قەيەردە دەيسىلەر، بالىلار؟

— مانا، مۇنۇ ئۆدۆلدا... يارغا چاپلاپ قويغاندەك
تىكلا تۇرىدۇ.

بالىلار مۇئەللىمنىڭ سۆزلىشىگە پۇرسەت بەرمەي
چۇقىرىشىپ كېتىشتى. مۇرات مۇئەللىم بىز كۆرسەتكەن
يەردىن ئىككى قەدەم كەينىگە داجىپ تۇرۇپ:

— راستلا غاپپارنىڭ جەسىدى ئوخشايدۇ. سەۋەبى
بىز پۇتىمىزنى باغلىغان بىر توپ تېۋىلغا تەخمىنەن
سىلەر ئىسكىلىتنى تاپقان يەرنىڭ ئۆدۆلىدا ئىدى. ئەتىمالىم
ئۇ سەكرىگەندە سۇ ئويۇۋەتكەن كامارغا چۈشكەن بولسا
كەينىدىن يار گۈمۈرۈلۈپ، توپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىۇ

هايات كەچۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلغان ئاق گۋاردىيىچىلەر ئۇنىڭ تاغ سۈيىدەك جۇشقۇن سوققان يۈرىگىنى توختىتىپ، ئويلىغان مەقسىدىگە يەتكۈزمىدى. غاپپار ئارمىنى كۆپ، بىلىمگە خۇشتار پىئونېر ئىدى. ئۇ هاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پىئونېر سېپىگە ئۆتكەن چېغىدا بەرگەن قەسەمىيادىغا سادىق بولدى ...

مۇرات مۇئەللىم ئۇزاق سۆزلىدى. ئاندىن كېيىن سۆزگە چىققان باللار غاپپار پىئونېرغا ئوخشاش ۋەتەن ئىشىغا دائىم سادىق بولىدىغانلىقى، بۇ قەۋرىنى كۈتۈشنى ئۆز غەمخورلۇقىغا ئالىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەمىيات قىلىشتى.

— بۇ غاپپارنىڭ جەسەدى. ئۆزىمۇ كەڭ ماڭلا
قاڭشالىق بالا ئىدى. مۇشۇ سۆڭەكتىن مەن ئۇنى رەسىم
چۈشۈرۈۋالغاندەك كۆرۈۋاتىمەن.

ئۇ سۆڭەكتىن توپىنى تازىلاۋاتقاندا، ئۆزىگە تونۇ
بىر نەرسىنى ئىزلىگەندەك، ئىسكىلىتىنىڭ ھەر بىر مۈچىس
ئالاھىدە زېھىن قويۇپ قارىدى.

— جەسەتنى مۇشۇ يەرگە كۆمەيلى! — دېدى مۇئەللى
مىمىز، غاپپار پىشونېرنىڭ سۆڭىكىنى بۆلدۈرگەنسايدى
ئېلىپ چىققاندا ياردىن ئوتتۇز - قىرىق قەدەم نېرىدىك
ئۆينىڭ ئورنىدەك كىچىك دوڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، — ب
ئۆتەر. ئۇ يېزىمىزغىمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. غاپپا
مۇشۇ ئىگىزلىكتىن ئۆكتەبىر تېڭى قىزىرىپ ئاتقاندا دەسلەپ
ئۇچقان قالپاچتەك ھەممىمىزگە قاراپ تۇرسۇن.

بازار بەگ يېزىسىنىڭ خەلقى كۆچۈپ دىڭگۇدەكلا
كەلگەن بۆلدۈرگەنساي بۇ كۈنى بۆلەكچە ھەيۋەتلىك
بولۇپ كەتتى، ئۆز مەزگىلىدە ئۇنىڭ جەسەدىنى ئىزلەپ
تاپالمىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەنى بىلىدىغان ئادەملەرمۇ
يېزىدا بار ئىكەن.

غاپپار پىشونېرنى دەپنە قىلىشقا بېغىشلانغان يىغىننى
مۇرات مۇئەللىم ئاچتى:

— يولداشلار، بىز بۈگۈن ئۆكتەبىر تېڭى يېڭىدىن
ئېتىپ كېلىۋاتقاندا، مۇشۇ تەۋەدە دەسلەپ بوينىغا قىزىل
گالىستۇك تاقاپ، لېنىن ئىشىغا دائىم تەييار تۇرۇش ئۈچۈن
ئىنتىلگەن قورقۇمسىز، ئەر يۈرەك سەپدىشىمىزنى دەپنە
قىلىۋاتىمىز. سىلەرگە ئوخشاش ياشلارنىڭ مۇشۇنداق پارلاق

شۇ چاغدىلا ئۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، دادام-نىڭ ئاخىرقى خېتىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى سەزگەندەك بولدۇم. مۇئەللىم ئۇرۇشنىڭ بىزنىڭ بېشىمىزغا سالغان ئېغىر كۈلپەتلىرى ھەققىدە ئېيتقاندا ئۇنىڭغا غەزەپ-نەپ-رىتىمىز تېخىمۇ ئۆرلىدى.

بىز ئەمدى دادىمىزدىن كېلىدىغان خەتنىڭ ئۈزۈل-كېسىل توختىغىنىنى بىلسەكمۇ، ئۇرۇش تۈگەپ، خېلى ۋاقىتقىچە خۇددى پوچتالىيون ئۆيىمىزگە بىر ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغاندەك، ئۇنى تاقەتسىز كۈتۈپ، ئىستانسىدىن ئۆ-تىدىغان پويىزلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، ۋاگونلارغا ئىچىدىن ئاخىرقى يولۇچى چۈشكىچە چوڭ ئۈمىدتە قارايتتۇق. لېكىن پوچتالىيون چوڭ كوچىنىڭ دوخمۇشىدىكى كۆك قاپقىلىق ئۆيىمىزنى بايقىماي قالاتتىمكىن، بىرەر قېتىممۇ بىز تەرەپكە بۇرۇلماي، ئىشىكىمىزدىن ئۆتتەك ئۆتۈپ كېتەتتى. ۋوگزالغا كېلىپ توختىغان پويىزلار شۇنچە ئادەمنى ئېلىپ كەلسىمۇ، خۇددى مېنىڭ دادام پاتماي قالغاندەك ئۇنى قايتۇرۇپ كەلمىدى. ئەسلىدە، بۇنىڭدىن كېيىن دادامغا ئىستانسىدا بوي كۆرسىتىپ يۈرۈشكە نېسىپ قىلمىغان ئىكەن. پەقەت ئۇرۇش تۈگەپ، ئارىدا ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىستانسىدىكى كۆپ ئۆيلەرگە ئوخشاش، بىزگىمۇ رايونلۇق ھەربىي كومىسسارىياتتىن دادامنىڭ جەڭدە قۇربان بولغانلىقى ھەققىدە قارا قەغەز كەلدى. ئاپامنىڭ نامىغا كەلگەن قەغەزدە: سىزنىڭ يولدىشىڭىز قادىروپ 1941-يىلى نويابىر ئېيىدا ۋەتەن ئۈچۈن جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى دەپ قىسقىلا يېزىلىپتۇ.

ئاپام دادامنىڭ ئۆلگىنى ھەققىدە قەغەز ئالغاندا

# دادامنىڭ ئاخىرقى خېتى

## 1

دادامنىڭ جەڭ مەيدانىدىن يازغان ئاخىرقى خېتى ئۆيىمىزدىكى تېشى قەلەيدىن قاپلىنىپ، گۈل چېكىلگەن رۇس ساندۇغىنىڭ تېگىدە كۆپ يىلدىن بېرى يىغىلىپ كەتكەن قەغەزلەر بىلەن بىللە ساقلىنىپ، پەقەت مەن مەكتەپكە ماڭغاندىلا ئانام ئۇنى ئالايىتەن ئوراپ، ئايرىم ئېلىپ قويدى.

— دادالڭ بۇ خەتنى قىرىق بىرىنچى يىلنىڭ كۈز ئايلىرىدا، موسكۋا يېنىدىكى قاتتىق جەڭگە كىرىشتىن ئىلگىرى يازغان. شۇ قېتىم ئۆيگە قايتمايدىغىنىنى كۆڭلى تۇيسا كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن خەت-خەۋەر بىرىدىن توختىدى، — دەپ ئاپام دادامدىن كەلگەن خەتنى بۆلەكچە قەدىرلەپ ساقلايدىغان بولدى. ئۇ چاغدا مەن بۇ خەتنىڭ قەدىر-قىممىتىگە ئانچىلا يەتمىگەن ئىدىم. سەۋەبى، ئويۇن قېپى بالىغا تىلسىز خەتتىن كۆرە، تاتلىق كەمپىت ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟!

دادىلىرى فرونتتىن قايتقان بالىلار خۇشاللىقىدا ئاغزى-قۇلىقىغا يەتكۈدەك كۈلۈپ، كوچىغا چىققاندا، بىز ئاتىسىز قالغان يېتىملەر ئۆينىڭ بۇلۇڭى بىلەن تام تۈۋۈد-دە ئۇلارغا بوينىمىزنى قىسىپ، تەلمۈرۈپ قارىدۇق. پەقەت

دەك ئوقۇيدىغان بولدۇق. مەن ئىككى ۋاراق قەغەزنىڭ ئالدى-كەينىگە لاتىن ھەرپىدە يېزىلغان يېزىقتا ئۇزاق قارايتتىم. بوياق قېرىنداشتا يېزىلغان خەتنىڭ بەزى ھەرپلەرى ئەچۈپ كەتكەن. لاتىن ھەرپىنى تونۇيدىغانلىقتىن، ۋائىم ئاپام ئۇنى ئوقۇغاندا يېنىدا ئولتۇرۇپ بەك قىزىقىپ تىڭشايمەن.

«بۇ خەتنى دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققان كۈنى موسكۋا يېنىدىكى جەڭگە كىرىش ئالدىدا يېزىۋاتىمەن، — دەپ ئوقۇشقا باشلايتتى ئاپام، — دۈشمەن بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، ئەمما نېمىسلار بۇ يەردىكى جەڭگە ئادەم كۈچى بىلەن تېخنىكىسىنى قانچە كۆپ ئېلىپ كەلسىمۇ، بەربىر كۆكۈم-تالقىنىنى چىقىۋاتىدۇ. مەن بىزنىڭ جەڭچىلەردە قانداقتۇ پوكۆلمەس ئىرادە، ئۆزلىرىنىڭ غالىبىيىتىگە بولغان چوڭ ئىشەنچنى سېزىمەن. بەربىر بىز غالىپ چىقىمىز. بىزنىڭ كوچىمىزدىمۇ بايرام بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىشەن، ئايەتخان. جەڭچىلەر بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنمەسلىك ھەققىدە قەسەمياد قىلىشتى. ئەمدى دۈشمەن ئىلگىرى ماڭالمايدۇ. بىز ئۆلۈپ كەتسەكمۇ، نېمىس باسقۇنچىلىرىنى موسكۋاغا قويۇپ بەرمەيمىز.

موسكۋا يېنىدا قىزغىن جەڭ بولىۋاتىدۇ. بەللە ھۇجۇمغا چىققان ئاغىنىلىرىمىزدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئايرىلىپ قالىمىز، شۇنداق دىسەم مېنىڭدىن ۋايىم قىلىپ يۈرمە.

سەن مېنىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرىمنى ساقلاپ قوي. ئەتە-ئۆگۈن ئوغلىمىز چوڭ بولغاندا بىزنىڭ ئانا ۋەتەن ئۈچۈن قانداق جەڭ قىلغانلىقىمىز ھەققىدە بېلىپ

...ۇن ئادەملەر ئايىغى بې...
...ى ـ دە، ئاندىن تۆت تېمىمىزنى سۆرۈن جىمجى...
باستى. ئەمدى پويىز بېكەتتىن كۆرۈنۈشى بىلەن ۋو...
يۈگۈرۈپ بېرىپ، ۋاگوننىڭ ئىچىدىن دادامنى ئىزل...
بولدۇق. دادام ئۆلۈپ كەتسىمۇ، كەينىدىن قارا ق...
كەلىسە بولغان. ئەسلىدە بۇ ھاياتتا بىرىنى كۈتۈپ، ئۇ...
بىلەن ياشىغانمۇ ياخشى ئىكەن. ھەربىي كومىسسارىيات...
كەلگەن ئالقاندەك كۆك قەغەز ماڭا ئاپام ئىككىلەنس...
شۇنچە يىلدىن بېرىقى ئۈمىدىمىزنى پالتا بىلەن چېپىۋە...
كەندەك تەسىر قىلدى. كېيىنرەك: «ئاشۇ قارا قەغەز...
ئالمىغان بولسا، بەلكىم بىز بۆلەكچە ھايات كەچۈرەر ئىدۇق،
دەپمۇ ئويلىدىم. ئاپام ئىككىسىلەنگە چوڭ ئۈمىت باغلىغان
دادامدىن پەقەت بىر پارچە تىلسىز قەغەزلا قالدى، خالاس.
كېچىلىرى ھەربىي كومىسسارىياتتىن كەلگەن خەتنى شىرە ئۈس...
تىگە قويۇپ، كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرىمىز. مۇنداق چاغدا ئاپام
دادامنىڭ تۆمۈر يولدا ماشىنىست بولۇپ ئىشلىگەن
كۈنلىرىنى ئەسلەيدۇ، مەن بولسام ئۇنى خۇددى كىنودا
كۆرۈۋاتقاندەك كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن.

قارا قەغەزدىن كېيىن ئاپام دادام ھەققىدە ئاز
ئويلار دىگەن ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ قايغۇسى بېسىلمىدى.
ئەمدى ئاپام چاپسان - چاپسانلا ساندۇقنىڭ تېگىدىكى
دادامنىڭ ئاخىرقى خېتىنى ئېلىپ، بىر قېتىم ئوقۇپ
چىقاتتى - دە، ئاندىن جىمجىت ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر ئويغا
چۆمەتتى.

يىللار ئۆتۈپ، دادامدىن مىراس قالغان نەرسىلەر
ئازايغانسېرى، بىز بۇ خەتنى دەسلەپكى قېتىم كۆرۈۋاتقان-

قا كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، دادامنىڭ لاتىن ھەرپىدە يېزىلغان خېتىنى كۆپ يىل ئوقۇيالمىدىم. يۇقۇرى سىنىپقا كۆچۈپ، ئۆزلۈكىمدىن لاتىنچە ئۆگەنگەندە ھېلىقى خەتنىڭ ھەرپلىرى ئۆچۈپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى.

بالىلىقتا بىلىمگىنى بىلەن، چوڭ بولۇپ، ئاق-قارىنى ئايرىغۇدەك ياشقا يەتكەندە ئاتىنىڭ قەدىر-قىممىتى بۆلەكچە سېزىلىدىكەن. باللار بىلەن يىغىلىپ قالساقلا، ئۇلار دادىلىرى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ پاراۋزىنى چۈشكەنلىگى ھەققىدە ئېيتىپ، كۆپ ماختىنىدۇ.

يەكشەنبە كۈنلىرى باللار دادىلىرىغا قوشۇلۇپ، ماشىنىلارغا چۈشۈپ، دەرياغا بېلىق تۇتقىلى كەتكەندە، مەن يەنە كوچىدا يالغۇز قالاتتىم. يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىنى يالغۇز ئۆتكۈزمەكنىڭ تەسلىكى. مۇنداق كۈنلىرى مەن بىزنىڭ كوچىدىكى يۈزىدە سەپكۈنى بار ۋاسىيا بىلەن قالىمەن. ئۇ مېنىڭدىن ئۈچ سىنىپ يۇقۇرى ئوقۇيسىمۇ، ئىككىلەن جان ئاغىنە. ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۇرۇشتىن قايتمىغان. بىر ياخشىسى، ئۇ ماڭا ئوخشاش دادىسىنىڭ جەڭدىن قايتمىغىنىغا كۆپ ئاھ ئۇرۇپ، كۆڭلىنى بۇزمايدۇ. ۋاسىيا چىدامىلىق. ئۇنىڭ ئارمىنى كۆپ، شۇڭلاشقا بىز تۆمۈر يول ۋوكزالىغا بېرىپ، ئىستانسىدىن ئىتتىك ئۆتۈۋاتقان پويىزلارغا قاراپ ئارمان قىلىشنى ياخشى كۆرىمىز.

— چوڭ بولغاندا پويىزلارغا چۈشۈپ، بەربىر دادامنى ئىزلەپ تاپىمەن، — دەپ قويىدۇ ئۇ، ئەللىك-ئاتمىش ۋاگوننى چاتقان پاراۋوز يىلانغا ئوخشاش تولغىنىپ، ئېگىز دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. قايتقان پويىزلار دادىمىزنى ئېلىپ كېلەمدىكىن دەپ، ئۇنىڭغا

قالسۇن... جەڭ دېگەن ئۆلۈمسىز بولمايدۇ. ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولسا، ئۆلۈم ساڭا ئامانەت. كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراتماي، ئەل قاتارىغا قوش. چوڭ بولغاندا، داداڭنىڭ تۆمۈر يولدا ئەمەلگە ئاشۇرالماي كەتكەن مەق-سەتلىرى كۆپ ئىدى، دېگىن... مەن يۇرتقا ساق-سالامەت قايتسام ئوغلۇمنى ئۆزەمگە ئوخشاش ماشىنىست قىلىپ تەربىيلەيمەن... بۇ خەتلەرنى سەن ئوقۇغاندا ئارمان ئۇنى قۇچىقىڭدا ئولتۇرۇپ تىڭشار. مېنىڭ نامىمدىن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، سۆيۈپ قوي. ئوغلۇمنى بەك سېغىندىم، ئۇ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ... قاچانمۇ بىزنىڭ ئوغلىمىز قولىغا قەلەم ئېلىپ، ماڭا خەت يازغۇدەك بولار... كەينىڭ-دە ئۈمىت باغلىغۇدەك ئوغلۇڭ بولسىمۇ چوڭ مەدەت ئىكەن. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئارماننى ئويلىسام كۈچۈمگە-كۈچ، غەيرىتىمگە-غەيرەت قوشۇلغاندەك بولىدۇ.

ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق، ئايەتخان؟! مېنىڭ قايغۇمنى قىلما، سەل قىينالساڭلا، ئىككى كۆزۈڭدىكى ياشقا زورلايدىغان ئىشىڭ بار سېنىڭ. تۆمۈر يولدىمۇ كەچكىچە كۆز يېشىڭ قۇرۇماي، ئاھ ئۇرۇپ يۈرەمسەنكىن. بېلىڭنى مەھكەم باغلاپ، ئۆزەڭگە مىقتا بول...»

ئاپامنىڭ ئۇنى پەسىيىپ، خەتنىڭ ئاخىرىنى ئۆزىچە پىچىرلاپ ئوقۇيتتى. بالىلىق قىزىقتە! ئۇنىڭ ئۇنى پەسەي-تىشىنىڭ سەۋەبى: «دادام خېتىنىڭ ئايىغىدا نېمە يازدىكىن دەپ قىزىقىمەن.

— ئاخىرىنى سەن تىڭشىمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇنى ماڭا قارىتىپ يېزىپتۇ، — دەپ قوياتتى ئاپام.

مەن مەكتەپكە بارغان يىلى ئوقۇغۇچىلار يېڭى يېزىق-

كۆنى داداڭنى ئېلىپ كېلەمدىكىن دەپ قوياتتى. ئەمما بىز ئۇنى ئۈمىت بىلەن كۈتسەكمۇ، پاراۋوز بەربىر دادامنى ئېلىپ قايتمىدى.

ئۇرۇش تۈگەپ، ئارىدىن خېلى يىل ئۆتكەندە، بىر كۈنى ئاپام ئىستانسىدىن ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ تۇيۇقسىز يېتىپ كەلدى-دە:

ئۆيدە بىرسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچكىم يوق.

ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلىغاندا چوڭقۇر نەپەس ئالدى-دە، ئۆزىنى سۇپىغا لاسسىدە تاشلىۋەتتى. ئاپامنىڭ ئەتىدىن كەچ كىرگىچە پاراۋوزدىن چىققان ئىس بىلەن قارا كۆيە سىڭىپ، قارىداپ كەتكەن چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چانىغىغا تېخىمۇ-ئولتۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ مۇنداق چاپسان ئۆزگەرگىنىنى بايقىمىغان ئىدىم. شۆكلاشقىنمۇ نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدىم.

— بالا، پويىز ئۆتكەندە ۋاگوننىڭ دەرىزىسىدىن ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر ئادەم قول شىلتىۋىدى، داداڭغا بەك ئوخشاپ كەتتى. مەن تېخى داداڭ كەلگەن چېغى دەپتىمەن.

ئاپام دائىم بويىنىغا ئوراپ يۈرىدىغان يوغان قارا ياغلىقىنى مۈرىسىگە چۈشۈرۈۋېتىپ، سۇپىدا قوزغالماي ئۇزاق ئولتۇردى. ئىككىيلەننىڭ ئۆيىنى ئىستانسىدا ۋاگون يۆتكەپ يۈرگەن پاراۋوزلارنىڭ قىسقا-قىسقا سىگنال بېرىشى بىلەن يۈك توشۇيدىغان ۋاگونلارنىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ، چېتىلغاندا تاراقلىغان ئاۋازى بۆلۈپ تۇراتتى.

— ئەمدى داداڭنىڭ كېلىشى يوق دىگىنە، — يەنە

قىزىقىپ قارايمىز. لېكىن بىزنىڭ ئۈمىدىمىز قۇرۇق كۆڭۈل
بەزلەش ئىكەن.

بىز ئەتىگەنلىكى پاراۋوز ئۇزاق گۇدۇك بەرگەند
ئويغىناتتۇق.

— تۇر، ئارمان، تۇر، مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاق
بولۇپ قاپتۇ. ئەنە داداڭنىڭ پاراۋوزى ئۆتۈپ كېت
باردۇ، — دەيتتى ئاپام. ئۇ بۇ سۆزنى ئېيتىشى بىلەن
رېلىسقا تىك-تاق قىلىپ ئۇرۇلغان ۋاگون چاقلىرىنىڭ
قۇلاققا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل ئاۋازى چىقاتتى-دە
ئاندىن ئىستانسىدىن بارغانسېرى يىراقلاۋاتقان پاراۋوزنىڭ
تولىمۇ ئۇزاق سىگنال بەرگەن ئۈنى ئاڭلىناتتى.

پويىز ئۆتۈپ كەتكەندە، مەن جىلتامنى كۆتىرىپ
مەكتەپكە ماڭاتتىم، ئاپام بولسا قارا سوكنۇ ياغلىقىغا
ئورۇنۇپ، ئىستانسىغا بېرىشقا تەييارلىناتتى.

دادام جەڭگە كەتكەندىن بېرى تالاي نەرسىلەر
ئۆزگىرىپ، كۆپ يېڭىلىق يۈز بەرسىمۇ، ھەر كۈنى بىزنى
ئويغىتىدىغان پاراۋوزنىڭ ئۇزاق سىگنال بېرىپ، ئىشىكىمىز-
نىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان ۋاقتى-سائىتى ئۆزگەرمىدى.
شۇڭلاشقا مەن بۇ سىگنالنى ئاڭلىغاندا: پاراۋوز سىگنال
بېرىپ تۇرغاچقا بىر چاقىرىمدەك يىراقتىكى
مەكتەپكە بىرەر قېتىممۇ كېچىكىپ باقمىدىم دەپ ئويلايتتىم
ۋە بەزىدە، دادام جەڭگە ماڭغاندا ئۆزى ھەيدىگەن پارا-
ۋوزغا ئەتىكەنلىكى ئارماننى ئاپىسى بىلەن ئويغىتىپ تۇرغىن
دەپ قاتتىق جېكىپ كەتكەنمىكىن، دەيتتىم.

ئاپام ئىستانسىغا كىرىپ كېلىدىغان پاراۋوزنىڭ ئۈنىنى
ئاڭلىغاندا: پاراۋوز مۇشۇنداق سىگنال بېرىپ يۈرۈپ بىر

ئوخشاش ناكا بولۇپ قايتىپ، ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ بەرسە تاغدەك مەدەت ئەمەسمىدى؟! ئۆيدە ئەر كىشىنىڭ بولغىنى ئوغۇل بالىنىمۇ ياخشى» دەپ قوياتتى ئاپام. ئاپامنىڭ ئېيتقىنى راست ئوخشايدۇ. بىزنىڭ كۆڭلىمىز مىسكىن ئۆسكەن ئۈچۈنمۇ، بەزىدە ئۆزىمىزنى قانچە غەيرەت-لىك تۇتۇشقا تىرىشقان بىلەنۇ، بىرنەرسىدىن خىجالەت بولغاندەك جۈرئەتلىك ئەمەس ئىدۇق.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا، يەتتىنچى بىكەتنىڭ بالىلىرى بىلەن پوكزەك ئوينىۋېتىپ، كېكىرتەك سىقىشىپ قالدۇق. قىرىشقاندەك بۇ قېتىم ئاغىنىلىرىمدىن ھېچكىم قالماپتۇ. مۇنداق پەيتتە، دائىم ماڭا ياردەمگە كېلىدىغان ۋاسىيا شۇچۇكمۇ يەر يۇتۇۋالغاندەك يوق ئىدى. بالىلار مېنىڭ پوكزىگىمنى تارتىۋالغىنىنى ئاز دەپ، پاتقاقتا بېسىۋېلىپ، ئۇرۇپ كەتتى. يىغلىغان بويى توپ-توغرا ئۆيگە كىردىم. ئاپام ئۆيدە ئىكەن. مەن «بالىلار ئۇردى» دىگەن سۆزنى ئېيتا-ئېيتماستىنلا، ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقتى.

— قەيەردە تاياق يىگەن بولساڭ، كۆز يېشىڭنى شۇ يەردە تۆگەت. سېنى بالىلاردىن تاياق يىسۇن دەپ بېقى-ۋاتقىنىم يوق. ئىزا تارتماي كۆزىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ كىرگىنىنى قارا.

ۋاسىيانى ئەتىسى مەكتەپتىن قايتقاندىلا ئۇچراتتىم. ئۇ مېنىڭ پارىڭىمنى قولاق سېلىپ تىڭشىغاندىن كېيىن:

— بىزسىز مۇ ئاپىلىرىمىزنىڭ دەردى يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارغا كۆرۈنگەن نەرسىنى ئېيتىپ، كۆڭلىنى بۇزما،— دىدى.

چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ئاپام ئىڭىگىنى تۇتۇپ جىم بولدى.

ئىستانسىدا پاراۋوزلارنىڭ ئۈنى بېسىلغان چاغدا، بۇ ئەتراپنى بېشىغا كىيگەندەك ئۇزاق سىگنال بەرگەن پاراۋوزنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ، دادامنىڭ پاراۋوزىنىڭ قۇلاققا تونۇش ئۈنى ئىدى. ئۇ خۇددى تاڭ سەھەردىكىگە ئوخشاش، يەنە بىر قېتىم سىگنال بېرىپ، ئىستانسىدىن چىقىپ كەتتى. ئاپام ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغاندا چوڭقۇر ئويدىن سەگىپ، بېشىنى كۆتىرىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئىستانسىدا پاراۋوز كۆپ، ئەمما ئاپام ئىككىلەنگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دادام ئۇرۇشقا كەتكىچە ھەيدىگەن پاراۋوزنىڭ ئۈنى بۆلەكچە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، بىز تۆمۈر يولدا ئۈمىت باغلاپ يۈرگۈدەك بىردىن-بىر نەرسە ئاشۇ پاراۋوز ئىدى. ئۇ ماڭا دادامنىڭ ئىستانسىدىن كەتكىنىنى بىلدۈرمەي يۈرگەندەك سېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يولۇچىلارنى توشۇيدىغان ۋاگونلارنى چېتىۋېلىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن يەر تىترىتىپ ئۆتىدىغان پاراۋوزنى باللارغا كۆرسەتكەندە «بۇ دادامنىڭ پاراۋوزى» دەپ بۆلەكچە ماختىنىمەن.

باشقىلارغا ئوخشاش ئېيتىپ، ماختانغىدەك كۆپ نەرسەممۇ يوق ئىدى، شۇڭلاشقا دادام ھەيدىگەن پاراۋوزنىڭ قالغىنىغا پەخىرلىنىپ يۈرەتتىم. پاراۋوزمۇ مېنىڭ ماختىغىنىمنى سەزگەندەك، چاقلىرى شىپالىغا قېقىلغان رېلىسنى يۇلۇۋالىدىغاندەك سىلكىنىپ، ئالدىمدىن بۆلەكچە ھەيۋەتلىك ئۆتىدۇ. مۇنداق چاغدا بالىلارنىڭ ئارىسىدا بىر غېرىچ ئۆسۈپ قالاتتىم.

«داداڭ ئىشلەپ، ئىككىلەنى باقمىسىمۇ، باشقىلارغا

كەتكەندەك يوق بولاتتى. نېمىشقىدۇ ئۆيدىن چىققاندا
ئۇلارنىڭ پارنىگى تۈگمەيتتىغۇ تاڭ.

بىر كۈنى ئاپام ماناپكامنى ئۇزىتىپ چىقىپ كەتكەن-
دە، ئۆينىڭ ئىچى چۆلدەرەپ قالغاندەك، جىمجىتلىق ھۆكۈم
سۈردى. مەن «ئاپام قاچان كىرىدىكىن» دەپ ئىشىككە قاراپ
ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا ھويلىدىن ئاپامنىڭ «قويۇۋېتىڭ» دېگەن
ئۈنى ئاڭلاندى. چۆچۈپ قالدىم. دەرھال قاراڭغۇ دالانغا
چىقىپ، ئىشىكنى قىيا ئاچسام ماناپكام ئاپامنىڭ قولىدىن
تۇتۇپ سۆرەۋېتىپتۇ. ئاپام ئۇنىماستىن كەينىگە تىرەجىدەكتە.

— سىز ئېرى يوق ئاياللارنى قاياققا سۆرىسە شۇ ياققا
مېڭىۋېرىدۇ دەمسىز. مېنى قىينىماي قويۇۋېتىڭ. ئەمدى تۇر-
مۇشقا چىقىپ نېمە راھەت كۆرەي، — ئاپام بۇ سۆزلەرنى
قورقۇۋاتقاندەك ئەندىكىپ ئاستا دەۋاتاتتى.

— ھەر ئىككىمىزنىڭ بالىلىرى يېتىم قالدىغۇ، ئايەتخان.
سىز تېخى ياش.

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ ..... مەن ھېچقاياققا بارمايمەن.
بولمىسا ھازىر ئارماننى چاقىرىمەن.

بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ماڭا دائىم ياخشى ئوقۇ دەپ
نەسىھەت قىلىدىغان ماناپكامنىڭ بۇنچىلىك مۇناپىق ئى-
كەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. ئۇ ئاپامنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي،
تۇتۇۋاپتۇ. بوسۇغىدا ياتقان پالتىنى ئېلىپ يۈگۈرەي دېدىم-
دە، ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇلار يەنە جىم بولۇشتى. قۇلىقىمنى
ئىشىكنىڭ يوچۇغىغا قانچە يېقىپ تۇتساممۇ ماناپكامنىڭ
ئاپامغا نېمە دەۋاتقىنىنى ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئاپامغا بىر نەرسە
دەپ يالۋۇرماقتا. «ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغىچە ئۆيگە كىرىپ
كەتسەم بولامدۇ» دەپ ئاپامغا ئاچچىق قىلىمەن. مۇشۇ

مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە «بالىلار ئۇردى» دەپ يىغلاپ كىرمەس بولدۇم. بىرنىڭ ئۆيدىن ماڭا ياردەم بەرگۈدەك ھېچكىم چىقمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلمەن. ئەمما ئۇنى سەزگەندەك بەزى بالىلارنىڭ ئەدەپ كېتىدىغىنىچۇ تېخى!... شۇنىڭدىن كېيىن بىرەرسىدىن تاياق يەپ قالسام تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۈنۈمنى چىقارماي پۇخانىم قانغىچە يىغلايتتىم. پەقەت كۆزۈمنىڭ يېشى قۇرۇغاندىلا ئۆيگە كىرەتتىم. مۇنداق كۈنلىرى دادامنىڭ يوقلۇقى بۆلەكچە بىلىنىپ كېتىدۇ.

بىراق ھەممىدىن ئەلاسى، بىر بالىلار بىلەن بۈگۈنى قىيا-چىيا بولۇپ ئۇرۇشساقمۇ، ئەتىسى ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ كېتىمىز.

مەن بالىلار بىلەن ئۇرۇشقاندا، بەزىلەپ، يار-يۆلەك بولغۇدەك بىردىن-بىر ئادەم ۋاسىيا شېۋچۇك. ئۇنىڭ قورايغا ئوخشاش شۇدىيىپ بويى چىقىپ قالغىنى بولمىسا، ئۆزى مېنىڭدىن ئانچىلا چوڭ ئەمەس. ئەمما ئىستانسىنىڭ بىر دېمەتلىك بالىلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىدەك تەپ تارتىدۇ.

تۆمۈر يولغا بارسام، ماناپكام بار، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە پات-پات كېلىپ، مېنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقىنىمنى سوراپ تۇراتتى. ماناپكام ئۇرۇشتىن قايتىپ، ئارىدا ئۈچ-تۆت يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا ئايالى ۋاپات بولۇپ، قىزلىرى بىلەن قالغاندا، بىزنىڭ ئۆيگە كوپ كېلىدىغان بولدى. لېكىن ئۇنىڭ كىرگىنى ئاپامغا ئانچە ياقمايتتى.

— ئادەم ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندە، شۇنداق ئۇزاق ئولتۇرغان بارمۇ، — دەيتتى ئاپام. ئەمما ماناپكام خوشلىشىپ قايتقاندا، ئۇنى بىللە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۆزىمۇ مەككىگە

ئاپامنى تۇتقىنىڭنى كۆرسەم پالتا بىلەن چېپىۋېتەتتەن.

ماناپكامدا ئۈن يوق. بىز بىر بىرىمىزگە سۆز قىلماي كوچىدا خېلى تۇرۇپ قالدۇق. ئاپام كوچىدا ئۇزاق تۇرۇشقا ئىزا تارتتىمۇ، بىر چاغدا مېنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ماناپكام بىر ئاز شۈدىيىپ ئۆرە تۇردى-دە، ئاندىن قاراڭغۇ كوچىدا غايىپ بولدى.

— ماناپقا پالتا تېگىپ كەتكەن بولسا ئەتە بېشىمىزغا تۈگمەسلا بالا تېپىپ بېرەتتىڭ-دە، — دېدى مېنىڭ قىلغىنىمغا رەنجىگەن ئاپام.

— ئۇ نېمىشقا سېنىڭ قولۇڭنى تۇتىدۇ. ئۆزەك مېنى ياردەمگە چاقىرىپ قويۇپ... — مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي-ھودۇقۇپ قالدىم.

— مەن سېنى چاقىردىممۇ؟! — ئاپام ماڭا ئەجەپلىنىپ قارىدى. ئىككىلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ يەنە ئۈزۈلدى.

مەن جاۋاپ قايتۇرمىدىم. ئۆينىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. ئاپام ئەمدى نېمە دەپ كۆڭلۈمنى ئېلىشنى بىلمەي خىجالەت بولۇۋاتامدىكىن، خېلى ۋاقىتقىچە ئىككى يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. چاپسان-چاپسانلا چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۇلۇق كىچىك تىناتتى. ئىلگىرى تەكىيگە باش قويۇشۇمغا كۆزۈم يۇمۇلىدىغان، ئەمدى ئۇيقۇم كەلمىسچۇ. ئاپام مېنىڭ ئۇخلىماي ياتقىنىمنى سەزسە كېرەك، ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى يەنە ئۆزى بۇزدى.

— ساڭا بىر دادا تېپىپ بېرەيمىكىن-تاڭ، ئارمان؟ — ئۇنىڭ جاۋاپسىز قالغان سۆزى قاراڭغۇ ئۆينىڭ تاملىرىغا تېگىپ ئۆچتى. ئاپام بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزى بايقىماي قالدىمۇ، كۆپ ۋاقىتقىچە سۆز

پەيتتە دادام ئىسمىگە چۈشتى. ئۇ بولغان بولسا ئادەملەر ئاپامنى مۇنداق سۆرىمەس ئىدى. سۆرەش بىر چەتتە تۇرسۇن، ھەتتا قولىنىمۇ تۇتالمايتتى ـ دە!

يەنە ئاپامنىڭ كىمگىدۇ يالۋۇرۇپ، ياردەم سورىغاندەك ئۈنى ئاڭلاندى. قارىسام ماناپكام ئاپامنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، ھويلىدىن سۆرەپ چىقىپ كېتىپ بارىدۇ.

— مېنى قىينىماي، قويۇۋېتىڭ... خوشنىلار كۆرۈپ قالسائۇيات، — ئاپام يىراقلىغانسېرى ئۇنىڭ ئۈنى ئاستاچىقماقتا. مەن بەزگەك ئادەمگە ئوخشاش تىترەشكە باشلىدىم. بوسۇغىدىكى پالتىنى ئېلىپ ھويلىدىن قانداق يۈگۈرۈپ چىققىنىمنى ئۆزەممۇ سەزمەي قاپتىمەن.

— ئاپامنى قويۇۋەت!

مېنىڭ ئۈنۈمنى ئاڭلىشىغا ئاپام بىلەن ماناپكام ئوتتۇرىسىدىن خۇددى پويىز ئۆتۈپ كەتكەندەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلدى. مەن پالتىنى كۆتەرگەن پېتىمچە ماناپكامغا يۈگۈردۈم.

— سەن نېمە قىلىۋاتىسەن، ئارمان! پالتىنى تاشلا دەيمەن، — ئاپام يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمغا ئېسىلدى، — ھېلىمۇ ماناپ قېچىپ كەتتى، پالتا بىر يېرىگە تەككەن بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ — مەن ئاپامغا قارىدىم. بۇنىڭدىن بىرەر مىنۇت ئىلگىرى ئۆزىنى ماناپكامدىن قۇتۇلدۇرۇشنى سورىغان ئاپامنىڭ ئېيتىۋاتقان سۆزىگە ھەيرانمەن. قېشىمىزغا ماناپكام كەلدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئارمان. مەن سېنى بىر ئوبدان بالا دەپ يۈرسەم، مېنى چېپىۋېتىشكە تاسلا قالدىڭغۇ. كىچىك بالا پالتا بىلەن ئوينىشا بولمايدۇ.

— نېمىشقا ئاپامنى سۆرەيسەن؟! بۇنىڭدىن كېيىن

يۈيغان يۈزىنى بېسىپ يىغلىماقتا. بۇ كۈنى ئاپام ماڭا ئېخىمۇ مېھرىۋان، بۆلەكچە كۆڭلى يېرىم ئادەمدەك بىلىندى. بابا ئۆزەمنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ پالتا كۆتىرىپ يۈگۈرگىنىمنى ئەسلەپ خىجالەت بولدۇم. بۇ ۋەقە ئۆمۈرۋايەت ھەر ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە بىرىگە ئېغىز ئېچىپ ئېيتقۇسىز يوشۇرۇن سىر بولۇپ قالدى.

3

پالتا كۆتىرىپ ماناپكامنى ھويلىمىزدىن قوغلاپ چىققاندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي، ئۆيىمىزگە ھەربى سەپتىن دادامنىڭ ئىنىسى پەيزىراخمان ئاكام كەلگەندە، ئاپامدىن كۆرە مەن خوشال بولدۇم. مومىمىز ۋاپات بولغانلىقتىن، پەيزىراخمان ئاكام چامادانىنى كۆتىرىپ توپ-توغرا بىزنىڭ ئۆيگىلا كەلگەن ئىدى.

ئۇ نېمىسلار بىلەن بولغان جەڭگە قاتناشمىسىمۇ، يىراق شەرقتە ياپون ئارمىيىسىگە قارشى كۈرىشىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سامۇرايلار بىلەن قانداق ئېتىشقانلىقى ھەققىدە كۆپ ۋاقىتقىچە ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ يۈردى. بىز يەتتە يىل ھەربى خىزمەتتە يۈرۈپ قايتقان پەيزىراخمان ئاكامنىڭ ھېكايىسىنى ئاغزىمىزنى يوغان ئېچىپ، ھەيران قىلىپ تىڭشىدۇق.

پەيزىراخمان ئاكام ھەربى سەپتىن ئەۋەتكەن خەتلىرىدە كۆپىنچە يىراق شەرقنىڭ تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ چىقىدىغان سوغ شاماللىرىدا بەك قىينالغانلىقى، ئۆي تامىقىنى سېغىنغانلىقى ھەققىدە كەينى-كەينىدىن يازاتتى. ئاپام مۇنداق

قىلماي ياتتى. مەنمۇ بۇ پاراڭنىڭ راست-يالغىنىغا ئىشەن-
مەي ۋاتقاندەك نېمە دېيىشىمنى بىلمەي جىم بولدۇم.

ـ نېمە، مەسلىھەت بەرمەيسەنمۇ، ئارمان؟

ـ كېرەك ئەمەس. ئەگەر دادامدىن باشقا بىرسى
ئۆيىمىزگە كىرسە، پويىزغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كېتىمەن،ــ
مېنى قۇچاقلىغان ئاپامنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، تەتۈر
قاراپ يېتىۋالدىم. ئاپام مېنى راستلا ئۆيدىن قېچىپ كەتە-
سۇن دىدىمۇ، ئۆزىگە يېقىن تارتىپ:

ــبۇ سۆزنى سېنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئېيتىۋاتىمەن.
ئەمدى ھېچقانداق ئادەم داداڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ،ــ
دەپ بېزىنۇمدىن قۇچاقلاپ سۆيدى. ئىلگىرى ئۇ قۇچاقلاپ
ئەركىلەتكەندە، ياپراپ كېتەتتىم. بۇ قېتىم مەيدىسىگە چىڭ
باستاندا ئىزا تارتىپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. ھە-
قىقەتەن، ئەمدى مەنمۇ ئاپام مەسلىھەت سورىغۇدەك ياشقا
كىرىپ، چوڭ بولۇپ قالسام كېرەك.

بىر چاغدا ئاپام مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ھېچنىمىدىن
ھېچنىمە يوقلا ماشىلداپ يىغلىۋەتتى.

ـ ھېلىمۇ سېنىڭ بارىڭ، بولمىسا قانداق كۈن كە-
چۆرەتتىمكىن. سەن مېنىڭ قورغىنىم. ئىشقىلىپ خۇدايىم
سېنىڭدىن ئايرىمىسۇن. ئەمدى ئەرگە تېگىپ، نېمە بەخت
كۆرەي. مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كۆرىدىغان كۈنۈم ـــ سەن.
داداڭ، ئاپاڭغا كۆز قىرىڭنى سېلىپ ساقلا، دەپ سېنى
قالدۇرۇپ كەتكەن ئەمەسمۇ، سېنى ھەرگىز تاشلىمايمەن.
سەن مۇشۇ ئۆيدىكى داداڭنىڭ كۆزى. ئەخمەق ئاپاڭنى
كەچۈر.

ئاپام مېنى قۇچاقلاپ، ئۇزاق سۆيدى. ئۇ كۆز يېشى

قېچىپ قۇتۇلماس. بىر ئاز دەم ئال،—دېدى ئاپام پەيزى-راخمان ئاكام كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى، ئاندىن «داداڭ كېلىپ قالسا كېرەك بولار» دەپ چىشىنىڭ كاۋىگىدا دې-گۈدەك ساقلاپ كەلگەن ئاقچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ،— بازارغا چىقىپ ئۆزەڭگە بىر قۇر كىيىم ئېلىۋال!— دېدى.

ئاپام مېنىڭ ياماق ئىشتاندا يۈرگىنىمنى پەقەت شۇ قېتىم كۆرگەندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا ماڭا قاراپ قويدى-دە:

— ئاكاڭ ئىشلەپ پۇل تاپقاندا ساڭا چىرايلىق شىم ئېلىپ بېرىدۇ،— دەپ كۆڭلۈمنى ياسىدى. ئاكام ئارمىيىدىن كېلىپ ئاغزىم قۇلىقىمغا يېتىپ يۈرسە، كىيىم بىلەن نىمە كارىم.

ئۇ كۈنى پەيزىراخمان ئاكام ئىستانسىغا بېرىپ، ئاپام «كىيىم ئال» دەپ بەرگەن ئاقچىغا پويىزدا كېتىپ بارغان بىرسىنىڭ گارمۇشكىسىنى سېتىۋېلىپ، قالغىنىغا ئۆرە دەسسەپ تۇرالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكىچە ھاراق ئىچىپ قايتىپتۇ. ئاپام ماڭا شىم ئېلىپ بېرىشكە قىيماي يىغقان ئاقچىسىنى پەيزىراخمان ئاكامنىڭ ھاراق ئىچىۋەتكىنىگە بىر تەرەپتىن ئېچىنساممۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن كىيىم كىيمەي قايتقىنىغا خوشال بولدۇم، سەۋەبى ئۇنىڭ ماختانچاق باللارنىڭ ئال-دىدا ھەربى كىيىمدە يۈرگىنى ماڭا بەك ياقاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ قايتقىنىغا ئاپام تولا ئېچىندى. مەن ئۇنىڭ تاپقان ئاقچىسىنى مۇشۇنداق چاچقان بولسام ئۇ مېنى چىۋىقنى ئېلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقار ئىدى. لېكىن پەيزىراخمان ئاكامغا ئۇشۇق سۆز قىلمىدى. ئۇ كۈنى ئىستان-سىدىن ھېرىپ قايتقان ئاپام پەيزىراخمان ئاكامنىڭ گارمۇن چېلىپ، مەس ئولتۇرغىنىنى كۆرگەندە ھەتتا قولىدىكى تۈمۈر

خەت ئالغان كۈنى ئىشتىن هېرىپ قايتقىنىغا قارىماستىن كېچىچە ئولتۇرۇپ پايپاق توقۇيتتى. ئاندىن ئىستانسىغا بېرىپ پوسۇلكا يەشىگىنى هەر خىل يەيدىغان نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇپ، پەيزىراخمان ئاكامغا ئەۋەتەتتى ۋە: «بىز قانچە قىلىنغان بىلەن ئۆيدىكى ئادەمغۇ. باشقىلارغا ئۆيلىرىدىن سوغا-سالام كەلسە، ئۇ بويىنىنى قىسىپ قالمىسۇن» دەپ قوياتتى. ئاپامنىڭ ئەۋەتكەنلىرى يېتىپ بارا-بارماستىنلا، پەيزىراخمان ئاكامنىڭ تۆت ۋاراق قەغەزنىڭ ئاق يېرىنى قويماي يازغان خېتى كېلەتتى. ئۇنىڭ يازغان خېتى ئاپامنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىۋېتەتتى. «ئاپامنىڭ يوقىنى بىلدۇرمەي، ئەسكە ئېلىپ تۇرغىنىڭلارغا مىڭ رەھمەت. مۇشۇ ياخشىلىقىڭلارنى قارا يەر دەسسەپ يۈرسەم ھەرگىز ئۇنۇتماسمەن. مەن ئاپام ئۆلدى دەپ يۈرسەم، ھايات ئىكەن. ھەرقانداق ئانا ئۆز بالىسىغا كۆيسە، ئايەتخان ھەدە، سەن ماڭا كۆيگەندەك كۆيەر. ھەربى خىزمىتىمنى ئادا قىلىپ قايتىشىم بىلەن ئارمان ئىككىڭلارنى ئۆز قولۇمغا ئېلىپ باقىمەن» دەپ يازغان خەتلىرىنى ئوقۇغاندا مەن ئاشۇ ئاكامنىڭ ھەربى سەپتىن چاپسانراق قايتىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن ئىدىم. دادامدىن قارا قەغەز ئالغاندىن كېيىن، ئاپامنىڭ كېچىلىرى «كاشكى پەيزىراخمان بولسىمۇ ئامان قايتسىدى» دەپ تىلىگەن تىلىكى بىكار كەتمىدى.

ئەمدى ئىستانسىدىكى بالىلارغا ئوخشاش مېنىڭمۇ ھەربى سەپتىن قايتقان ئاكام بار. «ئاكىسى بارنىڭ ياقىسى بار» دەپ چوڭلار بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ يايراپلا كەتتىم.

—ئاچ قالىدىغان زاماندىن ئۆتۈپ كەتتۇق، ئىش دېگەن

ئەللىك ئىككىنچى يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا، ھەربى سەپتىن قايتقان پەيزىراخمان ئاكام قىش چىقىپ، تا ئەتـ ياز كەلگىچە ئۈستانىسا ياشلىرىنى يىغىۋېلىپ گارمون چېلىپ يۈردى. ئۇ كەلگەندە خوشال بولغىنىم پەقەت كۆڭۈلنى ئالداش ئىكەن. ئۆيىمىزدە دادامنىڭ ئورنىنى بۇنىڭدىن كېيىن دادامـ دىن باشقا ھېچكىم تولدۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. شۇڭلاشقىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە دادام ئۇرۇشقا كەتكەندىن بېرى تۆمۈر يولچىلارنىڭ قارا شىنېلىنى كىيىپ، سوكنو ياغلىقـقا پۈركىنىپ يۈرىدىغان ئاپام ماڭا ئۈستانىسىدىكى ھەرقاندىق ئەر كىشىدىن غەيرەتلىك سېزىلدى. مەن ئاپام بىلەن پەخىرـ لىنەتتىم. ئۇ كېچىچە ئۈستانىسىدا قارا مايغا مىلىنىپ ئىشـ لىگىنىنى ئاز دېگەندەك، ئەمدى پەيزىراخمان ئاكام ئىككىـ مىزنىڭ كىر-قاتىنى يۇيۇپ، قورسىقىمىزنى باقاتتى.

— ئاپا، پەيزىراخمان ئاكام نېمىشقا ئىشلىمەي يۈرىـ دۇ. ياكى مەن ئوقۇشۇمنى تاشلاپ ساڭا ياردەملىشەيمۇ؟ — دېدىم مەن بىر كۈنى. تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان مېنى ھېچكىم ئىشقا ئالمايدىغانلىقىنى ئۆزەممۇ ياخشى بىلەتتىم.

— ئاكاڭ تۈزۈكرەك ئىش تاپالمايۋاتسا كېرەك. ھاـ زىرچە مېنىڭ ئىشلەپ تېپىۋاتقىنىم ئۈچىمىزگە يېتەر. سەن بىزنى ئىشلەپ باقىمەن دېمەي ئوقۇشۇڭنى بىل،

پەيزىراخمان ئاكام خۇددى شۇ كۈنى ئاپام ئىككىلەننىڭ پاراڭنى ئاڭلىغاندەك، بىز كەچكى تاماقنى ئىچىپ بولغاندا:

— ئايەتخان ھەدە، ئۆيلەنمەي دەيمەن. ۋاگون رېستوـ رانىنىڭ بۇفېتىدا سېتىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان سېلىمەم بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان ئىدىم، — دېدى.

يولچىلار پەنىرىنى يەرگە قويۇشنى ئۇنتۇپ، بوسۇغىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

بېشىمنى كۆتەرمەي يەر ئاستىدىن ئاپامغا قارىدىم. ئۇنىڭ چانىقىغا ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە ياش ئەگىشكە باشلىدى. «ئاپام قىشنىڭ كۈنلىرى ۋاگونلارنىڭ ئاستىدا سوغ تۆمۈرنى تۇتۇپ تاپقان ئاقچىسىنى پەيزىراخمان ئاكامنىڭ بىردەمدە هاراق ئىچىۋەتكىنىگە ئىچىنسا كېرەك» دېدىم مەن ئىچىمدە. ئۇ مېنىڭ ياماق سېلىنغان شىممىغا قاراپ قويۇپ، ئۇلۇق-كىچىك تىنىدى-دە، كەينىگە يېنىپ دالانغا چىقىپ كەتتى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتىم.

—نىمىشقا تىللىمىدىڭ؟ — دەپ سورىدىم تاماق تەييارلاۋاتقان ئاپامدىن.

—ئۆزىنى بىلمىگەن ئادەمنى نىمە دەپ تىللايمەن. بىر تەرەپتىن، ئانىسى ئېسىگە چۈشۈپ، مىسكىن بولۇپ يۈرگەندە، كۆڭلى قالمىسۇن دېدىم. يەتتە يىل ئەل-يۇرتتىن ئايرىلىپ هەربى خىزمەتتە يۈرمەك ئوڭاي ئەمەستۇ. بەلكى، گارمۇن چېلىپ، بىر ئاز كۆڭۈل ئاچسا، غەم-قايغۇدىن نېرىراق بولار. ئاز كۈندە ئۆزىمۇ ئىشقا چىقىدىغۇ.

بۇ كۈنى كېچىسى، پەيزىراخمان ئاكام هويلىمىزغا بويىغا يېتىپ قالغان قىز-يىگىتلەرنى يىغىۋېلىپ، يېرىم كېچىگىچە گارمۇن چېلىپ، ناخشا ئېيتتى. ئىلگىرى ئەر كىشى يوق ئۈچۈن چۆلدەرەپ كەتكەندەك سېزىلىدىغان هويلىمىزغا يېڭىۋاشتىن جان كىرگەندەك بولدى. ئەمدى هازىر گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن بۇ يەرگە ياشلار كېلىپ، تا يېرىم كېچىگىچە، ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىشقا ماڭىدىغان ئاپامغا ئۇيقۇ بەرمەي، ناخشا ئېيتىشىدىغان بولدى.

نىڭ ئانىسىدىن قالغان سىيىرنى پۇتى سۇنغاندا سويىۋەتكەن ئەمەسمۇ؟!

— يىتىمنىڭ ھەققى يامان، بالام. ئۇرۇش يىللىرى ئاچ يۈرۈپ ئۆلمىدۇق، ئەمدى كۈنىمىز كۆپ بىلەن بىللە كېتەر. ئاكاڭنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، ئۆيلەپ قويۇش مېنىڭ قىيامەتلىك قەرزىم. موماڭ رەھمەتلىك سەكراتتا ياتقاندا، ئاخىرقى جېكىگەن سۆزى مۇشۇ بالىسى ئىدى. قىلغان ياخشىلىقىمىز ئۇنىڭدىن قايتمىسىمۇ باشقىسىدىن قايتار.

ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن موماڭنى ئەسلىگەندە مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم، بەلكى ئاپامنىڭ ئېيتقىنى توغرىدۇ.

پەيزىراخمان ئاكام ئاپامنىڭ ئاغزىدىن سۆز چىقىشىنىلا كۈتۈپ يۈرسە كېرەك، ئۇ يەكشەنبە كۈنى بىزنىڭ توقال سىيىرنى سويۇپ، بازارغا ئېلىپ كەتتى.

ئۇ كۈنى ئاپام ئىككىلەن پەيزىراخمان ئاكامنىڭ يولىغا كۆپ قارىدۇق.

— ئاكاڭ گۆشنى ساتقاندىن كېيىن تاتلىق-تۈرۈم ئېلىپ چىقار. ئۆتكەندە «ئارەلنىڭ شىمى يىرتىلىپ كېتىپتۇ، شىم ئېلىپ بەرسەك بولاتتى» دىگەن، بەلكى ساڭا بىر نەرسە ئىزلەپ ماگىزىن ئارىلاپ يۈرەمدىكىن. «ئۆيگە ئۇششاق-چۈششەك ئېلىپ، ئاقچىنى بىزەپ قىلما» دەپ جىكىگەن ئىدىم، تېچ-ئامان كەلسىلا بولاتتىغۇ، — دەپ ئاپام كۆپ ۋايىم قىلدى، پەيزىراخمان ئاكام كېچىككەنسېرى ئۇنىڭ ئەندىشىسى كۈچەيمەكتە.

— ئۆزەم بىللە بارسام بولغان ئىكەن. يەنە ئۆتكەندىكىگە ئوخشاش سىيىرنىڭ ئاقچىسىنى توپىسىنى ئاسمانغا

ئۇ قېتىم بىز پەيزىراخمان ئاكامدىن باشقا پاراڭ كۈتۈۋىدۇق. بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماستىنلا ئۆيلىنىمەن دەيدىغۇ دېگەن ئوي ئۇخلىساق چۈشىمىزگە كىرمەيتۇ. تۈيۇقسىز ئېيتىلغان سۆز ئاپامغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئەتىمالىم. ئۇ بىر ئاز جىم ئولتۇردى-دە، ئاندىن بىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، جاۋاپ كۈتۈۋاتقىنىمىزنى سەزگەندەك:

— مەن نېمە دەيمەن، ئۆيلىنىمەن دېسەڭ، ئۆيلەنگۈدەك ياشقا يەتتىڭ. بەلكى ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، بېشىڭنى ئوڭلىساڭ تىرىكچىلىكىڭ ئىلگىرى باسار، — دېدى، — ئاناڭدىن قالغان موزايلىق سىيىر بار ئىدى. سىيىرنىغۇ ئاپاڭ ئۆلگەندە سويدۇق، شۇنچە يىلدىن بېرى ئاچ يالىڭغاچ قالساقمۇ، موزىيىنى سەن ئارمىيىدىن كەلگەندە كېرەك بولۇپ قالار دەپ، ئالقاندا چوغ ساقلىغاندەك ساقلاپ يۈرەتتىم. بىزنىڭ ئىستانىسىدا مال تۇتۇش قىيىن. موزايىنى سىيىر قىلىپ، ئۇنىڭ تۆلىنى قىش كۈنلىرى سويۇپ يەدۇق. ئۇنى بۇ يىل قىسىر قالغاچقا تامىرىمىزنىڭ دېلىغا قوشۇپ، تاققا چىقىرىۋەتكەن. شۇنى بازارغا ئاپىرىپ، ئاقچا قىلىپ كەل.

مەن ئاپامغا قارىدىم، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى بىر خىل. ئۇ، ئۆيىمىزنى بېقىۋاتقان يالغۇز سىيىرنى ئاغزىغا ئالغاندا «ياق، بەرمەيمىز» دەپ ۋاقىرىۋېتىشكە ئاز قالدىم.

پەيزىراخمان ئاكام تامىغىنى يەپ بولۇپلا يەنە گارمۇنىنى قولتۇقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭ، ئاپا؟ ئۆتكەندە «بۇ دادىڭدىن قالغان يالغۇز سىيىر» دەۋاتاتتىڭغۇ؟ پەيزىراخمان ئاكام-

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ئويلاپ باش قاتۇراتتىڭ، يامىنىغا ئايلانسا، سېلىمەمنى تويى قىلماستىن ئېلىپ قاچىمەن.

پەيزىراخمان ئاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئاپامنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— يۇرتنىڭ ئالدىدا مېنى قارا يەر قىلاي دېدىڭمۇ؟ بۇ يەردە ئادەملەر، ھەتتا ئۇرۇش يىللىرىدىمۇ بىر-بىرىگە بىر چىنە چاي قويماي قىز ئېلىشىپ، ئوغۇل ئۆيلەنگەن ئەمەس. ئەمدى زامان تېچ ۋاقىتتا مۇنداق قىلغىنىمىزنى ئادەملەر ياخشى كۆرەمدۇ، يۇرتتىكىلەر ئايەتخان يالغۇز ئىنىسىنى ئۆيلىيەلمەي، سېلىقتىن قورقۇپ، قىز ئېلىپ قېچىپتۇ دېسە، يۈزىمىزگە سەت ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان پەيزىراخمان ئاكامغا قارىدىم. ئۇنىڭ خورۇم ئۆتۈكى چىراقنىڭ يورۇقىدا بۆلەكچە پارقىراپ كېتىپتۇ. كۆزۈمگە تىغ بولۇپ سانچىلغان ئۆتۈكنى كېچىلىككە يېشىپ قويغان يېرىدىن ئوغرىلاپ يۈك توشۇيدىغان ۋاگوننىڭ ئىچىگە تاشلىۋېتەيمىكىن، دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم.

ئاپام ھەر نېمە دېسىمۇ، بەربىر سېلىمەم ھەدەمنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ قۇدا چۈشۈپ قويغاچقا، تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلماقتا ئىدى. بۇ ئايلىق ئەمگەك ھەققىنى يىغىشتۇرۇپ، پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پەيزىراخمان ئاكام ۋوگزالدىن ھاراقنى راسا ئىچىپ كەلدى-دە: «مېنى چاپسان ئۆيلەپ قويمىساڭ، سېلىمەمنى ئېلىپ قاچىمەن» دەپ ئالەمنى-مالەم قىلدى. بۇ كۈنى ئاپام يېرىم كېچىگىچە چۆرىسىگە قەلەي قېقىلغان يوغان ساندۇقىمىزنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ، تۈزۈك ئۇخلىمىدى.

ئاتىسا بولاتتىغۇ... قۇدىلار سېلىقنى ئېغىر سېلىۋەتتى.
ھازىر ئىشقا بارسامۇ، قانداق قىلىپ مۇشۇ تويىنى تۈزۈك-
رەك ئۆتكۈزۈۋالىمەن، دەپ قايغۇم شۇنىڭدا تۇرىدۇ. خۇدا
بۇيرۇسا، سېنىڭ تويۇڭغا بەش - ئالتە يىل بۇرۇن تەييار-
لىق كۆرمىسەم. ئۇ چاغدا تۆمۈر يولدىكى داداڭ بىلەن
بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنى قويماي چاقىردىمەن
دىگەن ئويۇم بار. شۇ كۈنلەرگە يەتسەك بولاتتىغۇ، — ئا-
پام شېرىن خىيال سۈرۈپ بىزنىڭ كېلىچەك ھاياتىمىز
ھەققىدە كۆپ پاراڭ قىلدى.

پەيزىراخمان ئاكام بىز يولىغا قاراپ زېرىكىپ، يات-
قىلىۋاتقاندا كەلدى. ئۇ ئاپام ئىستانسىدا توختىغان ۋاگون-
لارنىڭ ئىچىدىن سۆپۈرۈپ يۈرۈپ يىققان بوغۇزدا باققان
توقال سىيىرنىڭ ئاقچىسىغا غاچىلدايدىغان خۇرۇم ئۆتۈك
كىيىپ، قولىغا سائەت سېلىپ چىقىپتۇ! بۇنى كۆرگەن
ئاپامنىڭ يىلدىن - يىلغا قورۇغى كۆپىيىۋاتقان چىرايى تېخى-
دۇ قارىداپ ئۆزگەرگىنىنى بايقىغاندا، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ،
يىغلىغۇم كەلدى. ئەتىمالىم، مېنىڭ يىغلامسىراپ قالغىنىم-
نى ئاپامۇ سەزسە كېرەك، ئۇ خۇددى كۆڭلۈمنى ياسىماق-
چى بولغاندەك، «نىمە قىلىسىمۇ، بەرىبىر، ئاكاڭغا ئاتىغان
مال ئەمەسمۇ. دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا بىر قۇر كىيىمى-
نى جۆندىۋالغىنى ياخشى بوپتۇ» دىدى. مەن ئورنۇمدىن
تۇرۇپ تالاغا ماڭدىم. قۇلىقىمغا ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئاپام-
نىڭ پەيزىراخمان ئاكامغا ئېيتقان سۆزى ئاڭلاندى.

— تويىنى ئۆتكۈزگىچە كىيىم - كېچەك كىيمەي تۇرساڭ
بوپتىكەن. قۇدىلار سېلىقنى بەك ئېغىر سېلىۋەتتى.
قانداق قىلارىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ يۈرىمەن.

كۆتسەمۇ، ئۇنى ئاپامنىڭ قولىدا كۆرەتتىم.

— ئاپا، بۇ ھالقىنى قاچان ئالسەن؟ — دەپ سورايتتىم ئۇنىڭدىن.

ئاپام:

— توي-تۆكۈنلەرگە ئېسىپ بارارمەن، — دەپ قوياتتى. ئەمما ئاپام ئۈچۈن توي بولمىدىمۇ، بۇ ھالقا ساندۇقتا ساقلىنىپ قېلىۋەردى. ئاشۇ ھالقا بىلەن بىللە ئاپامنىڭ ياشلىق ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل پەيتلىرى ساندۇقتا سولىنىپ قالغاندەك سېزىلەتتى. بەزىدە ئوغرىلىقچە ساندۇقنى ئېچىپ، كۆك بورتۇمشال بىلەن ھالقىنى قولۇمغا ئېلىپ، قىزىقىپ قارايتتىم. ئاردا تالاي يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار خۇددى بۈگۈن بازاردىن ئېلىپ كەلگەندەك تۇردۇ. بۇ كىيىملەرنى ئىلگىرى ئاپام كىيىپ يۈرگەندەك ھېس قىلسام، ماڭا ئاپام ھەممىدىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بىر كۈنى ئاپام كۆپ يىلدىن بېرى ساندۇقتا كىيىلمەي ياتقان گىرىپدىشىن كۆينىكىنى كىيىشكە باشلىغاندا، بىر ياققا بارىدىكەن دەپ بەك خۇشال بولدۇم.

— ئاپا، نەگە بارسەن؟

— ئاپاڭنى نەگە باردۇ دەيسەن، بالام، ئىشقا ماڭدىم.

— ئۇنداق بولسا يېڭى كۆينىكىڭنى كىيىپسەنغۇ.

— بۇ كۆينەكلەرنى ساندۇقتا ساقلاۋەرسەم بەربىر كۈيە چۈشۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئىشتا كىيىۋېتەي.

مەن سۆز قىلماي، ئاپامغا قارىدىم، شۇندىن كېيىن كۆپ يىل كۈيە چۈشۈرمەي ساقلىغان كۆينەك ۋاگونلارنىڭ

ئەتىسى پەيزىراخمان ئاكام ئىستانىسغا كەتكەندە
ئويدە ئاپام ئىككىيلەن قالدۇق. ئۇ ئەتەگەنلىك چېيىنى
ئىچىپ بولۇشى بىلەن بۇگۈن ئىشقا بارمىسىمۇ، كۈندىكى
ئادىتى بويىچە قارا چاپىنىنى كىيدى ـ دە، كىچىككىنە توقسان
قىتىم ئاختۇرۇپ چىققان ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قولىغا
بىر نەرسىنى تۇتۇپ ئۇنسىز تۇرۇپ قالدى. ئىلگىرى ئاپام ـ
نىڭ مىنىڭدىن بىرەر نەرسە يوشۇرۇپ ئىش قىلغىنىنى
كورمىگەن ئىدىم. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھەركىتى ماڭا بىر تۇر ـ
لۇك تۇيۇلدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ھالقىنىڭ قۇتىسىغا كۆزۈم
چۈشتى. مەن كۆپ يىلدىن بىرى ساندۇغىمىزنىڭ بىر بۇر ـ
جىگىدە ساقلىنىۋاتقان بۇ ھالقىنى ئاپامنىڭ بىرەر قىتىم
قۇلىقىغا سېلىپ كوچىغا چىققىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم. پەقەت
ئۇرۇش توگىگەن چاغدا، كىچىلىرى قۇتىنىڭ ئىچىدىكى
يۇمشاق پاختىغا ئوراقلىق ھالقىنى ئېلىپ، قۇلىقىغا سالغان ـ
دا بەك ياراشقان. ئۇ قىتىم ئاپامنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈ ـ
رۈپ، كۆڭلى كۆتىرىلىپ، كەچكىچە ئىستانىسىدا ئىشلەپ
ھارغىنىنى ئۇنتۇغاندەك بولغان. ئاپام تاش ئەينەكنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، قۇلىقىدىكى ھالقىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇراتـ ـ
تى ـ دە، ئاندىن ئۇنى ئاۋايلاپ قۇتىسىغا سالاتتى.

ــ داداڭ ئۇرۇش باشلىنىشتىن بىرەر ئاي ئىلگىرىلا
ئېلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ بار چاغدا بىر قىتىملا قۇلىقىمغا
سالىتىمەن، ــ دەيتتى ئاپام.

ھالقىنىڭ جارائىلاپ چىققان ئۈنىگە بەك قىزىقاتتىم.
بۇ ھالقىنى قاچان قۇلىقىغا سېلىپ چىقىدىكىن دەپ قانچە

دەپ ئېلىپ ماڭغىنىنى كۆرگەندە، ئىچىدە قىزغىنىش ئوتى كۈچەيمەكتە ئىدى.

× × ×

پەيزىراخمان ئاكام ۋاگون رېستورانىدا ئىشلەيدىغان سېلىيەم ھەدەمگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۆيدە بارى-يوقى بىر جۈمە تۇردى. بۇ چاغدا، ئىلگىرى ئۆيىمىزگە پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان ماناپ ئاكامۇ كەلمەس بولدى. نېمىشقىدۇ، ئەمدى ئاشۇ ئادەمنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشىنى سېغىنىپ كۈتەتتىم. ئەمما ئۇ بوسۇغىمىزنى باسماق تۈگۈل، قارىمىنى كۆرۈپ قالسا، چەتنەپ كېتىشكە تىرىشاتتى. مەن ئۇنى پالتا كۆتىرىپ قوغلاپ چىققاندىن كېيىن، ئاپام ئىككىسىنىڭ بىللە تۇرغىنىنى ھېچ ئۇچرىتالمىدىم. ئاردا خېلى يىل ئۆتكەندە، ئاشۇ قېتىم پالتا كۆتىرىپ، ئۆيگە كىرگەن بەختىنى قوغلاپ چىقتىممىكىن دەپ كۆپ ئويلاندىم. سەۋۋى، چوڭ بولۇپ، قولۇم ئىشقا تەگكەندە، ئاپامنى قانچە بەختلىك قىلىمەن دەپ تىرىشسامۇ، بەرىبىر، ئۇنىڭ ئۆيىمىزگە ماناپكام كېلىپ يۈرگەن چاغدىكى چىرايىنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرەلمىدىم. پەيزىراخمان ئاكام، ئاپامنىڭ دەردىگە دەرت قوشقىنى بولمىسا، بىرەر قېتىم كۆڭلىنى كۆتەرگەن بەندە ئەمەس.

ئۇ كۈنى ئاپام ئىشقا كېتىپ، مەن مەكتەپتىن كېچىكىپ قايتتىم، ئۆيگە كىرسەم پەيزىراخمان ئاكام ئايالى بىلەن چامادىنىنى كۆتىرىپ ماڭىۋېتىپتۇ.

— ھەدەمگە ئېيتىپ قوي، بىز بۇنىڭدىن كېيىن قېي-

ئاستىدا قارا مايغا مىلىنىپ يېرتىلدى.

بۈگۈنىمۇ ئاپام ھالقىسىنى قولىغا سېلىپ كۆرگەندە، بىر ياققا بارىدىكەن دەپ بەك خوشال بولدۇم. مېنىڭ ئويۇمنى ئاپام سەزسە كېرەك.

— ماڭا ئەمدى بۇ ھالقىنى سېلىش يوق ئوخشايدۇ، بالام، ھالقا سالىدىغان ياشلىق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزىقىنى ياشلار كۆرسۇن. ئەتە - ئۆگۈن سەن چوڭ بولۇپ قالساڭ، تويۇڭغا سالاي دەپ يۈرەتتىم؛ زامان تېچلىق بولسا، ئۇ چاققىچە بىر نەرسە بولۇپ قالار، ئالدى بىلەن پەيزىراخمان ئاكاڭنى تۈزۈكرەك ئۆيلىۋالايلى، — ئاپام دادام ئېلىپ بەرگەن ھالقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پەيزىراخمان ئاكامنى تىلغا ئالغاندا، بېشىمدىن بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيۇلغاندەك بوپتى. تېنىمنى تىترەك باستى.

— بۇ دادام ساڭا ئېلىپ بەرگەن ھالقىمۇ؟!

— قانداق قىلىمىز، پەيزىراخمان ئاكاڭمۇ داداڭنىڭ بىر تال ئىنىسى. ئاكاڭنىڭ ئۆيلىنەلمىگەنلىكىنى پۈتكۈل ئىستانسىدىكىلەر ئاڭلاپ كەتتى. بىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ، تىپ - تىنچ يېتىۋالغىنىمىزنى داداڭنىڭ تونۇشلىرىمۇ لايىق كۆرمەس. مەن ھالقىنى ۋوگزالدا سېتىپ كېلەي.

ئاپام كۆزىدىكى يېشىنى ماڭا كۆرسەتمەي، ياغلىقى-نىڭ ئۇچىغا ئېرتتى-دە، ھالقىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئۆيدىن چىقتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي. رېلىسنىڭ قېشىدىكى تار يول بىلەن ۋوگزال تەرەپكە ماڭغان ئاپامنىڭ كەينىدىن تەلمۈرۈپ قالدىم. ئاپامنىڭ ئۇرۇش يىللىرى ئاچ - يالىڭاچ قالساقمۇ ساندۇقنىڭ تېگىدە چوڭ ئۈمىت بىلەن ساقلىغان ھالقىسىنى پەيزىراخمان ئاكامنى ئۆيلەيمەن

سوزلىدى:

— ئۇنداق ئاكىنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى. سەن بۈگۈن دەرسنى تەييارلىدىڭمۇ؟ ئوقۇغۇچى دىگەن ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇشىنى پۇختا بىلىشى كېرەك.

ئۇ كۈنى ئاپام تۇتقان-قويغىنىنى بىلمەي يۈردى. پەيزىراخمان ئاكام كەلگەندىن بېرى، ئۇنىڭ دادام ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلىرىنى ئاز ئاڭلايتتىم. «قانچە قىلغان بىلەن دادامنىڭ بىر قوساقتىن چىققان ئىنىسىنى كۆرگەندە، كۆڭلى ئىمىن تاپقاندۇ» دەيتتىم. ئەمما پەيزىراخمان ئاكام بىزنىڭ ئۆيدىن كۆدى-كۆرپىسىنى كۆتىرىپ كەتكەن كۈنى كېچىسى ئاپام يوغان ساندۇقنى ئاختۇرۇپ، دادامنىڭ ئاخىرقى قېتىم يازغان خېتىنى ئالدى-دە، ئۇنى خۇددى دەسلەپكى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى.

— مەن تېخى داداڭنى، خەتنى سەت يازىسىز، دەپ زاڭلىق قىلاتتىم. ئارمىيىگە بارغاندا يېزىشى تۈزەلگەنمۇ نېمە؟ ئۇرۇشتا خەۋەرسىز يوقاپ كەتكەن بەزى ئادەملەر تېپىلىۋېتىپتۇ دەيدۇ، بەلكى سېنىڭ داداڭمۇ بىر يەردە ھاياتمىكىن،— دىدى ئاپام،— بىر كۈنى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كېلەمدىكىن-تاڭ؟!

بۇ كۈنى ئىككىمىلەن يەنە يېرىم كېچىگىچە دادامنى ئەسلەپ پاراڭ سالدۇق. ئۇرۇشتىن قايتمىغان دادامنى ئېسىمىزگە ئالغاندا، پەيزىراخمان ئاكام كەتكەندىن كېيىن بوران چىقىپ تۇرغاندەك سېزىلگەن ئۆيىمىزگە يېڭىۋاشتىن ئىسسىق كىردى.

ئەتىسى ئىككىمىلەننى يەنە دادامنىڭ پاراۋوزى ئوي-

نانىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان بولدۇق. ۋاقتىم بولغاندا كېلىپ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرارمەن، — دېدى پەيزىراخمان ئاكام.

ئۇنىڭ كەتكىنىگە ئىچىمدە خۇشال بولدۇم. زادى ئۆيىمىزدە ئەرلەر ياشاشقا بۇيرۇمىسا كېرەك. مەن باشقا بالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاش بىزدىمۇ بىرەر ئەر كىشىنىڭ يۈرگىنىگە بەك خۇشتار بولساممۇ، جەڭدىن قايتمىغان دادامنىڭ ئورنىنى ھېچكىم تولدۇرالمىدى.

ئاپام پەيزىراخمان ئاكامنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاندا دېمى سىقىلغاندەك، خېلى ۋاقىتقىچە ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ كۆزى كۆرمەي قالغان ئادەمگە ئوخشاش بوسۇغىدىن تەمتىلەپ مېڭىپ، سۇپىغا ئارانلا ئولتۇردى.

— مېنىڭ پېشانەم ئاشۇنداق شور. يامان-ياخشى بولسىمۇ بىر يىلدىن بېرى ئۆزىمىز يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ، بېشىنى ئوڭشاپ قويساق، خوش دېمەي كېتىپ قالغىنىنى قارا، — ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاپامنىڭ بېشىغا نېمە ئويى كەلدىكىن، سۇپىدا بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى، — خەيرىيەت، قىلغان ياخشىلىقىمىز ئۇنىڭدىن قايتمىسا، باشقىلاردىن قايتار. ھەممىلا ئادەم پەيزىراخمانغا ئوخشاش ئەمەستۇ.

ئاپام «ھەربىي سەپتىن ئاكام كەلدى» دەپ بالىلارغا كۆپ ماختانغان مېنىڭ كۆڭلۈمنى قالدۇرماي دېدىمۇ، ئەمدى بىزگە يار-يۆلەك بولار دەپ چوڭ ئۈمىت قىلغان پەيزىراخمان ئاكامدىن رەنجىگىنىنى بىلدۈرمەسكە تىرىشىپ

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېيىنلىرى، خۇددى سەلىيەركىگە چىلاپ ئالغاندەك مايلىشىپ يۈرىدىغان ئادەملەر ماڭا ھەممىدىن ئەزىز كۆرۈنەتتى. مەن دادام ئۆلۈپ كەتسىمۇ، دادامنى كۆرگەن ئاشۇ ئادەملەر ئۆلمىسىكەن، دەپ تىلەيتتىم. ئەمما يىل ئۆتكەنسېرى ئۇرۇش سالغان جاراھەتلەرنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ، جەڭدىن قايتقانلارنى قارا يەر بىر- بىرلەپ يۇت- ماقتا ئىدى. بىر ئۇرۇش ئاللىقاچان توگىسىمۇ، ئۇنىڭ ئاق- ۋەتلىرىدىن كۆپ يىلغىچە قۇتۇلالمىدۇق. ئۇرۇش ساداسى يىراقلىغانسېرى دادىمىزنى كۆرگەنلەر ئازىيىپ بېرىۋەردى، بىز ئۇلارنى كۆزىمىزگە سۈرتكىدەك دەرىجىگە يېتىپ ئىزلەي- دىغان بولدۇق.

پاراۋوز ھەيدەيدىغان ماناپكام ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىدى. مۇشۇ ئادەم پاراۋوزنى پاراۋوز ئۇچاستكىسى ئالدىغا توختى- تىپ، دادام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا كەتكەن ئىكەن. ئەمدى مەن ماناپكام بىلەن پاراڭلىشىپ دادام ھەققىدە سوراي دىسەم، ئۇنى ھويلىمىزدىن قوغلاپ چىققان كۈن ئېسىمگە چۈشۈپ قىسىلاتتىم. ئەمما مۇشۇ ئادەمنى كۆرسەم، ئۇنى دادامغا بەك ئوخشىتىمەن. بۇنداق چاغدا بۆلەكچە بىر سېزىم ۋۇجۇ- دۇمنى تىترىتىدۇ. ئۇنى كۆرگەندە، ئويلاپ ـ ئويلاپ قىيا- پىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدىغان دادامنى تولىمۇ سېغى- نىپ ئەسلەيمەن. ئاپامغا ئوخشاش، ئۆيىمىزدىكى يوغان سان- دۇقنى ئېچىپ، ئىچىدىن دادامنىڭ ئاخىرقى خېتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايمەن. ماڭا ئاپامنىڭ بېشىغا كۈن چۈش- كەندە، ئوقۇيدىغان ئاشۇ خەتتە بىزنىڭ بۇندىن كېيىن قانداق ھايات كەچۈرىدىغىنىمىز ئېنىق يېزىلغاندەك سېزىلىدۇ.

ئاق- قارىنى ئايرىغۇدەك ياشقا كەلگەندە، «ئەگەر دادام

غاتتى. ئۇنىڭ قاتتىق سىگنالىنى ئاڭلاپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەكتەپكە مېڭىشقا تەييارلاندىم. ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن ئوڭشىلالماي يۈرگەن ئادەمگە ئوخشاش ئورنىدىن بەك ئېغىر تۇرغان ئاپام، بۇ قېتىم ماڭا يېشى قىرىققا يەتمەي، چاچلىرى ئاقىرىپ، يۈزىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپەيگەندەك كۆرۈندى.

كۆپ ۋاقت ئۆتمەي، ئاپام ئىستانسىدىن «پەيزىراخمان يولۇچىلار توشۇيدىغان ۋاگونغا كۈتكۈچى بوپتۇ. ئايالى ئىككىسى بىر گۇرۇپپىدا قاتناۋاتقۇدەك» دېگەن پاراڭنى تېپىپ كەلدى.

— ھازىر، ئىستانسىدا! سىلېسارلىققا ئەر كىشىلەر يېتىشمەيۋاتسا، ئۇنىڭغا پويىز ئۈستىدە نېمە بار كىن؟ — دېدى ئاپام.

— ھەقىچان ئايالى ئىككىسى بىللە ئىشلەيلى دېگەندۇ.

— بەلكىم.

شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆيدە پەيزىراخمان ئاكامنىڭ پارىڭى ئاز قىلىنىدىغان بولدى. كوچىمىزدىمۇ ئۇنىڭ ئىزى ئاستا-ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى.

4

پاراۋوز ھەيدىگەنلەرنى كۆرسەم: «مېنىڭ دادام مۇشۇنداق ئادەم بولغىيتتى» دەپ ئۇلارغا كۆپ قارايتتىم. ماشىنىستلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراماي سىڭگەن قوللىرىنى تۇتقاندا، ئالقىنىمدا دادامنىڭ قولى تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم.

بىر يەردە تىرىككۇ دەيمەن. بەزىلەر گېزىتلەرگە يېزىپ، يوقالغان ئادەملەرنى تېپىۋاتقۇدەك. سەنمۇ داداڭنى ئىزلەشتۈرۈپ كۆرەمسەن، — دېدى ئاپام. ئۇرۇش توگەپ، كۆپ يىلدىن كېيىن كەلگەن خەۋەر ئاپامنىڭ يۈرەك يارىسىنى ئېچىۋەتتى، مۇشۇ قېتىم مەن ئۇرۇشنىڭ ئۆيىمىزگە ئەپكەلگەن قايغۇ- ھەسرىتى بىز تا قارا يەرگە كىرىپ كەتكىچە يوقىمايدىغانلىقىنى سەزدىم. ئاپامنىڭ ماڭلىيىدىكى كۆپىيىۋاتقان قورۇقلارغا قارىسام، ئاشۇ يىللارنىڭ ھەر بىر كۈنىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

خەۋەرسىز يوقاپ كەتكەن ماشىنىستنىڭ تويۇقسىز تېپىلغىنى ھەققىدە ئاڭلىغاندا، ئاپامنىڭ ئولتۇرۇشۇۋاتقان كۆزلىرىدە ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى يانغان ئىدى. بۇ كۈنى ئۇ يەنە يېرىم كېچىگىچە دادامنىڭ پارىڭىنى قىلدى. مەنمۇ خۇددى يېقىن ئارىدا دادام تېپىلىدىغاندەك، شېرىن خىيالغا چۆمۈپ تاڭغا يېقىن كۆز يۇمسام كېرەك. ئەتىسى دادامنىڭ پاراۋوزى ئىستانسىدىن ئۇزاق سىگنال بېرىپ چىققاندىمۇ ئويغانماپتىمەن.

ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر كۈنى سەھەردە بىزنى ئويغىتىدىغان دادامنىڭ پاراۋوزىنىڭ ئۈنىنى ئاز ئاڭلايدىغان بولدۇق. ئىستانسىدا تېپلوۋۇزلار كۆپىيىشى بىلەن دادام ھەيدىگەن پاراۋوز خېلى ۋاقىتقىچە كېچىلىرى قىسقا- قىسقا سىگنال بېرىپ ۋاگون يۆتكەپ يۈردى- دە، ئاندىن پاراۋوز ئۈچاستكىسىنىڭ كەينىدىكى بوش رېلىسنىڭ ئۈستىدە چاقلىرى داتلىشىپ تاشلىنىپ ياتتى. مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ قېشىغا پات- پات كېلەتتىم. پاراۋوزنىڭ ئورۇندۇغىغا ئولتۇرغاندا، ئۆزەمنى خۇددى دادامنىڭ قېشىدا تۇرغاندەك

ئاشۇ خەتنى يازمىغان بولسا بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئۆيىمىز نىمە بولۇپ كېتەتتىكىن» دەپ كۆپ ئويلاندىم. ئۇرۇش تۈگەپ، ئىستانسىدىكى ئىلگىرىكى ھايات ئۆز ئەكسىگە كېلىشى بىلەن، ئەرلىرى جەڭدە قۇربان بولغان بەزى ئاياللار يىغۋاشتىن تۇرمۇشقا چىقىپ، تىرىكچىلىكنى ئوڭشىغاندا ھەممە نەرسە ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما ماڭا يولدىشى جەڭدە قۇربان بولغان بەزى ئاياللار تۇرمۇشقا چىقىپ، ئادەملەرنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرى قانچە كۆپەيگەنسېرى، ئاپامنىڭ قايغۇ - مۇڭى تېخىمۇ كۆپىيىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئۇ مۇنداق كۈنلىرى ساندۇقتىكى خەتنى قولىغا ئېلىپ، تارتقان جاپالىرىنى ئېيتىپ، دادامنى ئەسلەيتتى. بۇنداق چاغلاردا دادامنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ياندۇرۇپ يۈرۈشىمىزگە سەۋەپ بولغان ئاشۇ ساندۇقتىكى خەت ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. خەت دادامدىن قالغان بىردىن-بىر يالداما بولغاچقا، مەنمۇ ئۇنى كۆزۈمنىڭ قارىچۇغىدەك ساقلايتتىم.

ئادەملەر «ئوغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغىچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن» دېيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ئەمما ئوغۇل بالىغا ئاتىنىڭ ئورنى بۆلەك ئىكەن. بالىلىقتا سەزمىگىنىمىز بىلەن، چوڭ بولغاندا، ئۇرۇشنىڭ ئوقى تەگمەي ئۆزىمىزنى يارىدار قىلغىنىنى بىراقلا بىلدۇق.

بىر كۈنى ئاپام كەچ كىرگىچە ئىستانسىدا پويىزلارنىڭ سۇنغان قىسىملىرىنى يۆتكەپ، ھېرىپ قايتقاندا، جەڭدە خەۋەرسىز يوقاپ كەتكەن ماشىنىستىنىڭ تويۇقسىز تېپىلغىنىنى ئېيتىپ كەلدى.

— ماڭا بىر كۈنى دادىڭمۇ ئۆيگە تويۇقسىز كىرىپ كېلىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. كۆڭلۈم تويۇپ يۈرىدۇ. ئارمان، داداڭ

ئىلگىرى پاراۋوز تۇرغان ئورۇننىڭ بوش ئىكەنلىكىنى كۆرسەم ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندەك بولاتتى. ماڭا شۇ پەيتتە پاراۋوز بىلەن بىللە تۆمۈر يول ئىستانسىدىكى دادامنىڭ باسقان ئىزلىرى تېخىمۇ ئۆچۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. پاراۋوزنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىكىلەر دادامنىڭ ئىسمىنىمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇمىدىكىن دەپ ۋايىم قىلىمەن.

ئاخىرقى ئىمتىھاننى تاپشۇرۇپ چىققاندا، مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن تۆمۈر يولدا ئىشلەپ يۈرگەن ۋاسىيا شىۋچۇكنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بىر كوچىدا بىللە ئۆسكەن باللارغا كىم يەتسۇن؟!

— ئەمدى نىمە قىلىمەن دەيسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى ۋاسىيا.

— بىر ياققا ئوقۇشقا باراي دەيمەن.

— راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ بىلەن ماڭا تۆمۈر يولدىن باشقا يەردە ئىش يوق. بىز دادىلىرىمىز باشلاپ تۈگىتەلمەي كەتكەن ئىشلارنى داۋام قىلىشىمىز كېرەك.

ۋاسىيانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا پاراۋوز ئۇچاستكىسىدا كۆپ ۋاقىت چاقلىرىنى دات بېسىپ تۇرغان دادامنىڭ پاراۋوزى ئېسىمگە چۈشتى.

— بولدى، ۋاسىيا، مەن تۆمۈر يولغا ئىشقا بارىمەن، — دىدىم ئۇنىڭغا.

ئەمدى مېنىڭدە دادامنىڭ ئىزىنى بېسىپ قېلىش ئارمىنى كۈچەيمەكتە ئىدى. شۇڭلاشقا مەكتەپنى تاماملىغان يىلى تۆمۈر يول ئىستانسىدا ئىشلەشكە قارار قىلدىم.

— ئۇنىڭدىن كۆرە ئوقۇشۇڭنى داۋام قىل. ئىش دىگەن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدىغۇ، — دىدى ئاپام مەن ئۇنىڭچى

ھېس قىلىمەن. مۇنداق پەيتتە مېنى تونۇيدىغانلار: «سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش ماشىنىست بولاي دەمسەن نىمە، ئۆزەڭمۇ داداڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايسەن» دەيتتى. ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا بېشىم كۆككە يەتكۈدەك خوشال بولاتتىم. مېنىڭ ئۆسۈپ قالغىنىمغا ئاپامنىڭ زوقى كېلەتتى، ئۇ: «تۆمۈر يول تەرەپتىن سەل ئالدىڭغا ئېڭىشىپ كېلىۋاتساڭ، بەزىدە داداڭ ئېسىمگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۆزەڭ ئوخشىساڭمۇ ئۆمرۈڭ ئوخشىمىسۇن» دەپ قوياتتى. ئاپامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، پاراۋوزنىڭ قېشىدىن كەتكۈم كەلسۇنمۇ؟

بىر كۈنى پاراۋوز ئۇچاستكىسىغا كەلسەم دادام ھەيدىگەن پاراۋوز يوق. مەن ئىستانسىنىڭ رېلىس تارتىلغان بارلىق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى قانچە ئىزلىمەي، ئۇنى ھېچيەردىن تاپالمىدىم.

— ئەمدى ئۇنداق پاراۋوزلارنى پەقەت مۇزېيلاردىلا كۆرىسەن، — دېدى ماڭا تېپلوۋوز ئۇچاستكىسىنىڭ سلېسارلىرى.

ئىستانسىغا يېڭى تېپلوۋوزلار كەلگەندىن كېيىن پاراۋوزلار بىر نەچچە يىل ۋاگون يۆتكەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىپ، ئاندىن تۆمۈر - تەسەك ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلدى. ئىلگىرى پاراۋوزنىڭ پۇشۇلداپ يۇقۇرى - تۆۋەن ماڭغىنىنى كۆرسەم، كۆڭلۈم كۆتىرىلىپ قالاتتى. ئۇنى ئېلىپ كەتكەندە، ماڭا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا قوشۇمچە رېلىسلار تارتىلىپ، كېڭەيتىلگەن تۆمۈر يول ئىستانسىسى، تېپلوۋوزلار تېخىمۇ كۆپەيگەنىگە قارىماستىن، چۆلدەرەپ، بوش قالغاندەك تۇيۇلدى. خېلى ۋاقىتقىچە دادام ھەيدىگەن پاراۋوز، خۇددى ئۇزاق سىگنال بېرىپ، بىر يەردىن چىقىپ قالىدىغاندەك شۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈردۈم. ئەمما ھەرقاچان پاراۋوز ئۇچاستكىسىدىكى

× × ×

بىر، ئاتسىز ئۆسكەنلەر، يېشىمىزغا يەتمەي ئەمگەككە ئارىلىشىپ، سۆڭگىمىز قاتتى. باشقىلارغا قارىغاندا ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنىمۇ بۇرۇن سەزدۇق. مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى بوش ۋاقتىم بولسىلا، ئاپامغا ياردەملىشىپ يۈرگەچكە، ماڭا ئىستانسىدىكى ھايات بەش قولدەك تونۇش ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆيۈمنى دادامنىڭ كەسپىداشلىرىنىڭ بىرىگە ئېيتىپ، مەسلىھەتلەشمەكچى بولدۇم. بۇ ھەقتە ئويلىغاندا دەسلەپ كۆز ئالدىمغا ماناپكام كەلدى. لېكىن ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلدىم.

— ئىش ئىزلەپ نېمە قىلاتتى، ھازىرغا مېنىڭ بىلەن يولۇچىلار توشۇيدىغان پويىزدا ۋاگون كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلىسۇن، — دېدى ئاپام ئىككىيلەننى ۋوگزالدا ئۇچراتقان ۋاگون كۈتكۈچىلەر بىرىگادىسىنىڭ بىرىگادىرى، — مەن پەيزىراخمانغا قوشۇپ قوياي.

ئۇنىڭ تەكلىۋى ماڭا ئانچە ياقمىدى. ئەمما ئۆزەم پويىزغا چۈشۈپ، يىراقلارغا سەيلە قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، شۇنى ئويلىسام، ۋاگون كۈتكۈچى بولغۇم بار.

— بىر ئاز ئىشلەپ تۇر، كېيىنرەك ماشىنىستلىق ئوقۇشىغا كىرىتەرسەن، — دېدى ئاپام، — باشقا ئىشلارغا قارىغاندا بۇ يېنىكرەك، بەلكى كۆپ قىينالماسسەن.

«سەن تېخى كىچىك» دەپ مېنى ئېغىر ئىشقا ئەۋەتكۈسى كەلمەيدىغان ئاپام، ئەتىدىن-كەچكىچە ئىستانسىدا تۆمۈرلەرنى كۆتىرىپ، ۋاگونلارنىڭ ئاستىدىن چىقمايتتى.

سىنىپنى تاماملىغاندا،— تۆمۈر يولدا ئىش ئېغىر. ئۇ يەردە كېچىنى - كېچە، كۈندۈزنى - كۈندۈز دېمەي ئىشلەش كېرەك. قارا مايغا مەنلا مېلىنىپ ئۆتەي، ئۇنىڭدىن سەن ساپ ھاۋادا، پاكىز يۈرىدىغان بىر ھۈنەر ئۆگەن.

ئاپام ھەر نىمە دېسىمۇ مېنىڭ ئويۇم كېچە - كۈندۈز ۋاگونلار توختىماي ئۆتۈپ، ئەمگەك ھەركىتى بىر پەس بېسىلمايدىغان تۆمۈر يول ئىستانسىسىدا ئىدى. ئەگەر ئىستانسىغا بارمىسام، ماڭا خۇددى ئادەملەر تۆمۈر يولدا قادىروپ ئابدىراخمان دېگەن ماشىنىست پاراۋوزغا ئېغىر سوستاۋنى چېتىپ ماڭغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدىغاندەك سېزىلەتتى. دادام پاراۋوزنى پاراۋوز ئۇچاستىكىسىغا توختىتىپ، جەڭگە ماڭغاندا: «ئامان قايتمىسام، ئۇنى ئىستانسىدىن ئېلىپ چىققۇدەك كەينىمدە ئوغلۇم بار» دېگەن بولغىيتتى. ئۇ قانلىق جەڭدىن ئاخىرقى خېتىنى يازغاندا مېنىڭ بىلەن ئۆزى ھەيدىگەن پاراۋوز ھەققىدە نىمە ئويلىدىكىن؟! ئۇ ئاخىرقى قېتىم قولغا قېرىنداش تۇتقاندا، مېنى ئۆزى ھەيدىگەن پاراۋوزنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغاندەك پەرەز قىلغاندۇ، بەلكى.

شەرەپلىك يوللاردىن ئۆتكەن ئاتىلار ئىزىنى باسقۇدەك لايىق ئوغۇللاردىن بولۇشمۇ شۆھرەت ئىكەن. دادامنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بويىنىمدىكى تۈگىمەس قەرز ئەمەسمۇ؟! شۇڭلاشقىمۇ، شپالغا قېقىلغان ئىككى تال رېلىسقا سولانغان پاراۋوزنىڭ چاقلىرىغا ئوخشاش ئويلىرىم مېنى تۆمۈر يولدىن يىراق ئەۋەتمەيتتى. ئەمدى دادامغا ئوخشاش تۆمۈر يولچىلار كىيىمىنى كىيىپ ئىستانسىدا ئىشلەش بىردىن - بىر ئارمىنىمغا ئايلاندى. ئونىنچى سىنىپنى تاماملىغاندا مېنى تۆمۈر يولغا ئەپكەلگەنمۇ ئاشۇ ئارمان بولدى.

ۋاگون چېتىلغان پويىز مېڭىپ خېلى ۋاقىتقىچە، ۋوگزالدا قالغان ئادەملەرگە ۋاگون ئىشىكىدىن قاراپ تۇردۇم.

ئەمدى مېنىڭ ھاياتىم رېلىسلارغا ئوخشاش ئاچىلىنىشقا باشلىدى. بۇ يوللار مېنى نەگە يېتىلەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن!

ئىستانسىدىن ئۈزۈلۈپ چىققان تېپلوۋوز كەڭ دالىدا بۆلەكچە ھەيۋەتلىك سىگنال بەردى. مۇشۇ پەيتتە مەندە: «ئادەملەر، بىزمۇ ئەر يېتىپ، ئەل قاتارىغا قوشۇلدۇق. بۈگۈن يەنە قادىروپلار ئەۋلادى نۆۋەتتىكى سوستاۋدا كېتىۋاتىدۇ» دەپ ۋاقىرىغىم كېلەتتى.

ۋاگوننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، مەيدەمنى شامالغا تۇتتۇم. بۈگۈنمۇ خوشاللىقىمدا چەك يوق. «مۇشۇ پەيتتە قېشىمدا دادام بولارمىدى» دەيمەن ئىچىمدە. كەينىمدە قېلىۋاتقان چەكسىز كەڭ دالىنىڭ ئىدىر ـ قىرلىرىغا قارىسام قارىغۇم كېلىدۇ. كۆڭلۈمگە بۆلەكچە ئىسسىق سېزىلىدىغان بۇ ئەتراپقا دادامدۇ زوقلانغان بولغىيتتى. ئادەمنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان ئوي يوق ئىكەن. دادام كېلىپچەك ھەققىدە قانداق ئويلايتتىكىن! قارغىش تەككۈر ئۇرۇش ئاتىلىرىمىزنىڭ تالاي ئارمانلىرىنى قارا يەرگە كۆمۈپتىغۇ. بولمىسا، بۇ يولدا بۈگۈن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىللە ماڭار ئىدۇق، بەلكى.

خۇددى كىنو ئېكرانىغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان ۋاگوننىڭ كىچىك دەرىزىسىدىن كەڭ دالىغا قاراپ ئويلاشنى ياخشى كۆرىمەن. بولۇپمۇ يولۇچىلار كېچىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، جىمجىت ۋاگوننىڭ تار بۆلمىسىگە كىرىۋېلىپ، تۈن قاراڭغۇ دالىغا قاراپ ئويلانغانغا نىمە يەتسۇن؟! بۇنداق چاغدا رېلىسقا تىك ـ تاق قىلىپ ئۇرۇلىدىغان ۋاگون چاقلىرىنىڭ بىر خىل ئاۋازى ئادەمنىڭ ئارمانلىرىنى قاناتلىتىپ،

مەن مەكتەپنى تامامل‍ىغاندا: «ئەر يېتىپ قالدىم، ئەمدى ئا-
پامنى ئىشلەتمەي باقارمەن» دەپ يۈرسەم، ئۇ مېنى نىمان-
چە ئايايدىغاندۇ! تېخىچىلا مېنىڭ ئۈچۈن سەكپارە. ئەسلىدە
بىر قانچە ئۆسۈپ يېتىشمىزغا يەتتۇق دىسەكمۇ، ئانىلارغا بەر-
بىر بالا ئوخشايمىز.

ۋاگون كۆتكۈچىلەر تەييارلايدىغان كورسىنى تاماملىغان-
دا، بىرىنگادىر مېنى هەر هالدا ئۆزەڭنىڭ ئاكاڭغۇ دەپ پەي-
زىراخمان ئاكامغا ياردەمچى قىلىپ قويدى. مەن تۆمۈر يول-
چىلار كىيىمىنى كىيىپ ئۆيدىن چىققاندا، ئاپام بەك خو-
شال بولدى.

— بىرنىڭ ئۆيدىن تۆمۈر يولچىلار كىيىمىنى كىيىپ
ئىستانسىغا ئەر كىشىنىڭ ماڭمىغىنىغا كۆپ يىل بولغان.
ئەمدى، مانا، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ. ئەر كىشى دىگەن
بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، سېنىڭ مۇشۇنداق ئىشقا ياراپ قال-
غىنىڭنى داداڭ رەهمەتلىك كۆرسە، تاغدەك خوشال بولار
ئىدى،— دىدى ئاپام.

بۇ كۈنى ماڭا ئاپامنىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ،
چىرايى ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. مەن دادامنى رازى
قىلالمىساممۇ، كۆڭلى مىسكىن ئانامغا خوشاللىق ئېلىپ كەل-
گىنىمگە خۇرسەن ئىدىم.

— سېنى ئۇزىتىپ قوياي، داداڭ ئىشقا ماڭغاندا ئۇنى
ئۇزىتىپ چىقىشنى ياخشى كۆرەتتىم،— ئاپام بۇ قېتىم مېنىڭ
قارام يۈتكىچە تۆمۈر يول بويىدا قاراپ تۇردى.

بىرىنچى ئىش كۈنى. تېپلوۋوز قاتتىق سىگنال بېرىشى-
گە ئورنىدىن ئاستا سىلجىغان سوستاۋ رېلىستىن رېلىسقا
يۆتكەلگەندە سىلكىنىپ، بارغانسېرى ئىتتىكلىدى. ئون ئىككى

پەيزىراخمان ئاكام ۋوگزالىمىزغا قايتىپ كەلگەندە «مۇتۇنى يانچۇغىڭغا سېلىپ قوي» دەپ ئۇنىمىغىنىمىغا قويماستىن، قولۇمغا پۇل تۇتقۇزاتتى. ئۇنىڭ بۇ سېخىيلىقىغا خېلى ۋاقىتقىچە ھەيران بولدۇم.

باشقىلار ياتاق ۋە يۇمشاق ۋاگونلاردا ئۆۋەتتە تۇرسا، بىر تولىسى پويىزنىڭ ئاخىرىغا چېتىلىدىغان ئومۇمىي ۋاگوندا ماڭاتتۇق. ئۇنىڭغا كۆپىنچە يېقىن يەرگە بارىدىغان يولۇچىلار چۈشكەچكە، ۋاگوننىڭ ئىچى بەك قالايمىقان ئىدى. پەيزىراخمان ئاكام يولۇچىلارنى ئۆزى ۋاگونغا ئولتۇرغۇزاتتى-دە، پويىز ئورنىدىن قوزغالغاندا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ۋاگون كۈتكۈچىلىرى تۇرىدىغان تار بۆلمىگە چاقىرىۋالاتتى. باشقىلارغا قارىغاندا بىزنىڭ ۋاگوندا يولۇچىلار تۇرغۇن ئىدى. مەن سەكسەن ئادەم سىغىدىغان ۋاگونغا نىمانچە كۆپ بېلەت ساتتىڭىز دەيتتىم. يولۇچىلارنى ۋاگونغا بەزىدە مەن ئولتۇرغۇزسام، پەيزىراخمان ئاكام «بېلىتى يوقلارنىمۇ كىرگۈزۈۋەرگىن، ئۆزىمىز بېلەت ساتىمىز» دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى. مۇنداق چاغدا بېلىتى يوق يولۇچىلارنى ۋاگونغا كىرگۈزۈشنى كىرگۈزەتتىم، بىراق ئۇلار چۈشۈپ كەتكىچە پويىز ساقچىسى كۆرۈپ قالمىسىدى، دەپ كۆزۈم تۆت بولاتتى.

— ئۇلاردىن قورقما. بىر نەرسە بولسا جاۋابىنى ئۆزەم بېرىمەن، — دەپ پەيزىراخمان ئاكام ھېنى خۇددى تۆمۈريولدىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا بېقىنىدىغاندەك چوڭ سۆزلەيتتى.

پويىز ئىستانسىدىن ئۇزىغىچە ۋاگون ئىشىگىدە كۈندۈزى سېرىق بايراقچەمنى، كېچىسى تۆمۈريولچىلار پەنىرىنى تۇتۇپ تۇراتتىم-دە، ئاندىن ئىشىكنى ئۇچ قىرلىق مەخسۇس ئاچقۇچ بىلەن ئېتەتتىم. يولۇچىلار ئورۇنلىرىغا جاي-

بۆلەكچە ياخشى ھىس تۇيغۇ ـ پەيدا قىلدۇ. بەزىدە رېلىسقا بىر خىل ئۇرۇلۇپ كېتىپ بارغان ۋاگون چاقلىرىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىمەن. زېھنىن قويۇپ تىڭشىساڭ ئۇنىڭ ئۆزى ھەيۋەتـ لىك بىر ناخشا.

پويىز ئۆۋەتتىكى بېكەتتە يېقىنلىشىشى بىلەن، تېپلوۋۇز قاتتىق تورمۇز بەرگەندە، ئاچىلاش يولدا رېلىستىن رېلىسقا يۆتكەلگەن ۋاگون مېنى چايقاشقا باشلىدى. پەقەت بېكەتتىكى ئۆۋەتچىنىڭ قولىدىكى پەنەرنىڭ كۆك يېنىۋاتقىنىنى كۆرگەنـ دە، ئويلىرىم خوددى يىڭنىنىڭ كۆزىگە ئۆتكۈزۈلگەن يىپقا ئوخشاش داۋام قىلدى.

بىز بىر كېچىنىڭ ئىچىدە جاھاننى كېزىپ كەتتۇق. ۋاگونغا دەسلەپكى كۈنى چۈشكەندە، تەقدىرى ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، ئۆزەمنى ئۇلگىرى بايقىمىغان بۆلەكچە بىر ھاياتقا كىرىپ قالغاندەك سەزدىم.

5

پەيزىراخمان ئاكام ئەمدى بىر ۋاگوندا بىللە ئىشلىگەندە، نىمىشقىدۇ ماڭا بۆلەكچە كۆيۈمچانلىق قىلاتتى:

— بىز ھەر ھالدا، قېرىنداش ئەمەسمۇ، بىر بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇپ يۈرەيلۇق، — دەيتتى ئۇ پويىز ئۈستىدە ماڭا نەسىھەت قىلىپ. شۇنداق چاغلاردا مەن: «قېرىنداش بولساڭ، مەن كىچىك چاغدا نەدە قالغان ئىدىڭ» دەپ نەچچە يىلدىن بېرى ئىچىمگە تولغان دەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىۋېتەي دىدىم ـ دە، يەنە سەۋر قىلدىم.

دىمۇ بوش جاي يوق.

پەيزىراخمان ئاكام ساقچىغا كۆزىنى قىستى - دە، ئۇنى قولتۇغىدىن يېتىلەپ، بىر تۇرىدىغان تار بۆلمىگە باشلىدى.

— ئارمان، سەن ئۆپچۆرەڭگە سەپسېلىپ قوي. بىرى كېلىپ قالمىسۇن، — ئۇ ماڭا قاراپ مەنىلىك كۆلدى.

پويىز ئىككى بېكەتتىن ئۆتكەندە، ۋاگون كۆتكۈچىلەر بۆلمىسىدىن كۆزلىرى قىزارغان ساقچى چىقتى. «ھاراق ئى- چىپتۇ - دە، پەيزىراخمان ئاكام ئۇنىڭدۇ ئاغزىنى مايلىسا كېرەك» دىدىم ئىچىمدە، بۇ قېتىم ساقچى ۋاگوندىكى يولۇ- چىلارنىڭ بېلەتلىرىنى تەكشۈرمەيلا چىقىپ كەتتى.

— ئۇنىڭدىن زادى قورقما، بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچە- لىك ئادىمىمىز، — دىدى ساقچىنى باشقا ۋاگونغا ئۇزىتىپ قايتـ- قان پەيزىراخمان ئاكام، — قېنى بېلىتى يوق يولۇچىلارنى بىر - بىرلەپ مېنىڭ قېشىمغا چاقىر.

مەن يولۇچىلارنىڭ بېلەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، كىمنىڭ بېلىتى يوق بولسا پەيزىراخمان ئاكامنىڭ قېشىغا كىرگۈز- دۈم. بېلەتسىز يولۇچىلار كۆپ ئىدى. مۇشۇنچىلىك ئادەم ئولتۇرغۇزغىنىمىزغا ئۆزەممۇ قورقۇپ قالدىم.

ئىشىمنى تۈگىتىپ، ۋاگون كۆتكۈچىلەر بۆلمىسىگە كىرسەم، پەيزىراخمان ئاكام كۆڭۈللۈك ناخشا ئېيتىپ ئول- تۇرۇپتۇ. ئۇ:

— ئىشىكنى ئىچىدىن بېكىتىۋېلىپ ئولتۇر، — دىدى - دە، يانچۇغىدىن بىر ئوچۇم پۇلنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، — ھەر ھالدا ئالدىڭ ئوچۇق يىگىت ئىكەنسەن. بۈ- گۈن ۋاگونغا قىرىققا يېقىن بېلەتسىز يولۇچى ئولتۇرغۇزۇپ-

لىشىپ، پويىز ئۆزىنىڭ قۇلاققا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل ناخشىسىنى باشلىغاندا، پويىز چايخانىسىدا چاي قايناتتىم. پەيزىراخمان ئاكام ئالتىنچى ۋاگوندا ماڭىدىغان بىزنىڭ بىرىگادىرغا مەلۇمات بېرىۋېتەي دەپ كېتەتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن غەرق مەس قايتاتتى.

نۆۋەتتىكى سوستاۋدا ماڭغان ئىدۇق، بىزنىڭ سوستاۋ بىرىنچى يولغا توختىشى بىلەن دىكتورنىڭ رادىيودىن پويىزغا ئولتۇرغۇزۇش باشلانغانلىقى ھەققىدىكى سۆزى ئاڭلىنىشىغا، ۋاگوننىڭ قېشىغا يولۇچىلار توشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى بېلەت ئالالماستىن خېلى كۈندىن بېرى كېتەلمەي يۈرگەنلەر ئىكەن. بېلەتسىز ئادەملەر ۋاگونلارنىڭ قېشىدا باياقچە تۇتۇپ تۇرغان ۋاگون كۈتكۈچىلىرىگە يالۋۇرماقتا ئىدى.

يولۇچىلارنى بۇ قېتىم ۋاگونغا پەيزىراخمان ئاكام ئولتۇرغۇزدى. مەن ئىلگىرى بىزنىڭ ۋاگونغا مۇنچىلىك ئادەم چۈشكىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم.

خۇددى يولۇچىلارنىڭ كۆپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك، پويىز ئورنىدىن قوزغالغاندا ۋاگونغا پويىز ساقچىسى كىرىپ كەلدى. مەن تەشۋىشتە قالدىم.

— ئادەملەرنى نىمانچە كۆپ ئولتۇرغۇزدۇڭلار؟ بېلەتسىز مۆكۈپ يۈرگەن «توشقانلار» بارمۇ؟ — مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاپ قايتۇرۇشنى بىلمەي ھودۇقۇپ تۇرغاندا، پەيزىراخمان ئاكام يېتىپ كەلدى - دە، ساقچى بىلەن قەدىناس دوستلارغا ئوخشاش قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىككىسى كونا تونۇشـزدىن ئىكەن. بۇنى بىلگەندە يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى.

— ۋاگوندا «توشقان»غا تۇرماق ئۆزىمىزگە ئولتۇرغۇدەك ئورۇن قالمىدى. كۆرمەمسەن، ھەتتا ۋاگون ئىشىگـ

ئەمدى بىلسەم، ھاياتنىڭ بىز كىتاپتا ئوقۇمىغان سىرلىرى كۆپ ئىكەن.

— پويىز كېلەركى ئىستانسىدا توختىغاندا، كاسىدىن يولۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە بېلەت ئالىسەن. بولمىسا ھازىر بىرىگادىرغا ئېيتىپ ئاكىت يازغۇزىمەن، — دىدىم. ئەتىمالىم، چىرايىم بىردىن ئۆزگىرىپ، ئاچچىقىمدا بەس كېلەلمەي قالسام كېرەك.

— ھوي، ئۇ نىمە دىگىنىڭ ئۇكا، چاخچىقىڭنى قوي، پەيزىراخمان ئاكام ئۇستەلدىكى پۇلنى يىغىشتۇرۇپ يانچۇغىغا سالدى، — بالىلىق قىلما، مۇشۇنداق پايدىسىنى دىمىسەك، بۇ ۋاگوندا ئەركەك بېشىمىز بىلەن سۇپۇرگە تۇتۇپ، مۈكچىيىپ، ۋاگون تازىلاپ نىمە قىلىمىز؟

— يولۇچىلار ئالدىدا ئەر نومۇسىڭنى تۆكۈپ پۇل يىغقىچە، ياغلىق تېگىپ ئايال بول. تېنى ساق ئەركەكلەر تۆمۈريول ياساپ، تېپلوۋوزلارنى ھەيدەۋاتسا، سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭنى قارا. يەنە تېخى ئۆزەڭنى داداڭنىڭ ئىنىسى دەيسەن؟! بۇ يەردە ئەۋلادىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ، پاسكىنا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغىچە جەڭدە ئۆلسەڭچۇ.

— ئۆلۈمۈمنى تىلەيراق قوي. ئۆلگەنلەرنى نىمىشقا ئاغزىڭغا ئالىسەن؟ مەن تېخى سېنى ئىنىم دەپ يېنىمغا ئېلىۋالغىنىم بولدىمۇ. قازا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن دىگەن مۇشۇ-دە.

— دادام ساڭا ئوخشاشلار ئادەملەرنى ئالداپ، دۇنيا يىغسۇن دەپ ئەمەس، ئەكسىچە تەر تۆكۈپ، ئادىل ئەمگەك قىلسۇن دەپ قۇربان بولدى. سەنزە ئايالىڭ بىلەن تۆمۈر-

تىمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر - ئىككى ئىستانسىدىن كېـ
يىن چۈشۈپ قالىدىغانلار. بۇ قېتىم تاپقان پايدىمىز مۇنۇ
بىر ئازنى ساقچىنىڭ كېكىرتىكىگە ئۇرۇشقا توغرا كەلدى.
ئۇنىڭسىز تۆمۈريولدا ياشاش مۇمكىن ئەمەس. مە، مۇنۇ
پۇلنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قوي، بۇ سېنىڭ ئەمگىكىڭنىڭ
مېۋىسى.

ئۇ يولۇچىلاردىن يىققان پۇلنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر
قىسمىنى ئالدىمغا قويغاندا ئاغزىمغا گەپ كەلمەي، قاققان
قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدىم، پۇت - قولۇمغا تىترەك ئولىشىپ
كەتتى.

مەن ئاپامنىڭ «ھەر ھالدا داداڭنىڭ بىر تۇغقان
ئىنىسى ئەمەسمۇ. يار - يۆلەك بولار» دىگەن سۆزىنى قىيـ-
ماي، پەيزىراخمان ئاكام بىلەن بىر ۋاگوندا يۈرگىنىمگە
ئېچىندىم. بىز ھەر قېتىملىق يۈرۈش ۋەزىپىمىزنى تاماملاپ
قايتقاندا! پەيزىراخمان ئاكام يانچۇغىدىن چىقىرىپ بېرىدىـ
غان پۇلنى نەدىن ئېلىۋاتقىنىنى پەقەت بۈگۈن بىلدىم. كۆز
ئالدىمغا ئەتىدىن - كەچكىچە پويىزلارنىڭ ئاستىدا قارا مايغا
مىلىنىپ يۈرىدىغان ئاپام كەلدى. ئۇ ئايال جېنى بىلەن
قىش كۈنلىرى سوغاق تۆمۈرنى كۆتىرىپ ئىشلەۋاتسا، قارى-
غايدەك ئەركەك تۇرۇپ، پەيزىراخمان ئاكامنىڭ قىلىۋاتقان
قىلىغىنى دەيمەن. مۇشۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلە، دەپ
قوشۇپ قويغان ئاپامغىمۇ رەنجىدىم.

مەكتەپتە مۇئەللىملەر بىزنى ئادىل ئەمگەك قىلىشقا
ئۆگەتكەندە، تۆمۈريولدىكى پەيزىراخمان ئاكامغا ئوخشاشلار
توغرىلىق ئېيتمىغان ئىدى. مەن، ھايات مۇئەللىمىم ئېيتـ-
قاندەك، ئوقۇش كىتاۋىدا، يېزىلغاندەك دەپ ئويلاپتىمەن.

سۆز قىلماي ئۇزاق ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ نىمە ئويلىغىنىنى
كىم بىلسۇن، هازىرلا ئۇستەلدىكى پۇلنى مىجىقلاپ ئېلىپ،
چاپسانراق يانچۇقىغا سېلىشقا ئالدىرىغان پەيزىراخمان
ئاكامنىڭ قوللىرىغا قارىدىم. كۆز ئالدىمغا جەڭدە قۇربان
بولغان دادام، ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئۆيلەيمەن دەپ يولدىشى-
دىن قالغان ئاخىرقى هالقىسىنى ۋوگزالدا ساتقىلى ئېلىپ
بارغان ئاپام، پەيزىراخمان ئاكام ۋە بايا ئۇستەل ئۇستىدە
تۇرغان پۇللار كەلدى...

تېپلوۋوز قاتتىق سىگنال بەرگەندە ۋاگونلا سىلكىنىپ
ئاستىلىدى. مەن چاپىنىمنىڭ توگمىلىرىنى ئېتىپ، قاۋاۋمغا
سېرىق بايراقچەمنى ئالدىم-دە، نۆۋەتتىكى ئىستانسىدا چۈ-
شۈشكە تەييارلىنىۋاتقان يولۇچىلارنى ئۇزاتقىلى ۋاگون ئىشى-
گىگە باردىم. پويىز توختىغاندا مېنىڭ بىلەن تەڭلا يەرگە
چۈشكەن پەيزىراخمان ئاكام:

— مەن يولۇچىلارغا بىلەت ئەپكېلەي، — دەپ ۋوگزال-
نىڭ ئىچىگە ماڭدى.

— بۇ جاڭجالنى ھەدەمگە ئېيتىپ يۈرمە، — دېدى
پەيزىراخمان ئاكام بىز ۋوگزالىمىزغا قايتقاندا، مەن
ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرمىدىم.

## 6

مەن تۆمۈريولغا ئىشقا كىرگەن يىلى ئىستانسىمىزدىكى
ئىگىز دۆڭگە ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان
يۇرتداش جەڭچىلەرگە يادىكارلىق ئورنىتىلدى. ئۇ باشقىلار-
دىن كۆرە ئاپامغا بۆلەكچە تەسىر قىلغان ئىدى. غالىبىيەت

يولدا دۇنيا يىغىپ يۈرىسەن. كېلەركى ئىستانىسىدا سېنى تۇتۇپ بېرىمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم! — ئەتىمالىم، مەن قان قىزىنىدا كۆپ سۆزلەپ كەتسەم كېرەك. پەيزىراخمان ئاكام گەپكە چىدىماي، ئورنىدىن بىرنەچچە قېتىم سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، — ماڭا پەندى - نەسىھەت ئۇقۇماي، جېنىڭنى باق، يىتىم ئوغلاق.

— بىز يىتىم بولساقمۇ، بۆشۈكتىن بېلىمىز چىقماي تۇرۇپ سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭشاپ قويىمان.

مەن ئۆزىمنىڭ تىلىغا ئۆزەم ئىگە بولالماي قالدىم. ئاندىن ئۇنى نىمە دەپ تىللىغىنىم ئېسىمدە يوق، بىر چاغدا پەيزىراخمان ئاكام ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېكىرتىكىمگە ئېسىلدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرى مېنى تار بۆلمىدە بىر بۇلۇڭغا قىستاپ، دەم ئالغۇزماستىن بوغماقتا. پۇتلىرىمنى تۇيۇقسىز ئىشىكنى چەكتى. پەيزىراخمان ئاكام مېنى قويۇۋېتىپ، ھېچنەرسە كۆرمىگەن ئادەمدەك ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى. مەن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىكنى چەككەن يولۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن.

— نۆۋەتتىكى ئىستانسىغا قاچان يېتىمىز؟ — دەپ سورىدى قېشىمىزغا كىرگەن يولۇچى. پەيزىراخمان ئاكام خېلى ۋاقىتقىچە كېكىرتىكى بوغۇلغان ئادەمگە ئوخشاش سۆز قىلالماي ئولتۇردى - دە، ئاندىن «تېخى يىراق» دەپ ئارانلا جاۋاپ قايتۇردى.

يولۇچى چىقىپ كەتكەندە، ئىككىمىز بىر بىرىمىزگە

ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلانماپتىمەن. ئاپام ئېيتقاندەك، ئاشۇ مېنىڭ دادامنىڭ جەسىدىدۇر بەلكى. بىر تۇرۇپ، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان يىگىرمە مىليون سوۋېت ئادىمىنىڭ ئىچىدىن مېنىڭ دادام نەدىن تېپىلسۇن دەيمەن. ئۇ مېنىڭ دادام بولمىسىمۇ، ماڭا ئوخشاش بىرسىنىڭ جەڭدە يوقاتقان دادىسىدۇ؟! يا بولمىسا تېخى ئۆيلەنمىگەن ياش يىگىتمىكىن؟ بېشىمغا ھەر خىل ئوي كەلدى. يېنىپ-يېنىپ ئاپامنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئالاتتىم.

ئىلگىرى ئاپام: «نە كاشكى، داداڭنىڭ ئۆلۈكىنى ئەل قاتارىدا، ئۆز قولىمىزدا ئۇزاتساقچۇ؟! داداڭنىڭ جەسىدى چۆل-باياۋانلاردا قېلىپ تېنىنى قاغا چوقۇپ، ئىت قۇزغۇنلارغا يەم بولدىمىكىن؟ دەپ كۆپ ۋايىم قىلاتتى. بۈگۈن نامەلۇم جەڭچى قەۋرى ھەققىدە ئاڭلىغاندا، ئۇنى چاپسانراق بېرىپ كۆرۈشكە ئالدىرىدىم. ئاشۇ قەۋرىنى كۆرسە، ئاپامنىڭ كۆڭلىمۇ بىر ئاز بېسىلامدىكىن دەيتتىم.

— داداڭ قىرىق بىرىنچى يىلنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا موسكۋا شەھىرى يېنىدىكى جەڭلەرنىڭ بىرىدە قۇربان بولىدىغۇ دەيمەن. سەۋەبى، ئۇنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان خېتى شۇ يەردە توختىدى، — دەپ ئاپام ئۇرۇش يىللىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى.

× ×

پەيزىراخمان ئاكام ئىشلەيدىغان بىرىگادىدىن باشقا بىرىگادىغا ئالماشقاندا، موسكۋا شەھىرىگە قاتنايدىغان

ىكارلىق سەۋەپ بولدى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قەددى-
نى تۈزەپ، مەغرۇر مېڭىشقا تىرىشاتتىم. يادىكارلىققا دا-
دامنىڭ ئىسمى يېزىلغاندىن كېيىن، تۆمۈر يولچىلارمۇ ماڭ-
بولەكچە ھورمەت بىلەن قارايدىغان بولدى. تۆمۈريول-
كېيىن كەلگەنلەر «سېنىڭ داداڭمۇ جەڭدە قۇربان بولغان
ئىكەن-ھە؟» دەپ سورايتتى. مۇنداق چاغدا مەن دادام
بىلەن پەخىرلىنەتتىم.
بىر كۈنى ئاپام ئىستانسىدىن كەچ كەلدى-دە:
— ئارمان، موسكۋادا كىرىمل تېمىنىڭ يېنىغا جەڭدە
قۇربان بولغان نامەلۇم جەڭچىنىڭ جەسىدىنى كۆمۈپتۇ، دەيدۇ،
سەن بۇ ھەقتە ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئاڭلىدىم. نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى ھەققىدە گې-
زىتلەردىمۇ يازدىغۇ.
ئاپام خېلى ۋاقىتقىچە، خۇددى ماڭا بىر نەرسە
ئېيتاي دەپ تەمشەلسىمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك
ئۇنسىز ئولتۇردى.
— ئۇنى نېمە ئەسلەپ قالدىڭ؟
ئاپام بىر ئازغا سوزۇلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن:
— بەلكى، ئاشۇ يەردە دەپنە قىلىنغان داداڭنىڭ
جەسىدىمىكىن؟ — دىدى.
ئىككىيلەن يەنە جىم بولدۇق. ئاپامغا نېمە دەپ جا-
ۋاپ قايتۇرۇشۇمنى بىلمەي، لال بولۇپ قالدىم. بۇ ئوي
مېنىڭ ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرگەن ئەمەس. مەن نامەلۇم
جەڭچى قەۋرىسىگە ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى جەڭلەرنىڭ
بىرىدە قۇربان بولغان جەڭچىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كېلىپ
دەپنە قىلغىنىنى بىلەتتىم. ئەمما ئۇ كىمنىڭ جەسىدى

قۇتلۇق تېڭمۇ ئاددەمگە بۆلەكچە تەسىر قىلدىكەن. پويىز قازان ۋوگزالىغا كېلىپ، يولۇچىلارنى چۈشۈرۈشكە بىزنىڭ سوستاۋ چەتتىكى بوش يوللارنىڭ بىرىگە توختىدى. ۋاگون كۈتكۈچىلەر كرېمىل ئەتراپى بىلەن لېنىن ماۋزولېيىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدۇق.

مېترۇغا چۈشكەن ئاددەمگە ئۇ يىراق يەر ئەمەس ئىكەن. بىز قىزىل مەيدانىغا بىر دەمدىلا يېتىپ كەلدۇق. لېنىن ماۋزولېيىغا كىرىش ئۈچۈن ئەتىگەندىن بېرى نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ئاددەم كۆپ ئىكەن. موسكۋاغا كەلگەن ھەر-قانداق ئىنساننىڭ لېنىننى كۆرۈش بىردىن-بىر ئارزۇسى ئەمەسمۇ، ماۋزولېيىغا نۆۋەت كۈتكىلى كەلسەك، بىر كۈندە لېنىننى كۆرىدىغان ئاددەملەرنى ئالېكساندىر بېغىغا كىرگۈزۈپ بولغان ئىكەن.

— كەچكىچە مۇشۇلار ئاران كۆرۈپ ئۈلگۈرىدۇ، — دېدى كوزەتتە تۇرغان ئەسكەر. ئۇنىڭغا يالۋۇرۇۋاتقان ئاددەم كۆپ ئىدى.

— ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە كەلسەڭ ئالېكساندىر بېغىنى ئاددەمگە لىق تولغىنىنى كۆرىسەن. ئۇلار لېنىننى كۆرۈش ئۈچۈن كېچىلەپ نۆۋەتتە تۇرىدۇ، — دېدى بىز بىلەن كەلگەنلەرنىڭ بىرى.

كوزەتچى ئەسكەر قويۇپ بېرەمدىكىن دېگەن ئۈمىت بىلەن يالۋۇرۇشقا باشلىدۇق. توپلىشىپ تۇرغان ئاددەملەرنىڭ ئارىسىدا يېشى يەتمىشكە كەلگەن بوۋاينىڭ يالۋۇرۇشى ئالايىتەنلا ئاڭلىناتتى:

— ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم موسكۋاغا كېلىۋىدىم، بالام. بۈگۈن كەچتە يىراق شەرققە كېتىمەن، ياشلار بۇ يەرگە توقسان

بولدۇم. مېنىڭ موسكۋا شەھىرىگە ماڭىدىغانلىقىمنى ئاڭلىغاندا، ئاپام پايپېتەك بولۇپ يول تەييارلىقىمنى كۆردى.

— بارغاندا دەرھال نامەلۇم جەڭچىنىڭ قەۋرىسىگە يولۇق، بىرەر يېرىدە كىمنىڭ جەسەدى ئىكەنلىكى ھەققىدە بەلگىسى بارمۇ، ياخشىراق سەپسېلىپ قارا. قانچە قىلغان بىلەن يۈرەك سېزىدىغۇ. نەدىن بىلسەن، بەلكى ئۇ داداڭنىڭ قەۋرىسىدۇ. ئۆپچۆرىدە ئاغزىدا ئىمانى بار ئادەم يولۇقۇپ قالسا، داداڭغا ئاتاپ دۇئا ئوقۇپ قوي، — ئاپام ماڭا كۆپ نەرسىنى جېكىدى. مەن يولغا چىقىدىغان كۈنى ئىككىلەن يېرىم كېچىگىچە دادام ھەققىدە پاراڭ سېلىشتۇق. ئاپام يەنە دادامنىڭ ئاخىرقى خېتىدە يازغان سۆزلەرنى ئەسلىدى. بۇ قېتىم مەن موسكۋا شەھىرىنى چاپسانراق كۆرۈشكە ئالدىرىدىم. بۇ شەھەردىكى كرېمىل، لېنىن ماۋزولېيى ۋە نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى كۆز ئالدىمدىن كەتسۇنمۇ؟! پويىز قانچە يېقىنلىغانسېرى مەن شۇنچە يىل كۆرمىگەن دادامنى كۆرىدىغاندەك، ئالدىمدىكى شەھەرگە ئىنتىزار بولۇپ قارايتتىم.

شەھەر چىراقلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا يولۇچىلار موسكۋاغا يېقىنلىشىۋاتىمىز دەپ ۋاگون دېرىزىسىدىن تەل-مۈرۈپ قارىماقتا. شەھەرگە يېقىنلىغاندا ئېلىمىزنىڭ بارلىق جايلىرىدىن خۇددى يۈرەككە باغلانغان قان تومۇرىغا ئوخشاش موسكۋاغا تارتىلغان تۆمۈريوللار كۆپەيدى. بۇ شەھەرنى ھەقىقى چوڭ يۈرەككە ئوخشاتتىم. تۆت تەرەپتىن كەينى-كەينىدىن توختىماي كېلىۋاتقان پويىزلار ئاشۇ يۈرەككە قان قۇيۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

موسكۋاغا تاڭ ئاتقاندا كىرىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ

كېلىدىغاندەك بىلىنەتتى. موسكۋانىڭ تازا شاملى قەلبىمگە
يېڭىدىن تۇتاشقان ئوتنى يەلپۈپ، تېخىمۇ يالقۇنجىتىۋەت-
كەندەك بولدى. بۇ قۇتلۇق يەرنى باسقان ئادەم ئۆمرى
ئەستىن چىقماس ياخشى تەسىراتقا ئىگە بولىدىكەن.

كرېمل تېمى يېنىدىكى مەرمەر تاشتىن ياسالغان
نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسىنى كۆرگەندە يۈرىكىم بۆلەكچە
ئىتتىك سوقۇشقا باشلىدى. مەن يەرنى پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا
ئاۋايلاپ بېسىپ قەۋرىگە يېقىنلاشتىم. باش كىيىملىرىنى
قوللىرىغا ئېلىپ، قەۋرىنى چۆرىدەپ كۆكۈش يالقۇن چىقى-
رىپ، بىر خىل يېنىۋاتقان ئوتقا جىمجىت قاراپ تۇرغان
ئادەم كۆپ ئىدى. ھال قىزىل مەرمەردىن ياسالغان
قەۋرىگە گۈللەر قويۇلۇپتۇ.

ئۇرۇش تامام بولۇپ، مىلتىق ئۈنى ئۆچكىنىگە قاي
زامان؟! بىراق قەۋرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئادەم باش
كىيىمىنى قولىغا ئېلىپ، بىر خىل يېنىۋاتقان مەڭگۈ ئۆچ-
مەس ئوتقا ئۇزاق قارىغاندا ھەممىنى زەي لەھەتكە تىققان
ئۇرۇشنى خۇددى تۈنۈگۈن كۆرگەندەك كۆز ئالدىدىن
ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق قانلىق چاغدا جەڭ مەيدانلىرىنى
بېسىپ ئۆتكەنلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۇرۇش ساداسى
يېڭىۋاشتىن جاراڭلاپ، تېخى يېڭىدىن ساقىيىۋاتقان يۈرەك
يارىسى ئېچىلغاندەك بولىدۇ. ئۇلار قەۋرىنىڭ قېشىدا
خۇددى يۈرەكلىرى بىر پەس توختاپ قالغاندەك ئورۇنلى-
رىدىن قوزغالماي جىم تۇراتتى-دە، ئاندىن چوڭقۇر نەپەس
ئېلىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ مېڭىپ كېتەتتى.

نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسىگە كۆپ قارىدىم. ماڭا جەڭ
بولغان يەرلەردىن مەزگىلسىز توختاپ قالغان يىگىرمە

قېتىم كېلىپ ئۈلگۈرەر، ئەمدى مېنىڭ كېلىشىم ئىككى تايىن. قويۇپ بەرگىن، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا لېنىننى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ قالاي.

بوۋاينىڭ سۆزى بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىۋەتسە كېرەك، ئۇلار ھەر تەرەپتىن: بوپتۇ، بىزنى كىرگۈزمىسەڭمۇ بوۋاينى قويۇپ بەر دېيىشتى. ئەتىمالىم، كۈزەتتىكى ئەسكەر بوۋاينى قويۇپ بەرسەم باشقىلار يالۋۇراۋېرىدىكەن دەپ خىجالەت بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك، بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزنى ئاڭلىشى بىلەن، ئۇ بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئىچكىرىگە باشلىدى.

شۇنچە يەردىن كېلىپ لېنىننى كۆرمەي كېتىمەنمىكىن دەپ تەشۋىشلىنىۋاتقان بوۋاي باتقا كىرگەندە قەددىنى رۇسلاپ، ئۇزۇن بۇرۇتىنى بىر تولغاپ، ئەسكەرگە: «رەھمەت، بالام، بەختىڭ ئېچىلسۇن» دەپ بۆلەكچە مېھرى بىلەن قارىدى-دە، ئاندىن ماۋزولېي تەرەپكە چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ كەينىدىن قىزىقىپ قاراشتۇق.

بۇ قېتىم ماۋزولېيغا كىرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن باشقا تارىخىي جايلارنى زىيارەت قىلىشقا كېلىشتۇق. مەن چاپسانراق نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم. كۈز ئايلىرى بولغىنى ئۈچۈنمۇ توختىماي بىر خىل چىقىۋاتقان شامال ھېچبىر پەسلىمەيتتى.

— موسكۋاغا قاچانلا كەلمە، دائىم مۇشۇنداق شامال چىقىپ تۇرىدۇ، — دېدى بىزنى باشلاپ يۈرگەن ۋاگون كۈتكۈچىلەر بىرىگادىسىنىڭ بىرىگادىرى. ماڭا قىزىل مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا چىقىپ تۇرىدىغان شامال ئادەم قەلبىنى تازىلاپ، ياخشى ھېس-تۇيغۇ، يېڭى ئوي-ئارمان ئېلىپ

نى كىلەتتى. ئاپام ئېيتقاندەك، ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ دادامنىڭ قەۋرىسىمىكىن دەيمەن. داداڭنىڭ نەگە دەپنە قىلىنىغىنىنى بىلمىسەڭمۇ ئېغىر ئىكەن. ئەگ بولمىغاندا باشقىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ قەۋرىنى كۆرۈپ قايتساق، چوڭ مەدەت ئەمەسمۇ؟! بەزىدە قەۋرىلەر ئالدىدا تۇرغاندا: بۇ يەردە دادامغا، نە كاشكى، ئىككى چامدام زەي لەھەت بولۇنگەنىنى كۆرسەمچۇ دەپ ئارمان قىلىمەن. شۇڭلاشقا بىزگە ئوخشاش ئاتا مېھرىگە قانمىغانلار بۇ دۇنيادا قانچە تەلتۆكۈس بولۇپ، بەختلىك ياشاۋاتىمىز دىگەن بىلەنمۇ بىر يېرىمىز كەمدەك تۇرىدۇ.

دادامۇ مېنى تۇزۇك كۆرمەي، بۇ ھاياتتىن ئۆتۈپتۇ. نە كاشكى ئۆيىمىزدە ئۇنىڭ بىرەر رەسىمى قالسىچۇ؟! ئاپام مېنى داداڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايسەن دەيدۇ، بەلكى شۇنداقتۇ.

مېنىڭ دادام بارى-يوقى يىگىرمە بەش يىل ھايات كۆچۈرگەن ئىكەن. نىمە دىگەن قىسقا ئۆمۈر؟! «داداڭنىڭ ئارمانلىرى كۆپ ئىدى، شۇنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى» دەيدۇ ئاپام. ئۇنىڭ ئويلىغان ئويلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دادامنىڭ نىمىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىغىنى كۆپ سوزايمەن.

مەر مەر تاشتىن ياسالغان قەۋرىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ: «دادا، مەن ئەر يېتىپ، قەۋرەڭگە كەلدىم. سېنىڭ فرونتتىن ئەۋەتكەن خەتلىرىڭدە يازغان سۆزلىرىڭ راست ئىكەن. بىزنىڭ جەڭچىلەر دۈشمەننى يېڭىپ، غالىپ چىقتى. سەن خەتتە يازغاندەك دۈشمەن سىلەرنىڭ جەسەدىڭلارنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، موسكىۋاغا كىرەلمىدى ... ئۇرۇشتىن كېيىن

مىلىيون ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يىغىپ كېلىپ، مۇشۇ يەرگە كۆمگەندەك سېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر يىل يېنىپ تۇرسىمۇ، بۇ قەۋرىدىكى ئوت يىگىرمە مىلىيون يىل ئۆچمەس دەيمەن.

مۇشۇنداق قەۋرىگە كەلگەندە، بۆكىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ، بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرساق، ئاشۇ چوڭ ئەۋلادنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنىڭ گۇۋاچىسى بولۇپ، باش ئېگىمىز.

شامالغا قارشى تۇرغاچقىمۇ بەش قىرلىق يولتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىۋاتقان ئوتنىڭ تەپتى ماڭلىيىمغا ئىسسىق تەگكەندە ئۆزەمنى بۆلەكچە بىر غەيرى تەبىئى كۈچ ئىگەللىۋالغاندەك بولدى. بۇ ئوتنىڭ تەپتىمۇ باشقىچە!

ئالدىمىدىكى ئايال قولىدىكى گۈلنى مەر مەر تاشقا قويۇپ، توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەردىن چەتكە چىقتى-دە، قول ياغلىقىنى كۆزىگە بېسىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنى كۆرگەندە كۆڭلى مىسكىن ئانام ئېسىمگە چۈشۈپ، كۆزۈمدە ياش ئەگىدى.

ئەسلىدە ئاتىسىز ئۆسكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولامدۇ ياكى مەنلا شۇنداقمەنمىكىن، ئەيتاۋۇر، مۇشۇنداق قەۋرىلەر ئالدىغا كەلگەندە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزۈمگە ياش يىغىلىۋېرىدىغۇ-تاڭ. ماڭا نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسىدە بىر خىل يېنىۋاتقان ئوت بارغانسېرى ئىنتىكلەۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭغا ئۇزاق قارىغاندا ئۆزەمنى ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن.

نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى قېشىدا بېشىمغا ھەر خىل

گىنى يوقمىكەن؟! سەن كەتكەندىن بىرى داداڭ چۈشۈمدىن
چىقماس بولدى، ــ دەپ ئاپام يەنە دادامنى ئەسلىدى.

بىر قانچە كەچ ياتساقمۇ بۇ كۈنى ئاپام ئىككى يېنىغا ئۆرۈلۈپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. مەن ئۇنىڭ يىگىدىن ئىمىن تاپقان كۆڭلىنى بىئارام قىلغىنىغا تەشۋىشلەندىم.

مەن دەم ئېلىۋاتقانلىقتىن، ئەتىسى كۈن چۈش بولاي دىگەندە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاپام ئەتىگەنلىك چېيىمنى تەييارلاپ قويۇپ ئىشقا كېتىپتۇ.

ئۇ كۈنى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۈيىمىزگە تۇيۇقسىز ماناپكام كىردى. بۇ مەن كەينىدىن پالتا كۆتىرىپ چىققاندىن بېرى ئۇنىڭ بوسۇغىمىزنى ئاتلىغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ماناپكامنىڭ چىرايى ئۆمىلا كىرىپ كەلگىنىنى بايقىغاندا، بىرى يۈرىگىمگە يىڭنە سانچىغاندەك بولدى. ئۇنىڭدىن بىر شۇم خەۋەر كۈتكەندەك چىرايىغا قارىدىم.

ــ بالام، چاپسانراق كىيىن، ئايەتخاننى پويىز سوقۇۋېتىپتۇ! ــ ئۇنىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن تۆمۈريولدا يۈرۈپ قارايغان چىرايى تېخىمۇ ئۆرتىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ماناپكام ئوشۇق سۆز ئېيتمىدى. ئۇمۇ تىلى گەپكە كەلمەي قالغان ئادەمگە ئوخشاش جىم.

ــ بۇ نىمە دىگىنىڭ، ماناپكا، ئەتىگەنلا ماڭا چاي قايناتىپ بىرىپ، ۋوگزالغا ساپ ـ ساق كەتكەن ئىدىغۇ. راست گەپ قىلىۋاتامسەن؟!

تاسادىپى ئاڭلانغان شۇم خەۋەردىن كېيىن نىمە قىلارىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدىم. ماناپكامنىڭ سۆزىگە بىر

ئىستانسىمىزنىڭ قانداق ئۆزگەرگىنىنى كۆرگەن بولساڭ
تېخى؟! ھە، راستلا، سەن ھەيدىگەن پاراۋوزنى تۆمۈر-
تەسەككە ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى تېپلوۋۇزلار
كەلدى... بىلەمسەن، سېنىڭ جەسىدىڭنى ئېلىمىزنىڭ
يۈرىگى — موسكۋا شەھرىگە ئەكېلىپ قويدى. ئاز كۈندە بۇ
يەرگە ئاپامنىمۇ ئېلىپ كېلىمەن...» دەپ ئۆزەمچە پىچىرلاپ
سۆزلەيتتىم. لېكىن ئۇيۇل تاشتىن ياسالغان قەۋرە جىمجىت،
پەقەت بەش قىرلىق يۇلتۇزدىن چىقىۋاتقان ئوت شامالدا
يەلپۈنۈپ بىر خىل يانماقتا.

نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى قېشىدىن يىراقلىغاندا
خۇددى بۇ يەردە ماڭا ئەڭ ئەزىز ئادەم قالغاندەك كەي-
نىمگە يېنىپ-يېنىپ قارايتتىم. مۇشۇ قېتىم موسكۋاغا كې-
لىپ، نامەلۇم سولدات قەۋرىسىنى كۆرگەندە، دادام ھەققى-
دىكى ئويلىرىم قەۋرىدە يانغان ئوتقا ئوخشاش قەلبىمدە
مەڭگۈ ئۆچمەس چوغ بولۇپ چۈشتى.

7

بۇ قېتىم مەن موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندە ئاپام
تولىمۇ خوشال بولدى. ئۇ يېرىم كېچىگىچە يېنىمدا ئولتۇ-
رۇپ، ھەممە نەرسىنى تەپسىلى بىلمەكچى بولغاندەك، يېنىپ-
يېنىپ سورىدى.

— ھە، قانداق ئىكەن... قەۋرە مەرمەر تاشتىن ياسى-
لىپتۇ دەمسەن؟ جەڭدە شېھىت بولغانلارغا ئالتۇندىن قەۋرە
ياسىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ياخشىراق سەپسېلىپ قارىدىڭمۇ،
بىرەر يېرىدە دادىڭنىڭ قەۋرىسى ئىكەنلىگى ھەققىدە بەل-

ماناپكام ئىككىلەن دوختۇرخانىنىڭ ئىشىگىنى كۆپ ئەگىدۇق.

ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن تۇيۇقسىز چىققان ھەمشىرە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ئوپېراتسىيىگە دەسلەپكى قېتىم قاتنىشىشى بولۇشى كېرەك، يۈزى تامدەك تاتىرىپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ. ھەمشىرىنىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى كۆر-گەندە مەنمۇ تەشۋىشتە قالدىم.

— ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىكى ئايالنىڭ ئەھۋالى قان-داق؟ — دەپ سورىدىم ھەمشىرە قىزدىن.

ئۇ ماڭا قارىماستىنلا:

— جاراھەتلەنگەن تېنىنى تېڭىپ، سۇنغان پۇتىنى گىپسقا ئېلىۋاتىدۇ، — دەپ بىر پەس جىمجىت تۇردى-دە، ئاندىن ماڭا مۇراجەت قىلدى:

— سىز كىم بولىسىز؟

— بالىسى.

ھەمشىرە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، خۇددى مېنى ئەمدى كۆرگەندەك يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ماڭا بۆلەكچە ئېچىنىشتا ئىچى ئاغرىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— تەشۋىشلەنمەڭ، ئاز كۈندە ساقىيىپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ ئامان قالغىنىغا شۈكرى قىلىڭ، — ھەمشىرە بىلەن ماناپكام مېنى بەزلىدى. مەن ئۇلارنىڭ باشقا نېمە دېگىنىنى ئاڭلى-مىدىم. كۆز ئالدىمدىن ئاپام كەتسۇنمۇ؟ ئۆزەمنى خۇددى پۇت-قولىدا جان قالمىغان ئادەمدەك ھېس قىلدىم. دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، سۆزلەشكۈدەك ھالىم يوق.

باشقىلارغا بەرگەن بەختىنىڭ مىسقالچىسىنى نېمىشقا ئانامغا بەرمىدىڭىز! ئەسلىدە ئادەملەرنىڭ «تەگىشەلمىگەن ئالەم» دەپ قويىدىغىنى بىكار ئەمەس ئوخشايدۇ.

ئىشەنسەم، بىر ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. چاقماق چېقىلغاندەك چاپسانلىقتا بېشىمغا مىڭبىر ئوي كەلدى. مېنىڭ ئاپام نېمانچە شور تەلەيكىن؟ يېڭىدىن قايغۇ ـ دەرتتىن ئايرىلغان ئاپام مەن چوڭ بولۇپ، قولۇم ئىشقا تەگكەندە ئارامخۇدا ھايات كەچۈردى دېسەم، ئەمدى بۇ كېلىشمەسلىك چىقتى. ھەقىقە ـ تەن مېنىڭ ئاپام شۇنداق شور پېشانە ئوخشايدۇ.

— زادى ئۆزى ھاياتمۇ؟ — مۇنداق پەيتتە بىرەرسىنىڭ ئاغزىدىن شۇم خەۋەر چىقىپ كېتەمدىكىن دەپ بۆلەكچە تەشۋىشلىنىسەنكەن.

— ئۇ، ئىككىنچى يولغا توختىغان سوستاۋنىڭ ۋاگون ـ لىرىغا سۇ قويۇۋاتقاندا بەلگە چىرىغىنىڭ كۆك يېنىپ، تېپ ـ لوۋوزنىڭ سىگنال بەرگىنىنى سەزمەي قاپتۇ. ئەتىمالىم، غەپلەت باسسا كېرەك. ھېلىقى پويىز ئورنىدىن سىلجىغاندا ئېسىنى يىغىپ ئۈلگۈرۈپتۇ، بولمىسا ۋاگون چاقىنىڭ ئاستىدا قالاتتىكەن. باكقا سۇ قويۇۋاتقان شلانكىنى چىقىرىمەن دەپ تېيىلىپ يىقىلغاندا پۇتى سۇنغان ئوخشايدۇ.

ھاياتتا مۇنداق كۈنلەرمۇ بولىدىكەن. ماناپكامنىڭ «غەپلەت باسسا كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئاپام ـ نىڭ كېچىچە ئىككى يېنىغا ئۆرۈلۈپ، تۈزۈك ئۇخلىمىغانلى ـ غىنى ئەسلىدىم. بىر تۇرۇپ، ئاپامغا نامەلۇم جەڭچى قەۋ ـ رىسى ھەققىدە ئېيتىپ، ئەمدىگىنە ئىمىن تاپقان كۆڭلىنى بۇزغىنىمغا ئېچىناتتىم. «ئىشقا بارغاندىمۇ ئۇ يېڭىدىن ئۇن ـ تۇلۇشقا باشلىغان يىللارنى ئويلاپ تېپلوۋوزنىڭ سىگنال بەرگىنىنى ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ» دېدىم.

دەرھال كىيىنىپ، ماناپكام بىلەن دوختۇرخانىغا ماڭدۇق. بىر كەلسەك ئاپامنى ئوپېراتسىيە بۆلمىسىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئۆزەڭنى چىڭ تۇت.
مېنىڭ ئاپاملا بېشىغا كۈن چۈشكەندە شۇنداق غەي-
رەتلىكمىكىن ياكى ھەممە ئانىلارمۇ ئاپامغا ئوخشامدۇ،
ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ ئىرادىسى بۆلەكچە ئىدى. دائىم بىرەر
قايغۇلۇق خەۋەر ئاڭلىسا، ئىككى كۆزىدىكى ياشقا زورلايدى-
غان ئاپام بۇ قېتىم ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ، مېنىڭ قايغۇمنى
قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قۇرۇق، بۇنى كۆرۈپ، ئاپام يىغ-
لاپ يۈرۈپ، كۆزىنىڭ يېشى تۈگەپ قالدىمۇ دەيمەن.

بالىنىستىغا ماناپكام كىرىپ كەلگەندە بىزنىڭ پارىڭىمىز
ئۈزۈلدى. ئۇ ئاپام بىلەن قىسقىلا تېچلىق سوراشتى:

— قانداق ئەھۋالىڭىز، ئايەتخان؟

ئاپام بېشىنى لىڭشىتىپ، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇ-
كىنى ئاران مىدىرلىتىپ جاۋاپ قايتۇردى - دە، سۆز قىل-
ماي ماناپكام ئىككىمىزگە قاراپ ياتتى. بىز نېپىز ئەدىيال
يېپىپ قويغان ئاپامنىڭ بويىدىن كۆز ئالماي ئولتۇرىمىز.
كېپىسقا سىيلىنغان ئوڭ پۇتى ئەدىيالنىڭ ئىچىدە چوخچىيىپ
تۇرىدۇ.

ئۇزاق ئولتۇرغان ماناپكام مېنىڭ قۇلىقىمغا:

— مەن قايتاي، ئەتە كېلەرمەن، سەن بۈگۈن كېچە
ئاپاڭنىڭ قېشىدا بول، — دەپ كۆپ نەرسىلەرنى جېكىدى - دە،
ئۇخلاۋاتقان ئاپامنى ئويغىتىۋەتمەي دىگەندەك، پۇتىنىڭ
ئۇچىدا ئاۋايلاپ بېسىپ، بالىنىستىن چىقىپ كەتتى. ئەمدى
جىمجىت بالىنىستا ئاپام ئىككىلەن قالدۇق. مەن ئۇزاق
ئۇيقۇغا كەتكەن ئاپامغا قاراپ ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر ئويغا
چۆمدۈم. ھازىرلا بالىنىستىن چىققان ماناپكام ھەققىدىلا
ئويلايتتىم: ئۇنىڭ بۈگۈن ئاپامنى پويىز بېسىپ كەتكەندە

ئاپامنى ئوپېراتسىيە بولۇمىدىن بالىنىسغا ئەپچىقىپ كارۋاتتا ياتقۇزغاندا قېشىغا كىردىم. ناركوز بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلغان ئۈچۈنمۇ، خۇددى ھاۋا يەتمەيۋاتقاندەك ئىنتىك نەپەس ئېلىۋاتقان ئاپامنىڭ ئاغزىدىن كۆۋۈك چىقىپ تۇراتتى. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن تېخى كۆزىنى ئاچمىغان ئاپامغا قارايمەن. ماڭا ئۇنىڭ يۇمغان كۆزلىرى ئەمدى ئېچىلماي، شۇ پېتى ئۇخلاپ قالىدىغاندەك سېزىلەتتى. ئانامغا قارىسام كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. «كۆزۈڭنى ئاچقىنا، جېنىم ئاپا، ئۇخلىمىغىنا» دەيمەن ئىچىمدە. لېكىن ماڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ قاتتىق يۇمۇلۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

بەختىم بار ئىكەن! ئۇنىڭ يىلدىن - يىلغا ئازىيىشقا باشلىغان كىرپىكلىرى بىر بىرىدىن ئاجرىلىپ، كۆزلىرى ئېچىلدى! ئۇ بىر ئاز سۆز قىلماي ياتتى - دە، ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ:

— كۆزلىرىڭ ياشقۇ، بالام، يىغلىدىڭمۇ نىمە؟ — دەپ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇغان ئادەمدەك مېنى بەزلىدى، — سېنىڭ داداڭ چىدامىلىق ئىدى. ئۈچ يىل بىللە ياشاپ، كۆزىدىن ياش ئاققىنىنى كۆرمىگەندىم. بىر ئۆيىنىڭ ئىگىسى بولغاندا سەن يىغلىساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟

ئاپامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ماڭا يېڭىۋاشتىن جان كىرگەندەك بولدى. كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ قەدىمىنى تۈزىدىم.

— سەن يەنە مەن يوق چاغدا ئىسسىق - سوغاق تاماق ئىچىپ ئاغرىپ قالما. قېلىنراق كىيىنىپ يۈر، — دەپ ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇغان ئادەمدەك كۆپىنچە مېنىڭ قايغۇمنى قىلدى، — ئەمدى بېلىڭنى مەھكەم باغلاپ،

بولغىنىم ئۈچۈن مېنىڭدىن كۆپ رەنجىگەندۇ؟!

راستلا، ئاپام ئېيتقاندەك، بىرناڭ ئۆيدە دادامنىڭ كۆزى بولۇپ قالسام كېرەك.

ئۇ ۋەقەلەر ئاپام بىلەن ماناپكامنىڭ ئېسىدىن چىق- قاندۇ. ئۇن يىل دىگەنمۇ ئاز ۋاقىت ئەمەسقۇ. ئەمما ئۇرۇش تۆگىگىچە كۆپ جاپالارنى تارتىسمۇ، ياش تۇرغان ئاپام ئاخىرقى يىللىرى يېشى قىرىقتىن يېڭىدىن ئاشقاندا چاچ- لىرى ئاقىرىپ، ئاتمىشتىكى موماي لارغا ئوخشاپ كەتتى... ئەسلىدە ئادەمنى تارتقان جاپادىن كۆرە، قايغۇ-دەرت چاپسان قېرىتامدۇ-نىمە؟!

... مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئادەمدەك تېخىچىلا جىم ياتقان ئاپامنىڭ كۆزلىرى چانغىغا ئولتۇرۇشۇپ، يۈزى كىچىكلەپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ، تاڭنىڭ قاياقتىن ئاتقىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئاپامنىڭ هارارىتى كۆتىرىلىپ تۇرغاچقا، تاڭ ئاتقىچە كۆز يۇممىدىم. بۇ كېچە ماڭا بۆلەكچە تەشۋىشلىك تۇيۇلدى.

تاڭ بىلەن تەڭلا دوختۇرخانىغا يەنە ماناپكام كەلدى. ئۇمۇ ئۇخلىمىسا كېرەك، ئۆزى ئاران يۈرگەن ئادەم تېخىمۇ ئالدىراپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاپامنىڭ ئاغرىقىنى بىر ئاز بېسىلىپ، سەل ئارام ئالغىنىنى ئاڭلىغاندا چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تىندى. بۇ كۈنى ئاپام ئىككىسى ئۇزاق مۇڭداشتى. مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشماي دەپ، تالاغا چىقىپ كەتتىم.

ئەمدى ئاپام يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ياتاتتى. بالنىتسىدا ئىككىيلەن قالساق، ئۇ مېنىڭدىن كۆپىنچە نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى هەققىدە سورايدۇ. بۇ هەقتە ئىلگىرى ئېيتقانلىرىمنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىساممۇ ئاپام

ئەندىشە قىلىپ سەكپارە بولغىنىغا رازى ئىدىم. «ئۇنى ئۆيدىن زەپ قوغلىغان ئىكەنمەن» دەيمەن. ئۆتكەن ئىشنى قايتۇرۇپ بولمايدىكەن.

قانچە قىلغان بىلەن، يىللار بەرىبىر ئۆز تامغىسىنى باسماي قويمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ مېڭىشىمۇ ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. بەزىدە ئۇ ۋوگزالدا ئۇچراشقان ئادەم-لەرگە: «ھاۋا سەل-لا بۇزۇلۇپ قالسا ئوق تەككەن پۇتۇم سىقىراپ ئاغرىيدۇ. ئۇرۇش يىللىرى تاپقان ئاغرىق بىردىن قارا يەرگە كىرىپ كەتكىچە ئايرىلمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قوياتتى.

ھەقىقەتەنمۇ ماڭا ئاشۇ ئادەمنى ئۇرۇش يارىسى غاجىلاپ، يىلدىن-يىلغا ئالدىرىتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ۋاپات بولۇپ، ئۆيدە ئۈچ قىزى بىلەن قالغىنىغىمۇ ئون يىلدىن ئاشتى. كىم بىلىدۇ، ماناپكامنى قوغلاپ چىقى-مىغان بولسام، ئاپامنىڭ چېچىمۇ يېشىغا يەتمەي ئاقىرىپ، يۈزىنى قورۇق باسماس ئىدى. قايغۇ-دەرتتىن قۇتۇلۇپ، باشقا ئاياللارغا ئوخشاش خۇشاللىق كۈلكىسىنى ياڭرىتىپ، كۆڭۈللۈك يۈرەتتىمىكىن. ئاپام «ساڭا بىر دادا تېپىپ بېرەيمىكىن، ئارمان» دېگەندە، «دادامدىن باشقىسى ئۆيگە كىرسە، پويىزغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كېتىمەن» دەپ ئەجەپ ئۇنىڭ بەختىنى چېكىپتىمەنغۇ! بىز ئۇ يىللىرى ئۆزىمىزنىڭ بېشىنى ئويلاپ، ئانىلارنىڭ بەختىنى بوغقىنىمىزنى كېيىن بىلدۇق. شۇ چاغدا ئاپام مېنى باغرىغا بېسىپ «ھېچقانداق ئادەم ئەمدى داداڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ ... ھېلىمۇ سېنىڭ بارىڭ، بولمىسا قانداق كۈن كەچۈرەتتىم» دېسىمۇ، كېيىنرەك، تۇرمۇشقا چىقىش پەيتلىرى كەلگەندە، كاشىلا

— ئۇنىڭدىن نىمە رەنجىيسەن. كېلىشكە چولىسى تەگمەي، ۋاقتىنى راستۇ. نەدە يۈرسىمۇ بالىلىرىنىڭ تەلىيىگە ئامان بولسۇن.

— يەۋاتقان نېنىمىزنى كېكىر تىگىمىزدىن يىرىپ ئۇنىڭغا بەرگەن ئىدۇق. پەيزىراخمان ئاكامدىن كۆرگەن ياخشىلىقىمىز قېنى؟

— ئادەمگە ياخشىلىق قىلساڭ، مىننەت قىلما، بالام. ئۇ بىردىن قايتمىسا باشقىلاردىن قايتىدۇ. قولۇڭدىن كەلسە، ھەممىسىگە ياخشىلىق قىلىشقا تىرىش.

## 8

ئاپامنىڭ پۈتى ساق ئادەمگە ئوخشاش ماڭغىنىنى كۆرگەندە چەكسىز خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھېچقانداق كۈچ سۇندۇرالمىدى. تۆت يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىستانسىدىن ئۆتىدىغان پويىزلارنى توختاتماي ماڭغۇزغان ئانىلىرىمىز ھېلىمۇ ھايات! ئۇلار بىز ئەر يېتىپ، ئىش بېشىنى تۇتقىچە ئاتىلىرىمىزنىڭ بولقىلىرىنى قولىدىن تاشلىمىدى. ئاپام ئاغرىقخانىدا ياتقاندىمۇ: «سىلىپسار ئۇستىلار يېتىشمەيتتى، مېنىڭ ئورنۇمغا كىمنى ئەۋەتتىكىن؟» دەپ ئىشتىن قول ئۈزۈپ قالغىنىغا كۆپ ۋايىم قىلدى. ئۆزى دوختۇرخانىدا ياتسىمۇ، ئوي - خىيالى تۆمۈريولدا ئىدى.

دوختۇرخانىدىن كېلىۋېتىپ، كەچكى ئىسمىنىدىن قايتقان ۋاسىياشېۋچۇكنى ئۇچراتتىم.

— ئىستانسىدا سىلىپسارلار يېتىشمەي، ھەر بىرىمىزگە ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، ئۆزەڭ-

ئۇلارنى دەسلەپ ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇپ تىڭشايتتى.

× × ×

ئاپام دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، ئۇنى تۆمۈر-يولدا بىللە ئىشلەۋاتقان تونۇشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقلاپ كەلدى. پەقەت پەيزىراخمان ئاكاملا مېنى ۋوگزالدا كۆرۈپ قالسا:

— قارىماسەن، ھەدەمنىڭ ئالدىدا ئۇيات بولدى، بىر بېرىپ كېلەي دەيمەن، بىراق زادى ۋاقتىم بولماي يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىم ئاغرىپ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، — دەپ ئۆزىنىڭ باش-ئايىغى يوق دەردىنى ئېيتاتتى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر سوستاۋدا ماڭمىسامۇ، ۋاگون كۈتكۈچىلەردىن پەيزىراخمان ئاكام ھەر بىر قېتىم قاتنىغىنىدا قانچىلىك بىلەتسىز يولۇچىنى ۋاگونغا ئولتۇرغۇزغىنى ھەققىدە ئاڭلاپ يۈردۈم. ۋاگون كۈتكۈچىلەر بۇ ھەقتە ئېيتسا، بەك خىجالەت بولۇپ، ئۆزەمنى يوشۇرغىدەك يەر تاپالماي قالىمەن. ئۇ ئۆز ئابرويىنى تۆككىچە، پويىزنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتسىچۇ، دەيتتىم.

— پەيزىراخمانى كۆرۈپ تۇرامسەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىدى ئاپام مەن موسكۋادىن قايتقان كۈنى.

— بىر تىيىننىڭ كۆزىدىن توقسان قېتىم ئۆتۈپ يۈرىدىغۇ، شۇنچە ئاغرىپ ياتساڭ بىر كېلىشكە يارىمىغان ئادەمنى قېرىنداش دەپ ئىسمىنى ئاغزىڭغا ئالسەڭنىغۇ يەنە؟!

— كېچە-كۈندۈز ئېغىر تۆمۈرلەرنى كۆتۈرىسەن دەپ، ياش تۇرۇپ يەنچىلىپ كېتەمسەنكىن. ئۆزۈنگىدىن كۆرە، پەيزىراخمان ئاكاڭ ئېيتقاندەك ۋاگوندا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەۋەرگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دىدى ئايام.

— سىلېسارلار يېتىشمەي، پويىزلارنىڭ مېڭىش گىرافىگى ئۈزۈلۈۋېتىپتۇ.

— ئۇرۇش يىللىرى ئىستانسىدا ئاياللار بىلەن قېرىچۈرىلەر قالغاندا توختىمىغان پويىزلار ئەمدى توختىمايدۇ، بالام، — دىدى مېنىڭ ئويۇمنى بىلگەن ئاپام.

پويىزلار توختىمايدىكەن، مەن دەسلەپكى كۈنى ئىستانسىغا ئىسمىنىغا كەلگەندە ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دەسلەپكى كۈنى ئۇستام ماڭا:

— سەن ئىستانسىدىن ئۆتىدىغان پويىزلارنىڭ تورمۇزىنى تەكشۈرۈپ، يېيىلىپ كەتكەن تاپانلار بولسا يۆتكەپ، چاقلارغا ماي قۇيىسەن، باكلارغا سۇ قۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇما! — دەپ كۆپ نەرسىلەرنى جىكىدى، — ئەڭ ئالدى بىلەن تېخنىكا بىخەتەرلىكى قائىدىسىگە تولۇق رىئايە قىلىش كېرەك. سوستاۋلار ئىستانسىدا كۆپ بولسا ئون بەش مىنۇتلا توختاپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كەم-كۈتىسىنى جۆندەپ ئۈلگۈرۈش شەرت. تۆمۈريولدا مېڭىش قائىدىسىنى ياخشى بىلەمسەن؟

ئىلگىرى ۋاگوندا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇستام مېنىڭدىن يولدا مېڭىش قائىدىسىنى تولا سوراپ كەتمىدى.

ۋوگزالدا پويىز كېلىپ توختىغاندا، ھەممىنىڭ ئالدىدا قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق بولقىسى بىلەن ئىلمەك تۆمۈرنى

نىڭ ئىشلىرى قانداق؟ — ئۇ مېنى بىرئاز تىڭشاپ تۇردى-دە، ئاندىن، — سېلىپسارلىققا ئالماشماسەن؟ ئىككىلەن بەربىر ئاتىلىرىمىز ئىشلىگەن جايغا ئىشقا كىرگەندىن كېيىن، ئېغىرنىڭ ئۈستى، يېنىكنىڭ ئاستىدا يۈرمەي، بېشىمىزچە كىرىشەيلۇق-تە، — دېدى.

ئاغىنەمنىڭ مەسلىھەتى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەتىسى ۋاگون رېمونتلاش ئۇچاستكىسىغا باردىم-دە، بۇنىڭدىن كېيىن ئاپامنىڭ ئورنىدا سېلىپسار بولۇپ ئىشلەشكە كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— سېلىپسارلار يېتىشمەي بىرنەچچە قېتىم پويىزلار يۈرۈش گىراپىكىدىن كېچىكىپ ماڭدى، بىزگە كەلسەك، جاھان ئىش بولاتتى، — دېدى مېنىڭ ئويۇمنى بىلگەن ئۇستىلار. بۇ يەرگە ئىشقا كەلگىنىمگە ھەممىدىن كۆرە ۋاسىيا شېۋچۇك بەك خوشال بولدى.

ئىستانسىدا سېلىپسار بولۇپ ئىشلىگىنىمگە پەقەت پەيزىراخمان ئاكاملا كۆڭۈلمەشمەي يۈردى. ئۇ:

— «بالا، قىلغان ئىشى چالا» دېگەن مۇشۇدە. ئەتىدىن كەچ كىرگىچە قارامايغا مېلىنىپ، تۇرخۇندىن چىققان ئادەمدەك ۋاگوننىڭ ئاستىدا يۈرگىنىڭ بىلەن نېمە تاپىسەن؟ سېلىپسارلىق قىلىمەن دەپ پۇتىدىن ئايرىلغان ئاپاڭنىڭ تەقدىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ ماڭا كۆپ ۋايساپ كەتتى.

مەن ۋاگون رېمونتلاش ئۇچاستكىسىغا ئىشقا كىرگىنىمنى ئېيتقاندا، ئاپامنىڭ ۋايىمى تېخىمۇ كۆپەيدى.

— بىرئاز ۋاقىت سېلىپسار بولۇپ ئىشلەپ ئاندىن ماشىنىستلىق ئوقۇشىغا كىرىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە ئويلىدىم.

ۋوگزالدا پويىز توختىشى بىلەن ئون ئالتە كىلوگىراملىق تۆمۈر تاپاندىن ئىككىسىنى مۈرەمگە ئارتىپ، ۋاگوننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، چاپسانلا ھېرىپ قالدىم. مەن توختىغان ۋاگوننىڭ قېشىغا پەنەرنى قىزىل ياندۇرۇپ قويسامۇ، تاپاننى سالغىچە پويىز مېڭىپ كېتەمدىكىن، دەپ كۆزۈم تۆت بولاتتى.

بىر سوستاۋنى جۆندەپ، ئىستانسىدىن چىقىرىپ ئۆلگۆرە-ئۆلگۆرمەستىنلا دىكتورنىڭ «پەخەس بولۇڭلار، بىرىنچى يولغا پويىز كېلىۋاتىدۇ» دېگەن قولاققا تونۇش ئۈنى ئاڭلىناتتى. ۋوگزالنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى پاكار ئۆينىڭ كەينىدىن تېپلوۋوز كۆرۈنۈشىگە پەلەيلىرىمىزنى كىيىپ، بولقىلارنى يەنە قولغا ئالىمىز.

تاغنىڭ كەينى يېقىدىن قىزارغاندا، كېچىچە ئىستانسىغا كەينى-كەينىدىن سىگنال بېرىپ كەلگەن پويىزلار بىر ئاز سېيرىكتى. بىز تۆمۈريولنىڭ چېتىدىكى شىپالغا ئولتۇردۇق. ئىلگىرى تاڭ ئاتقىچە ئىشلەپ ئۆگەنمىگەچكىمۇ، مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇيقۇ تولىشىپ، ئۆگدەك بېسىشقا باشلىدى. يېقىندىن كۆزۈم يۇمۇلغاندا دىكتور پويىز كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەن خۇددى بىرسى زورلىغاندەك كۆزۈمنى ئېچىپ يەنە پەلەيلىرىمنى كىيدىم-دە، ئۇزۇن ئىلمەك تۆمۈر بىلەن بولقامنى قولۇمغا ئالدىم. بۇنداق چاغدا تۇرۇپ ماڭماقنىڭ تەسلىكى، مۇمكىن بولسا ھەممىدىن كېچىپ، شىپالنىڭ ئۈستىدىلا قىيسىيىپ ئۇخلىغۇم بار، بىراق پويىزلار كۈتۈپ تۇرمايدۇ.

يۈك توشۇيدىغان پويىز ئىستانسىدىن چىقىش بەلگە-

كۆتىرىپ تەكشۈرگۈچى ۋاسىيا شىۋچۇك ماڭاتتى. ئۇ قايسى ۋاگوننىڭ تاپانلىرىنى يۆتكەپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىر بىلەن بەلگە سالغاندا، بىز ئىشقا كىرىشىمىز.

دەسلەپكى كۈنى ماڭا ۋوگزالدا بارى - يوقى ئون - ئونبەش مىنۇت توختىغان پويىزنىڭ ئاستىغا كىرىپ، يېپىلىپ كەتكەن تۆمۈر تاپانلارنى يۆتكەش تولىمۇ خەتەرلىك بىلىندى.

— سىنىڭ تەلىيىڭ بار ئىكەن. ئىش راسا ئېغىر كۈنگە دۇچكەلگىنىنى قارا. بەزى ئىسمىندا بىر قېتىممۇ تاپان يۆتكىمەيدىغان پەيتلەر بولىدۇ، — دەپ ۋاسىيا شىۋچۇك مېنى بۇ يەردىكى ئەھۋال بىلەن تونۇشتۇردى، — دەسلەپ ئىشنىڭ ئېغىردىن باشلىساڭ، چاپسان ئۆگىنىسەن. بىلەمسەن، ئارمان، ئىككىلەن دادىلىرىمىزنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىستانسىدا يۈرگىنىمىزگە زوقۇم كېلىدۇ. ماناپكام: «يەنە بەش - ئالتە يىلدا ئۇرۇشتىن كېيىن تۇغۇلغانلارمۇ تولۇق ئۆسۈپ - يېتىلىپ، بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقۇدەك بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن ئانىلىرىڭلار بىلەن بىز ئارامخۇدا دەم ئېلىشقا چىقىمىز» دەپتۇ.

— مەن تېخى، ئۇرۇشتا تۆت يىل قىينالغان ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ ئەمدى قولىنى ئىشقا تەككۈزمەي باقارمىز دىسەم، سەن ۋاقىتنى تولىمۇ ئۇزاققا سوزۇۋەتتىڭغۇ.

— ئومۇمەن، ئىجتىمائى پەن ئالىملىرىنىڭ ھىساپلىشى بويىچە، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇغۇلغانلار پەقەت سەكسىنىنچى يىللاردىلا تولۇق ئىشقا قوشۇلۇپ، ئۇرۇشتا يوقىغان ئادەملىرىمىزنىڭ ئورنى تولىدىكەن.

مەن بۇ كۈنى ئىش تامام بولغىچە ئۇرۇشنىڭ بىرگە

كەينى - كەيندىن بىرنەچچە ئوستاۋ ئۆتۈشكە ئىس-
تانسىنىڭ ئىچىدىكى ۋاڭ - چۇڭ يەنە بېسىلدى. ئەمدى ئۇپۇقتىن
كۆتىرىلگەن كۈن ۋوگزالنىڭ چۆرىسىدىكى ئىگىز ئۆيلەرنىڭ
ئۈستىدىن ساغۇچ نۇرىنى چاچماقتا. يانارماي تۆكۈلۈپ،
قارداپ كەتكەن يەردە كېچىچە ئىستانسىدىن ئۆتكەن پو-
يىزلاردىن چىقىرىلىپ تاشلانغان تۆمۈر تاپانلار چېچىلىپ
ياتىدۇ.

— قېنى، تۆمۈر - تەسەكلەرنى يىغىپ يوللارنى تازى-
لاڭلار، ئىسمىنىنى ئۆتكۈزىدىغان ۋاقت يېقىنلاشتى، — دېدى
ئۇستام. ئەتىگەن سائەت سەككىز بولغاندا، ئىستانسىغا كەل-
گەن پويىزلارنىڭ كەم - كۈتىسىنى جۆندەيمىز دەپ ۋاقتى-
نىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. بىر ئىس-
مىنىمىز ئاياقلاشتى.

مايلاشقان كىيىملىرىمىزنى يېشىپ، يۇيۇنۇپ چىققاندا، پۇت-
قولۇم. ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۆزەمنى بۆلەكچە ھاردۇق يەتكەندەك
سەزدىم. ئەمما قانچە ھارغان بىلەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئاپامنى
ئىشلەتمەي باققۇدەك بولۇپ قالغىنىمغا پەخىرلىنەتتىم. ھايا-
تىمدا دەسلەپ ئىشتىن ھېرىپ قايتقىنىم ئۈچۈنمۇ بۇ كۈنى
بېشىمنى كۆتەرمەي ئۇخلىدىم. ئىشلەپ ھارغاندا ئۇخلىغان
ئۇيقۇنىڭ قەدىرى باشقىچە ئىكەن.

## 9

ئەسلىدە بىرگە ئاتىلىرىمىزنى ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە ئول-
تۇرغۇزۇشقا نېسىپ قىلمىغان ئىكەن. ئەمدى قولىمىزدىن
كەلگەننى ئانىلىرىمىزغا قىلارمىز دەپ يۈرگەندە، ئۇرۇش

سىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشكە يوللار بوشاپ، ئىستانسىنىڭ ئىچى كېڭىيىپ قالدى.

ئېلېكتىر نۇرى غۇۋا يورۇتقان ئىستانسا جىمجىت. نۆۋەتتىكى پويىز بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن كەلگەچكىمۇ، مېنىڭ بىلەن ئىشلەۋاتقان سىلېسارلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيدۇ. ۋوگزال مەيدانىدىمۇ پويىز كۈتكەن ئادەم يوق. تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى مۇشۇ پەيتتە ۋوگزالدا ھەممە نەرسە بىر پەس ئۇيقۇغا كەتكەندەك سېزىلەتتى.

مۇشۇ قېتىم ئاپامنى ئەسلىدىم. ئىلگىرى پەقەت ئۇنى ئەگىشىپ كېلىپ سىلېسارلىق ئىشلارغا پارچە - پۇرات ئارىلاشقىنىم بولمىسا، ئاپامنىڭ مۇنچىلىك جاپا تارتىۋاتقىنىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. ئۇنىڭ قەدرىگە ئەمدى يەتتىم. مەن ئاپامنىڭ نىمىشقا يېشىغا يەتمەي قېرىۋاتقىنىنى ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئېنىق بايقىماقتا ئىدىم. دادام بوسۇغىمىزنى ئاتلاپ چىقىپ كەتكەندىن بېرى بىر پۈتلۈك تۆمۈر تاپانلارنى دۈمبىسىگە ئارتىۋېلىپ، كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ۋاگوننىڭ ئاستىدا يۈرگەن ئانام كۆز ئالدىمدىن كەتسۇنمۇ؟! ئۇ قىشنىڭ جاڭگىلداپ تۇرغان سوغىقىدا مۇشۇ ئېغىر تۆمۈرلەرنى قانداقمۇ تۇتقاندۇ ... ھەي، ئانىلىرىمىزغا ئىسسىق ئۆيدە بۆشۈك تەۋرىتىپ، بالا ئۆستۈرۈشكە يول قويماي، بېلىگە پوتا باغلاتقان ئۇرۇش، ساڭا مىڭ لەنەت! ئۇرۇش بولمىسا ئاپام ئىككىلەن ئۆيدە تۆت تامغا قاراپ، ھۇقۇشتەك ھۇلاپ قالماس ئىدۇق. مېنىڭمۇ ئىنى - سىڭىللىرىم بولار ئىدى ...

تاتلىق ئويلىرىمنى ئىستانسىغا يېقىنلاشقان ۋاگون چاقىنىڭ رېلىسقا بىر خىل ئۇرۇلغان ئۈنى بۆلىۋەتتى. بىز يەنە بىرىنچى يولغا توختىغان پويىزغا يېقىنلاشتۇق.

ياشلارنى سىلەر تۆكمەڭلار» دەپ قويياتتى.
مېنىڭ ئىلتىماسىمنى ئاڭلىغاندا ئاپامنىڭ كۆزلىرىدە ئۇچقۇن پارلىغاندەك بولدى.
— تەييارلىغىنى كۆرۈۋەر، ئەتە كەچقۇرۇن ئىستانسىدىن ئۆتىدىغان 107-قېتىملىق پويىز بىلەن كېتىمىز، — دېدىم مەن.
— سەن راست ئېيتىۋاتامسەن؟ — باشتا مېنىڭ سۆزۈمگە ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئاپام ئەمدى بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كەتتى.
ئاپام تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەي قالدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا ئۇنىڭ ھەركىتىگە سەپسېلىپ قاراйتتىم. ئۇ كىچىك باللارغا ئوخشاش خۇشال بولۇپ، بىز خۇددى جەڭدە يوقىغان دادامنىڭ قېشىغا ماڭغاندەك تەييارلىق كۆردى. بۇ كېچىسى ئاپامنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ يوغان ساندۇقتىن ئاق ياغلىققا ئورالغان دادامنىڭ خېتىنى ئالدى - دە، پۈك-لىنىپ قالغان يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇنى كۆزىدىن كەچۈردى.
سەپەرگە چىققاندا ئاپام يول بويى ۋاگون دېرىزىسى يېنىدا قوزغالماي ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا بۆلەكچە زوقلىنىپ قارىدى. ئۇ:
— ئۇرۇش يىللىرى بۇ يەرلەردە داداڭلار جەڭ قىلغان بولغىيتتى؟ تالاي جەڭچىنىڭ ئۆلۈگى كۆمۈلمەي، چوكا-چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا قالغاندۇ؟ — دەپ، موسكۋاغا يەتكىچە دادامنىڭ پاردىگىنى قىلىپ، بەزىدە بىزنىڭ ئىستانسىدىن جەڭگە كېتىپ قايتمىغانلارنى بىر بىرلەپ ئەسكە ئالاتتى.
موسكۋاغا كېلىشىمىز بىلەن ئاپامنى نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسىگە ئېلىپ باردىم. ئۇ قىزىل مەيداندىن ئەيمىنىپ ئۆتۈپ، نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى يېنىغا كەلگەندە دۇنيادا

يىللىرى ئاتىلارنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ، يېرىم جان بولغان ئاتىلار ماڭا كۈندىن - كۈنگە ئالدىراپ، خۇددى مەزگىلسىز پولاشقان گۈللەرگە ئوخشاش سولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

دوختۇرخانىدا ئۇزاق ياتقان ئاپام ساقىيىپ چىققاندا، قىن -قىسنىمغا پاتماي خوشال بولدۇم. يېرىم يىلغا يېقىن كارۋاتتا ياتقان ئاپام ئورنىدىن تۇرغاندا ماڭا ئۇ يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغاندەك تۇيۇلدى. چىرايى تېخىمۇ مىسكىنلىشىپ، بېشىدا ئاق چاچ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئاپام قورۇق ئوس-تىخان بولۇپ قاپتۇ. مەن كۆپىنچە ئۇنى غەم - قايغۇدىن ئايرىپ بىر كۈننى بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى ئىزلەيتتىم.

— ئاپا، سېنى موسكۋاغا ئاپىرىپ كېلەيمىكىن؟—دېدىم تۆمۈريولدا ئىشلەپ، دەسلەپ ئەمگەك دەم ئېلىشىغا چىققان كۈنى.

ئاپام مېنىڭدىن بۇ سۆزنى كۈتمىسە كېرەك، ئۇ بېشىغا سېلىپ يۈرىدىغان ئاق گۈللۈك ياغلىقىنى جۆندەپ، خۇددى مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك بىر ئاز جىم ئولتۇردى- دە:

—ئۇ نېمە دېگىنىڭ، بالام، قېرىغاندا مېنى ئاۋارە قىلماي ئۆزەڭلا بېرىپ كەلسەڭ،— دېدى.

— ساڭا نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسىنى كۆرستىپ كېلەي، دەيمەن،— ئاپامنىڭ دائىم ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قارىدىم. ئاخىرقى يىللىرى ئۇنىڭ كىرپىكلىرى ئىچىگە قايرى-لىپ ئۆسۈپ، كۆزىنىڭ گۆھىرىگە ئىلىشىپ ئارام بەرمەيتتى. مەن پات - پاتلا موچۇن بىلەن تەتۈر ئۆسكەن كىرپىكلەرنى يۇلۇپ ئازايتقاندا، كۆزىدىن ئاقىدىغان ياش توختىمايتتى. ئاپام: «يىغلاپ يۈرۈپ، كۆزلەردىنمۇ ئايرىلدۇق. بىر تۆككەن

نەرسىلەرنى جىكىدى. بۇ كۈنى ئۇنىڭ ئاغرىقخانىدىن چىققاندىن بېرى كۆڭۈللۈك يۈرگىنىنى بىرىنچى قېتىم بايقىدىم. موسكۋا شەھىرىدىن قايتقاندىمۇ ئاپام يول بويى نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى ھەققىدە پاراڭ قىلدى.

## 10

پەيزىراخمان ئاكام بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ئاپام ئىككىلەن ھەيران بولدۇق. بۇ ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ ئۆي ئوچاقلىق قىلىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىن بىرىنچى قېتىم ئاتلىشى ئىدى. ئۇ بۆلەكچە مېھرىۋان بولۇپ كېتىپتۇ. ئاپامنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ، شىپاخانىغا بارالمىغانلىقى ئۈچۈن بەك خىجالەت بولغىنىنى ئېيتتى.

— بالا - چاقىلىق ئادەمگە نېمە دەيسەن، بىر دەم ئۇنى دەپ، بىردەم بۇنى دەپ كۈننىڭ قاياقتىن چىقىپ، قاياققا پاتقىنىنى بىلمەي قالىمىز. تىرىكچىلىك دېگەن ئۆلگەندە تۈگىمىسە، بۇ دۇنيادا تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ. زادى دۇنيا كۆيۈپ كەتسىمۇ ھەدەمنى بىر يوقلاپ كېلەي دەپ ئەتەيلەپ ئۆيدىن چىقتىم. ئىزلەشمىسە تۇغقانمۇ يات بولۇپ كېتىدىكەن.

پەيزىراخمان ئاكام ئۇزاق سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ تىلى ئەزەلدىن مۇشۇنداق ياغلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتىم. ئۇ سۆزلىگەندە ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىۋېتىدۇ. بۈگۈن. دادامنى ئەسلىگەندە كۆڭلى يۇمشاق ئاپام ياغلىغىنىڭ ئۇچىغا كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئېسىگە

ئەڭ مۇقەددەس يەرگە يېقىنلىشىۋاتقاندەك ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇۋدى ـ دە، ئاندىن قىزىل مەرمەر تاشنى يېرىك ئالقىنى بىلەن ئاۋايلاپ سىلىدى.

ئاپام خېلى ۋاقىتقىچە قەۋرىنى ئايلىنىپ كۆردى. ئۇ ئۆزىچە پىچىرلاپ، بىر نەرسىلەرنى ئېيتىپ، تاشنى تەكشۈرۈۋاتقان ئادەمدەك قەۋرىگە بۆلەكچە سەپسېلىپ قارىماقتا. «بىرەر يەردە دادامنىڭ قەۋرىسى ئىكەنلىگى ھەققىدە بەلگە بارمىكىن دەپ ئىزلەۋاتقان ئوخشايدۇ» دىدىم ئىچىمدە. مۇشۇ قەۋرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارمىنىدا يۈرگەن ئاپام بەش قىرلىق يۇلتۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىۋاتقان ئوتقا قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— ياخشى ياساپتۇ، مەن جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئۆلۈكى چۆل ـ باياۋاندا ئوچۇق قالامدىكىن دىۋىدىم، تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنى ئۇنتۇماپتۇ، ـ دىدى ئاپام.

بۇ كۈنى بىز كەچ كىرگىچە نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى قېشىدا يۈردۇق.

— بىلەمسەن، ئارمان، مېنىڭ يۈرىگىم سېزىۋاتىدۇ. مۇشۇ سېنىڭ داداڭنىڭ قەۋرىسى بولسا كېرەك. سەن داداڭنى كۆرەلمىدىڭ، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ قەۋرىگە كېلىپ داداڭغا دۇئا ئوقۇپ تۇر. بۇ مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان بىردىن ـ بىر ۋەسىيىتىم. سەن بۇ ۋەسىيەتنى كېلىچەكتىكى بالىلىرىڭغىمۇ ئېيتىپ يەتكۈز. ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار جېنىدىن كېچىپ جەڭگە كىرمىگەن بولسا، ئىككىيلەن بۇ يەردە مۇنداق ياشمايتتۇق.

ئاپام ماڭا نامەلۇم جەڭچى قەۋرىسى ئالدىدا كۆپ

چاقىسىڭىز دەپ سالمەرگە كەلدىم. بېشىمنى ئوڭشىۋالغىچە بىر ئاز پۇل ياردەم قىلساڭلار...

ئاپامنىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق ئىدى. پەيزىراخمان ئاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

بىر پەيزىراخمان ئاكام ئۆيىمىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھاجىتى چۈشۈپ كېلىدىغۇ، دەپ ئويلىمىغان ئىدۇق. ئەمما قولىمىز ئىشقا تەككەندە، پەيزىراخان ئاكامنىڭ بوسۇغىمىزنى ئاتلىغىنىغا بىر تەرەپتىن خوشال بولدۇم، دادىلىرى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئەمەك بىر مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرسىمۇ ئاتىلارىنىڭ چىراقلىرىنى ئۆچۈرمەي ياندۇرۇۋاتقىنىنى كۆرسۇن دىدىم. ئۇلارغا ئاتىلىرىمىزنىڭ شەنىگە لايىق ئەمگەك قىلىۋاتقىنىمىنى ئېيتىپ، ماختانغۇم كېلەتتى.

— ئارمانىمنىڭ دادىسىنىڭ يالغۇز ئىنىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە خىجالەتتىن چىقماي نىمە بوپتۇ... ئۆزەڭلارمىغۇ دۇنيانىڭ كەينىگە بەك كىرىپ كەتكەن ئىدىڭلار... ھەر قانداق شارائىتتا ئىنسانچىلىقنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. دۇنيا دىگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى. ئىشقىلىپ، زامان تىنچ بولسا، ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. ئارماننى ئۆيلىسەك كېرەك بولار، دەپ يىغىپ قويغان بىر ئاز پۇل بار ئىدى، خىجالەت بولساڭ ئالغىن...

مەن ئاپامغا قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايى بىر خىل ئىدى. كۆز ئالدىمغا ئاپام دادامدىن بىردىن-بىر مىراس قالغان ئالتۇن ھالقىنى ۋوگزالغا ئېلىپ كەتكەن كۈن كەلدى. ئاندىن پەيزىراخمان ئاكامنىڭ ۋاگوندا! كېكىرتىكىمنى سىققى-

ئالدى.

— قارىماسەن، ھەدە، كېلىنىڭ ئىككىيلەن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، بىر ئايدىن بېرى كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى يوق.

ئاپام پەيزىراخمان ئاكامنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ قايغۇ - مۇڭىنى ئۇنتۇپ، تەشۈىشتە قالدى.

— ۋاگوندا تۇيۇقسىز كىرگەن بىر گورۇپپا ساقچىلار بىلەتسىز يولۇچىلارنى ئولتۇرغۇزغىنىمنى بايقاپ قېلىپ ماڭا ئاكت يازغان ئىدى. شۇ قېتىم كېلىنىڭ ئىشلەيدىغان ۋاگون رېستورانىنىڭ بۇفېتىنى تەكشۈرگەن ئىكەن، بىر ئاز ئاقچا ئوشۇق چىقىپتۇ. كېيىن ئو ب خ س س ئادەملىرى ئۆيىمىزدىكى ھەممە دۇنيالارنى يىغىپ كەتتى. شۇنچە يىل قىلغان تىرىكچىلىك ﺩۆككە ئۇچرۇپ، ئاخىر داق يەرگە ئولتۇرۇپ قالدۇق.

پەيزىراخمان ئاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، مەن ئىچىمدە خوشال بولدۇم. «ئەسلىدە ئۆزەڭگىمۇ مۇشۇ كېرەك ئىدى» دېيىشكە ئازلا قالدىم.

— ئەمدى مېنى ۋاگون كوتكۇچىلىگىدىن بوشىتىپ، سىلىپسازلىق ئىشىغا ئالماشتۇرۇۋەتتى. كېلىنىڭ سوت بولغىچە قاماقتا ياتىدىغان ئوخشايدۇ، — بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا ئاپام چۆچۈپ كەتتى. مەن يېڭىدىن ساقىيىشقا باشلىغان ئاپام يېڭىۋاشتىن ئاغرىپ قالمىسا بولاتتىغۇ، دەپ تەشۈىشلەندىم.

— ئەڭ بولمىغاندا ئايالىم تېچ - ئامان قۇتۇلسا دىسەڭچۇ. باللار تۆت تامغا قاراپلا قالدى... بۇنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەنگە ئېيتسام سۆز - چۆچەك بولىدۇ. شۇڭلاشقا قانچە قىلغان بىلەن بىر قوساقتىن چىققان قېرىنداشىڭ بالا -

ئۆتمىسە ئىششىق تېنىگە تارقاپ كېتىدۇ دەيدۇ. بۈگۈن ئۇ ئوپېراتسىيە قىلىشقا رازىلىقىنى بەردى، — دېدى ئۇ. ئۇنداق بولارىنى كۈتمىگەن ئىدىم.

خالاتنى يېپىنىپ بالىنىسىغا كىرسەم ماناپكام قولىنى بېشىنىڭ كەينىگە قىلىپ دەرىزىدىن تالاغا قاراپ يېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمگە بەك خوشال بولدى.

— كەل، ئارمان كەل، ئۆزەممۇ سېنى سېغىنىپ تۇراتتىم. تۆمۈريولدا نېمە يېڭىلىق بار؟ ئايەتخاننىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — ئۇ بىردىن ھەممىنى بىلگۈسى كەلگەن ئادەمدەك كەينى-كەينىدىن كۆپ نەرسىنى سورىدى. ئىلگىرى مېنىڭ بىلەن ئانچە مۇڭدىشىپ كەتمەيدىغان ماشىنىستنىڭ بۈگۈن ئېچىلىپ پاراڭ قىلغىنىغا خوشال بولدۇم. قېرى ماشىنىستنىڭ كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە ئۇنى ئاغرىق دېيىشكىمۇ تىلىم بارمايتتى.

— ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — مېنىڭ سوئالىم ئۇنىڭغا ئانچە خوش ياقمىسا كېرەك، ماناپكام دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش خېلى ۋاقىتقىچە سۆز قىلماي ياتتى:

— پۇتۇمنى كېسىمىز دەيدۇ. ئۆزەممۇ ئوق تەككەن يەرنى كېسىۋەتمىسە، ئۇرۇشنىڭ جاراھىتىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن.

مەن رېيىخستاگقا غالىبىيەت تۇغى قادالغان كۈنى ئۇرۇشنىڭ بارلىق مۇشەققىتى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دېگەن ئىدىم. ئەمما ماناپكام بىلەن ئاپامغا ئوخشاش ئادەملەرنى كۆرگەندە مىلتىقنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ، ئاردا چارەك ئەسىر ۋاقىت ئۆتسىمۇ، ئۇرۇش يارىلىرىنىڭ بەربىر يوقىماي

منى ئەسلىدىم. بىراق بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يا ئاپام، يا مەن ئۇنىڭ يۈزىگە سالمىدۇق. لېكىن پەيزىراخمان ئاكامنىڭ ئېسىدىگە شۇ كۈنلەر چۈشتىمۇ، ئۇ ئەمدى گەپ سۆزگىمۇ كوپ ئارىلاشماي، بىرنىڭ ئۆيدە بىر ئاز ئولتۇرۇپلا كېتىپ قالدى.

مېنىڭ ئويلىرىمنى ئاپام سەزگەن ئوخشايدۇ، پەيزىراخمان ئاكام كەتكەندە:

— خىجالەت بولۇپ ئالدىمىزغا كەلگەندە قانداق «ياق» دەپ چىدايسەن. راستلا باللىرى قىينىلىپ قالسا كېرەك. سەن تارتقان جاپالارنى ئۇنىڭ باللىرى تارتمىسۇن،— دىدى.

11

ئاپام ساقىيىپ چىققىچە شىپاخانىنىڭ ئىشىگىنى ئەگىپ كەتمىگەن ماناپكامنىڭ ئوق تەككەن پۇتى تۈيۈقسىز ئىششىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ خەۋەر مېنىڭدىن كۆرە ئاپامنى كۆپ تەشۋىشكە سالدى.

— ھەرھالدا داداڭ بىلەن بىللە ئىشلىدى ئەمەسمۇ، پات-پات ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇر،— دىدى ئۇ.

باشتا ماناپكامنىڭ ئاغرىغىنى ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئىكەنمىز. ئۇنى قىزلىرى بىر ئاز كۈن ئۆيدە باققاندىن كېيىن شىپاخانىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئاپامنىڭ ئەندىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. بىر كۈنى ئىشىمىندىن قايتىپ شىپاخانىغا بارسام ماناپكامنىڭ چوڭ قىزى بالنىتسىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش.

—دوختۇرلار دادامنىڭ پۇتىنى تىزىدىن چاپسانراق كېسى-

ـمۇ بۇ سۆزنى ئېيتىشقا ھەرگىز تىلىم بارمايتتى. ئەدنيالـ
نىڭ ئاستىدىكى بوش يەرنى كۆرگەندە يۈرەك-باغرىم سىيرىـ
لىپ، نەپەسىم بوغۇلاتتى.

ماناپكامنىڭ پۈتىنى كېسىپ، ئارىدا ئۈچ ئاي ئۆتـ
مەيلا ئىششىقى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى-دە، ئاخىر تۈزۈلەلـ
مەي بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى.

— ساڭا داداڭ ئۆلگەندە موردىنىڭ ئالدىدا مىڭىشقا نېسىپ
قىلمىغان. ئەمدى داداڭنى كۆرگەنلەرنى بولسىمۇ ئۈزىتىپ
قال. رەھمەتلىكنىڭ موردىسىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ماڭغۇدەك
ئوغلىمۇ يوق، — دېدى ئاپام.

مەن ماناپكام ۋاپات بولغاندا بىرىنچى قېتىم دادامـ
نى ئەسلەپ يىغلىدىم.

ئىستانسىدا دادامنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ يەنە بىرىنى
قارا يەر ئۆز قوينىغا ئالغاندا، غالىبىيەت كۈنى ئۇرۇشتا
قۇربان بولغان يۇرتداشلارغا ئورنىتىلغان يادىكارلىق ئالدىـ
دىن سەپ تۈزەپ ئۆتىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى تېخىمۇ
ئازايدى. مەن ئۇلارغا قاراڭغۇ كېچىدە مېيى تۈگەپ ئۆچۈـ
ۋاتقان چىراققا قارىغاندەك تەلمۈرۈپ قارايمەن. ماڭا ئۇلار
قانچە ئازۇلاپ قەدىرلىكەنسېرى، شۇنچە چاپسان كېمىيىۋاتـ
قاندەك بىلىنىدۇ.

12

نۆۋەتتىكى ئىسمىنغا كەلسەم، مېنى ۋاسىيلى شېۋچۇك
تاقەتسىز كۈتۈۋاتقان ئىكەن.

— ئارمان، ئىستانسىدىن ماشىنىستلار ئوقۇشىغا ئادەم

ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بايقايتتىم. ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئادەم-
لەرنى ئىلتىقتا ئاتمىسىمۇ، كۆزگە كۆرۈنمەستىن ئۇرۇشتا
ئامان قالغانلارنى بىر-بىرلەپ يوقىتىۋاتاقتا ئىدى. بىز قانچە
تىلەپ، قولىمىزدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلساقمۇ، قارا
يەر ئۇلارنى يېشىغا يەتكۈزمەي، ئۆز قوينىغا ئالماقتا.

ماناپكامنىڭ چىرايىغا تەشۋىشلىنىپ قارىدىم. ئۇ
ئوپېراتسىيە ھەققىدە ئېيتقاندا، مېنى تەشۋىشلەندۈرمەي
دىدىمۇ، قايغۇ-مۇڭىنى بىلدۈرمەسكە تىرىشىپ، ئۆزىنى مەج-
بۇرلاپ كۆرسىمۇ مەيۈسلەندى. يۈرىكىم قىسىلىپ، قېرى
ماشىنىستنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ يىلدىن-يىلغا ھالسىراۋاتقان تېنى-
نى ئوپېراتسىيە پىچىقىغا قىيمايتتىم. مۇشۇنداق ئادەملەر
بىزنى ئاتىلىرىمىز ياشىغان دەۋر بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان
كۆۋرۈك ئىدى. مانا ئۇلار ئازايغانسېرى ئاشۇ كۆۋرۈك ئاس-
تا-ئاستا يوقاۋاتقاندەك سېزىلەتتى. بۈگۈن ماناپكامنى ئوپې-
راتسىيە قىلدۇرغانلىقنى ھەققىدىكى خەۋەر، مېنى ئاتا كۆر-
گەن ئادەم بىلەن جۇدالاشتۇرۇۋەتكەندەك بولدى.

× × ×

ئۇنىڭ پۇتىنى كەسكەندە بىر نەچچە كۈن قېشىدا
بىللە ياتتىم، ماناپكامنىڭ ئۈستىدىكى ئەديىال كارىۋاتتىن
سەل كۆتىرىلگەن بويىغا تەكشى يېپىلىپ، ئوڭ پۇتىنىڭ
تىزىدىن ئۇتكەندە بىردىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بالنىتسىغا كىر-
گۈچىلەرنىڭ كۆزى دەسلەپ ئوڭ پۇتىنىڭ تۆۋەنلىگەن يېرىگە
چۈشىدۇ. ئۇنى كۆرسەكمۇ ھېچقايسىمىز «سىنىڭ پۇتۇڭنى
كېسىۋېتىپتۇ-دە» دەپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز. مېنىڭ-

— يارايسىلەر، يىگىتلەر. مەن سىلەرگە ئوخشاش ئاتا-ئانىلىرى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ چوڭ بولۇپ، دادىلىرىنىڭ ئورنىدا ئېغىر سوستاۋ چېتىلغان تېپلوۋوزلارنى ئىستانسىدىن ھەيدەپ چىقىشىنى كۆپتىن كۈتكەن. شۇ پەيتلەر كەلدى، يىگىتلەر، بىلىپ قويۇڭلار، ئۇرۇش ئاتاڭلارنى ئۆلتۈرسىمۇ، ئۇلار ماڭغۇزغان پويىزلارنى توختىتالمىدى. ھەر ئىككىڭلارنىڭ دادىلىرى بىلەن مۇشۇ ئىستانسىدا دەسلەپ پاراۋوز ھەيدىگەن ئىدىم. ئەمدى سىلەر بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. قېنى، قەغەزلىرىڭلارنى جۆندەپ، يول تەييارلىقىڭلارنى قىلىڭلار. ئەتە ھەر ئىككىڭلارنى ماشىنىستلارنىڭ ئوقۇشىغا ئەۋەتىمەن.

ۋاسيا ئىككىلەن باشلىقنىڭ كابىنېتىدىن بېشىمىز كۆككە يەتكۈدەك خوشال بولۇپ چىقتۇق. مېنىڭ ماشىنىستلار تەييارلايدىغان تېخنىكومغا بارىدىغىنىمنى ئاڭلاپ، ئاپامنىڭمۇ كۆڭلى كۆتىرىلىپ قالدى.

مەن ئوقۇشقا ماڭىدىغان كۈنى ئۇ ئۆيىمىزنىڭ تۆردىكى يوغان ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قەغەزلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— نىمە ئىزلەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئاپام بىر پەس گەپ قىلماي ساندۇقنىڭ قېشىدا ئولتۇردى - دە، ئاندىن:

— داداڭنىڭ ھىلىقى خېتى كۆرۈنمەيدىغۇ، — دېدى.

مەن ساندۇقنىڭ تېگىدىكى قەغەزگە ئوراقلىق خەتنى ئالدىم. يىل ئۆتكەنسېرى خەتنىڭ سېرىقىدىغان قەغىزى نېپىزلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قاتلاشقان قىرلىرى يىرتىلىپ

ئەۋەتكۇدەك، ئىككىلەن بىللە كەتمەيمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ قولۇمنى مەھكەم تۇتۇپ.

— نىمە، راست ئېيتىۋاتامسەن؟ — بۇ مېنىڭ كۆپتىن كۈتكەن ئارمىنىم ئىدى. ۋاسىيانىڭ سۆزىنى راست ئاڭلىدىمۇ، يالغانمۇ دەيمەن:

— مەن قاچان سېنى ئالدىغان. خالىساڭ ھازىرلا ئىككىلەن باشلىققا كىرەيمىز.

— قېنى، يۈر، كىرسەڭ مەن تەييار.

بۇ مېنىڭ تۆمۈريولدا ئىشلەۋاتقاندىن بېرى دەسلەپكى قېتىم ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىرىشىم ئىدى. بىزنىڭ تۆمۈريول ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ئاق چاچلىق، سالاپەتلىك ئادەم. ئۇ ۋاسىيا ئىككىمىزنىڭ ئەرزىنى تىڭشىغاندىن كېيىن:

— پەملەڭلەر كىم؟ — دەپ سورىدى. ھەر ئىككىمىز كەينى-كەيندىنلا ئىسىم-پەمىلىمىزنى ئېيتىشتۇق. ئىستانسا باشلىقى سۆز قىلماي ۋاسىيا ئىككىسىلەنىڭ باش ئايىغىمىزغا سەپسېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە قاراپ تۇردى-دە، ئاندىن:

— سىلەر ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىستانسىدا ئىشلىگەن ماشىنىستلارنىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، شۇلارنىڭ باللىرى، دادىلىرىمىزغا ئوخشاش ماشىنىست بولايلۇق دەيمىز، — دېدى ۋاسىيا.

ئىستانسا باشلىقى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، بىزگە يېقىنلاشتى. ئاغىنەم ئىككىسىلەن بىر-بىرىمىزگە چەكچىيىپ قاراپ قالدۇق.

ئۇ بىزنى بىر-بىرلەپ مۇرىمىزنى مەھكەم تۇتۇپ، قۇچاقلاپ مەيدىسىگە باستى:

قان پىتچە ۋوگزال مەيداندا قالدى. خۇددى مېنىڭ
يۈرىگىم بىلەن ئاھاڭداش سوقۇۋاتقاندەك ۋاگون چاقلىرىنىڭ
رىلسقا ئۇرۇلۇشى تېخىمۇ ئىنتىكلىمەكتە. يولۇچىلارنى
توشۇيدىغان پويىز قانچە ئىلگىرىلىگەنسېرى مەن ئاپامدىن
يىراقلاپ كېتىۋاتىمەن. يېشىل ۋاگونلار مېنى ئۇنىڭدىن
ئايرىپ ماڭدى. بىز مېھرى ئىسسىق ئانىلاردىن ئايرىلمايمىز
دىگەن بىلەن ياش چوڭ بولغاندا تەقدىر بەرىبىر بۆلۈۋې-
تىدىكەن. ئۇلاردىن قانچە يىراقلىغانسېرى ھاياتنىڭ ئويمان-
چوڭقۇر يوللىرى شۇنچە كۆپىيىدىكەن. ئەمما ئەمدى يېنى-
مىزدا بىزنى شۇ يوللاردىن باشلاپ ئۆتكىدەك ئانىمىز يوق
ئۇچۇنمۇ پۇتلىشىپ يىقىلساقمۇ، ئۆزىمىز ئۆرە تۇرۇپ مېڭىپ
كەتتۇق. ئانىلىرىمىز ئىلگىرىكىدەكلا بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپ
ئۆيلەردە قالدى.

تۇزۇشقا باشلاپتۇ. سىيا قېرىنداش بىلەن لاتىن ھەرپىدە يازغان سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەنلىكتىن ئەمدى سۆزنى يادقا بىلىدىغان ئاپام ئىككىلەندىن باشقا ئادەملەرگە ئۇنى ئوقۇش تەس كېلەتتى.

خەتنى ئالقىنىمغا ئالغاندا يۈرىكىم بۆلەكچە سوقۇپ، مېنى ئىسسىق سېزىم ئىگەللەپ ئالدى. مەن ئالگىرى بالىلىقتا دادامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە يازغان خېتىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنمۇ ياكى بۈگۈن ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى بىرىنچى قېتىم ئاتلاپ، يىراقتا ماڭغىلىۋاتقىنىم ئۈچۈنمۇ، بۇ خەت ماڭا ئىلگىرىكىدىن بۆلەكچە تەسىر قىلدى. ئۇنى قولۇمغا ئالغاندا، ئۆزەمنى ئالقىنىمدا دادامنىڭ يۈرىكى سوقۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. تىلسىز خەتكە تىل پۈتۈلۈپ، دادامنىڭ نامىدىن ماڭا چوڭ يولغا ئاتلىنىش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

خەتنى ئاپامغا بەردىم. ئۇمۇ خەتكە بىر ئاز قاراندىدە، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۇنى ئىلگىرىكى پېتىچە قاتلاپ، شىرە ئۈستىگە قويدى.

بۇ كۈنى ئاپام ئىككىلەن يوغان شىرەنىڭ ئۈستىدىكى دادامنىڭ خېتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، يېرىم كېچىگىچە پاراڭ سېلىشتۇق. ئۇ كۆپىنچە دادامنىڭ پاراۋۇز ھەيدىگەن چاغلىرىنى ئەسلىدى. مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك قىزىقىپ تىڭشىدىم...

ئەتىسى ئاپام مېنى ۋوگزالغا ئۇزىتىپ كەلدى.

— مانا ئەمدى ئاتاڭنىڭ ئىزىنى بېسىپ سەن ماڭدىڭ، — دېدى ئاپام، — ئالدىڭ دائىم ئوچۇق بولسۇن! — ئاپام ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، قولىنى پۇلاڭلات-

# بازغان ساداسى

دادام تۆمۆرچى قاسىمنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن

1

كولخوزنىڭ كۆپىنچە ئىشى يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستەڭگە تال ۋە توپا سېلىپ ياپقان تۆمۆرچى دۇكىنىدىن باشلىنىدۇ. قىش كۈنلىرى دۇكاننىڭ كەڭ هويلىسى سوقا-سايمانغا توشۇپ كېتىدۇ-دە، تا ئەتىياز كېلىپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى باشلانغىچە بۇ يەردىكى ماكار تاغام بىلەن ۋاقاس ئاكام سەندەلدىن بېشىنى كۆتەرمەي ئىشلەيدۇ.

قىزىغان تۆمۆرگە ئالدى بىلەن ئۇستىنىڭ بولقىسى، ئاندىن بازغانچىنىڭ سالماقلىق بازغىنى ئۇرۇلىدۇ. ئۇلار تۆمۆرنى قىزىغىدا سوقۇپ، يەنچىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق چاپسان هەركەت قىلاتتىكى، بولقا ئۇرۇلا-ئۇرۇلماستىنلا شۇ جايغا تەككەن بازغاننى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالاتتىم. بولقا ۋە بازغان بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۆمۆرگە تەككەندە چىقىدىغان هەيۋەتلىك سادانى ئاڭلاشقا مەن بەك خۇشتار ئىدىم. بولقا بىلەن بازغاننىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ كەتمەيدىغىنىغا هەيران بولىمەن. ئەمما بەزىدە ئۆزەم بازغانى ئېلىپ، ۋاقاس ئاكام بولقىنى تۇتسا، دائىم ئۇنىڭ



بولقىسىغا ئۇرۇۋالاتتىم.

تۆمۆرنىڭ قىزىلى يوقاپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇلىۋاتقان بازغان ئاۋازى ئۆزگىرىشكە باشلىغاندا، ئۇستا بولقىسىنى سەندەلنىڭ چېتىگە قويۇپ، سول قولىدىكى قىسقۇچقا قىسقان تۆمۆرنى يېڭىۋاشتىن چوققا سالاتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا بازغانچى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، كۆيەكنى باسقاچ، ماڭلىيىدىن ئاققان تەرنى ئېرتىپ هاردۇق چىقىراتتى.

ۋاقاس ئاكام ئۇزۇن پۇتلىرىنى كەڭ تاشلاپ، كەينىگە غادىيىپ ماڭىدىغان يىگىرمە بەش ياشتىكى يىگىت. ئەمما بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنى قىرىققا بېرىپ قالغان كىشىمىكىن، دېيىشىمۇ مۇمكىن. كېلەڭسىز بەستى ئۇنى شۇنداق چوڭ كۆرسەتسە كېرەك. ياكى ئۆزى كۆپكە قوشۇلۇپ يۈرمەي، تۆمۆرچى دۇكىنىدىلا كۈن ئۆتكۈزگەنلىكتىن مۇشۇنداق چاپسان قېرىپ كېتىپ باراتتىمىكىن دەپمۇ ئويلايتتىم.

تۆگىدەك بەستى بار ئادەمگە ئاسلانىڭ كۆزىدەك كۆز بەرگىنى ئېچىنارلىق. ۋاقاس ئاكام غوۋا كۆرىدىغان كىچىك كۆزلىرىنى يېرىتىپ ئاچقاندا، ئىنچىكە قاشلىرى يۇقۇرى كۆتىرىلىپ، دەرهال قورۇق پەيدا بولىدىغان تار ماڭلىيى تېخىمۇ تارىيىپ كېتەتتى. مۇشۇ كالتا چاچلىق، قوللىرى چايانىڭ پۇتلىرىغا ئوخشاش ئارۋايغان كېلەڭسىز يىگىت مەن ئېسىمگە كەلگەندىن بېرى كولخوزدا بازغانچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ تۆمۆرچىلىكتىن باشقا ئۆگەنگەن كەسپىمۇ يوق.

بىزنىڭ ئۆيىمىز تۆمۆرچى دۇكىنىنىڭ قېشىدا بولغىنى ئۈچۈنمۇ، مەن ئۆزەم دېمەتلىك بالىلار بىلەن ئوينىماي، دەرستىن كېيىنكى بوش ۋاقتىمنىڭ تەڭدىن-تولىسىنى

## بازغان ساداسى

دادام تۆمۈرچى قاسىمنىڭ خاتىرىسىگە
بېغىشلايمەن

1

كولخوزنىڭ كۆپىنچە ئىشى يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆستەڭگە تال ۋە توپا سېلىپ ياپقان تۆمۈرچى دۇكىنىدىن باشلىناتتى. قىش كۈنلىرى دۇكاننىڭ كەڭ ھويلىسى سوقا-سايمانغا تولۇپ كېتەتتى-دە، تا ئەتىياز كېلىپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى باشلانغىچە بۇ يەردىكى ماكار تاغام بىلەن ۋاقاس ئاكام سەندەلدىن بېشىنى كۆتەرمەي ئىشلەيتتى.

قىزىغان تۆمۈرگە ئالدى بىلەن ئۇستىنىڭ بولقىسى، ئاندىن بازغانچىنىڭ سالماقلىق بازغىنى ئۇرۇلاتتى. ئۇلار تۆمۈرنى قىزىغىدا سوقۇپ، يەنچىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق چاپسان ھەرىكەت قىلاتتىكى، بولقا ئۇرۇلا-ئۇرۇلماستىنلا شۇ جايغا تەككەن بازغاننى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالاتتىم. بولقا ۋە بازغان بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۆمۈرگە تەككەندە چىقىدىغان ھەيۋەتلىك سادانى ئاڭلاشقا مەن بەك خۇشتار ئىدىم. بولقا بىلەن بازغاننىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ كەتمەيدىغىنىغا ھەيران بولىمەن. ئەمما بەزىدە ئۆزەم بازغاننى ئېلىپ، ۋاقاس ئاكام بولقىنى تۇتسا، دائىم ئۇنىڭ



بولقىسىغا ئۇرۇۋالاتتىم.

تۆمۈرنىڭ قىزىلى يوقاپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇۋاتقان بازغان ئاۋازى ئۆزگىرىشكە باشلىغاندا، ئۇستا بولقىسىنى سەندەلنىڭ چېتىگە قويۇپ، سول قولىدىكى قىسقۇچقا قىسقان تۆمۈرنى يېڭىۋاشتىن چوققا سالاتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا بازغانچى ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كۆيەكنى باسقاچ، ماڭلىيىدىن ئاققان تەرنى ئېرتىپ ھاردۇق چىقىراتتى.

ۋاقاس ئاكام ئۇزۇن پۇتلىرىنى كەڭ تاشلاپ، كەينىگە غادىيىپ ماڭىدىغان يىگىرمە بەش ياشتىكى يىگىت. ئەمما بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنى قىرىققا بېرىپ قالغان كىشىمىكىن، دېيىشىمۇ مۇمكىن. كېلەڭسىز بەستى ئۇنى شۇنداق چوڭ كۆرسەتسە كېرەك. ياكى ئۆزى كۆپكە قوشۇلۇپ يۈرمەي، تۆمۈرچى دۇكىنىدىلا كۈن ئۆتكۈزگەنلىكتىن مۇشۇنداق چاپسان قېرىپ كېتىپ باراتتىمىكىن دەپمۇ ئويلايتتىم.

تۆگىدەك بەستى بار ئادەمگە ئاسلانىڭ كۆزىدەك كۆز بەرگىنى ئېچىنارلىق. ۋاقاس ئاكام غۇۋا كۆرىدىغان كىچىك كۆزلىرىنى يېرىپ ئاچقاندا، ئىنچىكە قاشلىرى يۇقۇرى كۆتىرىلىپ، دەرھال قورۇق پەيدا بولىدىغان تار ماڭلىيى تېخىمۇ تارىيىپ كېتەتتى. مۇشۇ كالتا چاچلىق، قوللىرى چايانىڭ پۇتلىرىدا ئوخشاش ئارۋايغان كېلەڭسىز يىگىت مەن ئىسمىگە كەلگەندىن بېرى كولخوزدا بازغانچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىكتىن باشقا ئۇگەنگەن كەسپىمۇ يوق.

بىزنىڭ ئۆيىمىز تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ قېشىدا بولغىنى ئۈچۈندۇ، مەن ئۆزەم دىمەتلىك بالىلار بىلەن ئوينىماي، دەرستىن كېيىنكى بوش ۋاقتىمنىڭ تەگدىن-تولىسىنى

روس. ئەمما ماكار تاغامنىڭ سۆزىنى تىڭشىساڭ، ئۇنى ھەر-
گىز رۇس ئىكەن دېمەيسەن، ئۇ سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنا-
غان يىلى قىزىل گۋاردىيىچىلەر بىلەن بىللە كېلىپ، بىزنىڭ
يېزىدىن باندىتلارنى قوغلاپ چىققاندىن كېيىن مۇشۇ يۇرتتا
قاپتۇ. كېيىن مەريەم ھەدىمگە ئۆيلىنىپ، ئۆي-ئوتاق بوپتۇ.
ئۇرۇش باشلانغان يىلى دەسلەپ ماكار تاغامنىڭ يالغۇز
ئوغلى، ئاندىن ئۆزى جەڭگە كېتىپ، ئۆيدە مەريەم ھەدەم
بىلەن ۋاقاس ئاكاملا قالغان ئىكەن. ئۇرۇش تامام بولماس-
تىنلا، ماكار تاغامنىڭ ئوغلىدىن قارا قەغەز كەپتۇ. تۆمۈر-
چى ئۆزىمۇ جەڭدە خەۋەرسىز يوقاپ كېتىپ، پەقەت ئادەم-
لەر غالىبىيەت بايرىمىنى تويلاپ، بىر يىل ئۆتكەندىن
كېيىنلا ئاسماندىن چۈشكەندەك كەلگەن ئىكەن. شۇ-
نىڭدىن بېرى ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى ياساتقان تۆ-
مۈرچى دۇكىنىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئارىدا ماكار تاغامنىڭ ئايالى
مەريەم ھەدەم تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ، ئۆيدىكى قارا قا-
زان بازغانچى بىلەن ئۇستىغا قالغان.

مەريەم ھەدەم ۋاپات بولغاندىن بېرى ماكار تاغام ۋاقاس ئاكامنى ئۆيلىۋېلىش ھەققىدە كۆپ پاراڭ قىلغانمىش.

— ئۇچيۈز ئاتمىش كۈن خۇلۇم-خۇشنىلارغا نان ياقتۇرۇپ، سېنى ساققۇزۇۋېرىمىزمۇ؟! سەن بىرسى بىلەن سۆزلەش، مەن يۇرتتا چاي قويۇپ ئۆيلەپ قوياي، — دەپ تۆمۈرچى بازغانچىغا قانچە قېتىم ئېيتسىمۇ، ۋاقاس ئاكام ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغان ئادەمدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىقماي يۈرۈۋاتاتتى.

ماكار تاغامنىڭ يېزا خەلقى ئارىسىدىكى ھۆرمىتى

مۇشۇ دۇكاندا — بازغانچىنىڭ قېشىدىلا ئۆتكۈزەتتىم. ھەر قاچان تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرىپ كەلسەم، ۋاقاس ئاكام بازغىنىنى تۇتۇپ، خۇددى مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك، سەندەل قېشىدا ئىشىككە قاراپ تۇراتتى، چوپ چىپىش ماشىنىسىنىڭ تۆت پىچىقىنى قېقىپ قويغان بىر دەرىزىسى بار قاراڭغۇ دۇكان باشقىلارغا سەت كۆرۈنىدىغاندۇ بەلكىم، ئەمما ۋاقاس ئاكام ئىككىلەنگە ئۇ يەردەك كۆزىمىزگە ئىللىق، يۈرىكىمىزگە ئىسسىق جاي يوقتەك سېزىلەتتى.

بۇ يېزىدا ۋاقاس ئاكامنىڭ ماكار تاغامدىن باشقا ھېچكىمى يوق. بىر كۈنى شەھەردىكى بالىلار ئۆيىدىن بازاربەگ يېزىسىغا يېتىم بالىلارنى ئېلىپ چىققان ئىكەن. ئادەملەر چوڭ بولۇپ، جانغا ئەسقېتىپ قالغانلىرىنى تاللاپ ئېلىۋاتقاندا، تۆمۈرچى ماكار تاغام ئون ياش چامىسىدىكى بالىنىڭ بويىنىنى قىسىپ تۇرغىنىنى بايقاپ قاپتۇ. كۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بالىغا ئادەملەر ئانچە ئېتىۋار بەرمىگىدەك. تۆمۈرچىنىڭ بۇ بالىغا بەك ئىچى ئاغرىپ قالسا كېرەك. ئۇ شۇ يەردىلا ۋاقاس ئاكامنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، ئايالى مەريەمگە: «بىز ئۇرۇشقا كەتسەك، ساڭا ھەمرا بولۇشقا ياراپ قالار»، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاقاس ئاكام ماكار تاغامنىڭ ئۆز بالىسى بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

ئەمدى ماكار تاغام بولسا مېنىڭ ئۈچۈن سىرلىق بىر تۈگۈچ. يېزا خەلقى: «بۇ ئۆزىمىز ياساۋالغان باھاسى يوق ئادەم» دېيىشىدۇ. ئۇ مەن ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىن بىزنىڭ يېزىدا تۆمۈرچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. قويۇق سېرىق ساقاللىق، جۇغى كىچىك تۆمۈرچى بازار بەگ يېزىسىدىكى بىردىن-بىر

ئۇستۇن. ئادەملەر بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن تۆمۈرچى دۇ-
كىنىغا كېلىپ، ماكار تاغام بىلەن ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپ،
مەسىلىنى پىشۇرۇپ كېتىدىغان.

مەن تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرىپ، كۆيەك باسقىنىغا
خوش. كۆيەكنى باسقاندا ئىلگىرى پىلدىرلاپ كۆيىۋاتقان
ئوت تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئوچاقتىكى دۆۋىلەكلىك چوغنىڭ
قىزىللىقى كۆپىيەتتى. بەزىدە ماكار تاغام تۆمۈر
كۆسىينى قولىغا ئېلىپ چوغنى كوچىلىغاندا دۆۋىلەكلىك
كۆمۈر يېنىۋاتقان ۋولقان كەبى پارتلاپ، تېخىمۇ ئىتتىك
كۆيەتتى. يالقۇنجىغان قىزىل چوغنى كۆرگەندە مەن كۆ-
يەكنى ئىلگىرىكىدىنمۇ چاپسان باساتتىم. ئەمما مېنىڭ
ئىتتىك ھەرىكىتىم ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ: بىر ئازدىن كېيىن
بىلىكىمنىڭ كۈچى قالمايۋاتقاندەك، قولۇم تېلىپ، كۆيەك
باسقۇچىنىڭ تاسمىسىغا ئېسىلىپ قالىمەن. شۇ پەيتتە ئوچاق-
تىكى چوغنىڭ قىزىللىقى يوقاپ، پىلدىرلاپ كۆيىۋاتقان ئوت
ئۆچۈشكە يېقىنلىشاتتى.

— ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويايدىغانغۇ، ئاپاڭ بۈگۈن
چاي بەرمىدىمۇ ـ نېمە؟ — دېگەن ماكار تاغامنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىغاندا كۆيەكنى يەنە ئىتتىك باسىمەن.

شۇ چاغدا ۋاقاس ئاكام مېنى ئورۇندۇقتىن تۇرغۇ-
زۇۋېتىپ، كۆيەكنى ئۆزى باساتتى.

— كۆيەكنى تۈزۈكرەك باسالماي تۇرۇپ، يەنە
ئۆيلىنىمەن دەيدۇ تېخى، — بازغانچىنىڭ مېنىڭ بىلەن خۇد-
دى چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش چاقچاقلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان-
دا، قاپىقى ئېچىلمايدىغان تۆمۈرچى گەپ ـ سۆز قىلمايلا،
قولىدىكى بولقىسىنى سەندەلگە ئاستا ئۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ



شاگىرتىغا «قېنى، بازغاننى قولۇڭغا ئال»، — دېگىنى ئىدى.
مەن تۆمۈرچىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، يەنە بوش قالغان
كۆيەكنى بېسىشقا كىرىشىمەن،

ماكار تاغام ئۆمرىدە بىرسىگە قاتتىق پاراڭ قىلغان
بەندە ئەمەس. ئەمما ئۇ دائىم تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرىپ
يۈرگەن ماڭىمۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىمەيدۇ. ۋاقاس ئا-
كام بىلەنمۇ ئوشۇق پاراڭ قىلىشمايدۇ. مەن تۆمۈرچىدىن
ئەيمىنىپ، خۇددى ئۆزەمنىڭ ئۇستازىمدىن چۆچىگەندەك
چۆچۈيمەن.

بىز ئۈچۈن بۇ ئەتراپتا ماكار تاغامدەك ئۇستا تۆمۈر-
چى يوق. ئەمما يۇرتتىكىلەر ھەر قانداق تۆمۈردىن گۈل
ياساپ بېرىدىغان ئادەم دېيىشىدىغان تۆمۈرچى، پەقەت يې-
زىمىزدىكى بىرىگادىر دوخپۇلكامغا ياقمايدىغان. ئۇ تۆمۈرچى
دۇكىنىغا ئېتىنى دەسسىتىپ كېلىپ، تۆمۈرچىگە ۋاقىراپ-
جاقىراپلا كېتىدىغان.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى.

تېرە پەشۋىلىنى ئالدىغا تارتىپ، سەندەل يېنىدا تۇر-
غان تۆمۈرچى پەرەڭدەك قىزارغان تۆمۈرنى ئۇزۇن قىس-
قۇچتا قىسىپ، ھەر يان ئۆرۈپ، يەنچىپ تاقا ياسىماقتا
ئىدى.

ئۇ قىسقۇچقا قىسقان تۆمۈرنى بىر نەچچە قېتىم
يەنچىپ نېپىزلىتىپ، ئات تاقىسى ياسىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
ئۇچىنى يوغان تۇڭدىكى سۇغا چىلاپ، يەنە بىر ئاز سو-
ۋۇتۇپ قىيامىغا يەتكىچە تاۋلىدى. تۆمۈرچىلەر يەرگە گۈگۈم
چۈشكىچە تاغدىن قارىغاي توشۇۋاتقان ئاتلارغا ئەمچەك
تاقا ياسىدى. ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئىس قاپلىغان دۇ-

ئۇستۇن. ئادەملەر بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن تۆمۈرچى دۇ-
كىنىغا كېلىپ، ماكار تاغام بىلەن ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپ،
مەسىلىنى پىشۇرۇپ كېتىدىغان.

مەن تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرىپ، كۆيەك باسقىنىغا
خۇش. كۆيەكنى باسقاندا ئىلگىرى پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان
ئوت تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئوچاقتىكى دۆۋىلەگلىك چوغنىڭ
قىزىلى كۆپىيەتتى. بەزىدە ماكار تاغام تۆمۈر
كۆسىينى قولىغا ئېلىپ چوغنى كوچىلىغاندا دۆۋىلەگلىك
كۆمۈر يېنىۋاتقان ۋولقان كەبى پارتلاپ، تېخىمۇ ئىتتىك
كۆيىدۇ. يالقۇنجىغان قىزىل چوغنى كۆرگەندە مەن كۆ-
يەكنى ئىلگىرىكىدىنمۇ چاپسان باساتتىم. ئەمما مېنىڭ
ئىتتىك ھەركىتىم ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ: بىر ئازدىن كېيىن
بىلىكىمنىڭ كۈچى قالمايۋاتقاندەك، قولۇم تېلىپ، كۆيەك
باسقۇچنىڭ تاسمىسىغا ئېسىلىپ قالىمەن. شۇ پەيتتە ئوچاق-
تىكى چوغنىڭ قىزىلى يوقاپ، پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت
ئۆچۈشكە يېقىنلىشاتتى.

— ئوتنى ئۆچۈرۈپ قوياي دېدىڭمۇ، ئاپاڭ بۈگۈن
چاي بەرمىدىمۇ-نېمە؟ — دېگەن ماكار تاغامنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىغاندا كۆيەكنى يەنە ئىتتىك باسىمەن.

شۇ چاغدا ۋاقاس ئاكام مېنى ئورۇندۇقتىن تۇرغۇ-
زۇۋېتىپ، كۆيەكنى ئۆزى باساتتى.

— كۆيەكنى تۈزۈكرەك باسالماي تۇرۇپ، يەنە
ئۆيلىنىمەن دەيدۇ تېخى، — بازغانچىنىڭ مېنىڭ بىلەن خۇد-
دى چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش چاقچاقلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان-
دا، قاپىقى ئېچىلمايدىغان تۆمۈرچى گەپ-سۆز قىلمايلا،
قولىدىكى بولقىسىنى سەندەلگە ئاستا ئۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ



شاگىرتىغا «قېنى، بازغاننى قولۇڭغا ئال»، — دېگىنى ئىدى.
مەن تۆمۈرچىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، يەنە بوش قالغان
كۆيەكنى بېسىشقا كىرىشىمەن.

ماكار تاغام ئۆمرىدە بىرسىگە قاتتىق پاراڭ قىلغان
بەندە ئەمەس. ئەمما ئۇ دائىم تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرىپ
يۈرگەن ماڭمۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىمەيدۇ. ۋاقاس ئا-
كام بىلەنمۇ ئوشۇق پاراڭ قىلىشمايدۇ. مەن تۆمۈرچىدىن
ئەيمىنىپ، خۇددى ئۇستازىمدىن چۆچۈگەندەك
چۆچۈيمەن.

بىز ئۈچۈن بۇ ئەتراپتا ماكار تاغامدەك ئۇستا تۆمۈر-
چى يوق. ئەمما يۇرتتىكىلەر ھەر قانداق تۆمۈردىن گۈل
ياساپ بېرىدىغان ئادەم دېيىشىدىغان تۆمۈرچى، پەقەت يې-
زىمىزدىكى بىرىگادىر دۇخپۇلكامغا ياقمايدىغان. ئۇ تۆمۈرچى
دۇكىنىغا ئېتىنى دەۋەيلىتىپ كېلىپ، تۆمۈرچىگە ۋاقىراپ-
جاقىراپلا كېتىدىغان.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى.

تېرە پەشۋىلىنى ئالدىغا تارتىپ، سەندەل يېنىدا تۇر-
غان تۆمۈرچى پەرەڭدەك قىزارغان تۆمۈرنى ئۇزۇن قىس-
قۇچتا قىسىپ، ھەر يان ئۆرۈپ، يەنچىپ تاقا ياسىماقتا
ئىدى.

ئۇ قىسقۇچقا قىسقان تۆمۈرنى بىر نەچچە قېتىم
يەنچىپ نېپىزلىتىپ، ئات تاقىسى ياسىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
ئۈچىنى يوغان تۇڭدىكى سۇغا چىلاپ، يەنە بىر ئاز سو-
ۋۇتۇپ قىيامىغا يەتكىچە تاۋلىدى. تۆمۈرچىلەر يەرگە گۈگۈم
چۈشكىچە تاغدىن قارىغاي توشۇۋاتقان ئاتلارغا ئەمچەك
تاقا ياسىدى. ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئىس قاپلىغان دۇ-

ۋاقاس، — ماكار تاغامنىڭ تەشۋىشلىك ئۈننى ئاڭلا - ئاڭلا - ماستىن، بازغانچىدىن بۇرۇن تالاغا يۈگۈردۈم.

ئۆزەمنىڭ كۆزىگە ئۆزەم ئىشەنمىگەندەك، ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قالدىم. تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ نېرىسىدىكى ئات قوراسىنىڭ ئۆگزىسىگە دۆۋىلەنگەن چۆپ كۆيۈۋېتىپتۇ. تاغ شامىلىدا كۆچىيىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يالقۇن بارغانسېرى كەڭ يېيىلىپ، قورانى قاپساپ كېلىۋاتاتتى. يەنە بىر ئاز كۆيسە، ئىككىنچى دۆۋىدىكى چۆپكىمۇ ئوت كېتىشى مۇمكىن.

مېنىڭ بىلەن تەڭلا تالاغا چىققان ماكار تاغامغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— بۇ نىمە ئاپەتتۇ؟! راستلا دۇكاننىڭ تۇرخۇنىدىن چىققان ئۇچقۇندىن ئوت كەتكەنمىدۇ؟ قېنى، ۋاقاس، چېلەكلەرنى ئال. سەمەت، سەن ئادەملەرنى يىغ، — دەپ تۆمۈرچى ئات قوراسى تەرەپكە يۈگۈردى.

كۆپ كېچىكمەي ئات قوراسىغا خېلى ئادەم يىغىلدى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ، ئۆستەڭدىن چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ، چۆپكە چاچماقتا. بەزىلەر مىشكاپ ۋە كەتمەن بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈۋاتسا، بەزىلىرى چۆپنى باشقا ياققا توشۇۋاتىدۇ. ۋاقاس ئاكام بىلەن ماكار تاغامدا تىنىم يوق. ئىككىسى كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئادەملەر پايپېتەك بولۇۋاتسا، مۇخپۇلكام ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا تەگمەكتە.

— ئەتىدىن كەچ كىرگىچە دۇكاننىڭ ئىچىدە گەپ سېتىپ ئولتۇرۇپ، كولخوزنىڭ بىر دۆۋە چۆپىگە ئوت قويغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئۆچۈرسۇن، ئاتىلارنىڭ بىر يىل

كاندا تىنىم تاپماي ئىشلەپ ھارغان ۋاقاس ئاكام چاپسان ـ چاپسان:

— تاغا، قالغىنىنى ئەتە ياسايلۇقچۇ، ھېرىپ كەتتۇق، — دەپ قوياتتى. لېكىن بېشىنى كۆتەرمەي ئىشلەۋاتقان تۆمۈرچىدە ئۈن يوق. بازغانچى ئىزا تارتقانلىقتىن ئۇستىغا ئەگىشىپ، يەنە بازغىنىنى قولىغا ئالاتتى. ئۇ كۆيەك باسقاننى بانا قىلىپ، بەزىدە مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرۇۋالاتتى. مەن يېزىدا قاۋۇل يىگىت ئاتىلىپ، داڭقى چىققان بازغانچىنى شۇنچىلىك ھارغۇزغان ماكار تاغامغا قىزىقىپ قارايتتىم. ئۇنىڭ بويى بازغانچىدىن ئىككى ھەسسە كىچىك بولسىمۇ، ئۆزى يېڭىلا ئىشقا كېلىپ، بولقىسىنى تۇتقاندەك تېتىك يۈرىدىغان. تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ، يۈزىنى قورۇق باسقان قاتاڭغۇر تۆمۈرچى ماڭا خۇددى جىگدە قېقىدەك يىگىلەپ، ماغدۇرىدىن كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدىن ھارغىنلىق سېزىلمەيتتى.

ماكار تاغام ئەمدى ئۆيگە قايتاي دەپ، پەشۋىلىنى يېشىپ، قوزۇقتا ئېسىۋاتقاندا دۇكاننىڭ ئالدىغا كۆپسەپ-ۋاقىراپ مۇخپۇلكام يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەزدەلىشى ھەممىزنى چۆچۈتىۋەتتى.

— ھوي، تۇغۇپ قالغان خوتۇندەك ئولتۇرماي، بېرى چىقىش! ئات قوراسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، دۇنيادىن بىغەم دۇكانغا تىقىلىۋالغىنىڭلارنى قارا! ھازىر ئوتنى ئۆچۈرمىسەڭلار، شەھەردىن مىلىتسىيونېر چاقىرتىپ، ھەيدىتىۋېمەن! — دەپ ئۇ بىزگە قامچىسىنى جۇنۇپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

— مۇنۇ ئالىقانات نېمە دەيدىغاندۇ، چىقىپ قارىغىنا،

بىرىگادىر ئات قوراسىدىن قايتقاندىمۇ، ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە، ماكار تاغامنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ، ئاندىن ئۇياقتىن قېچىپ، بىزنىڭ يېرىمىزگە ئۆتكەنلىكى ھەققىدە ئېيتىپ بەردى.

— ھەر ھالدا دۈشمەن قولىغا چۈشكەن ئادەم ئەمەس-مۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا ئىشەنچ يوق، — دەپ ئۇ بۈگۈنكى بالا- قازانىڭ ھەممىسىنى ماكار تاغامغا ئارتتى. مەن شۇنچە ئىرادىگە ئىگە ئادەم قولىنى كۆتىرىپ، دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس دەيمەن.

بىرىگادىرنىڭ سۆزلىرى ماكار تاغامغا قانداق تەسىر قىلغىنىنى ماڭا نامەلۇم، لېكىن مەن بۇ كۈنى ئاشۇ تەقدىرى تېپىشماق ئادەم ھەققىدە كۆپ ئويلىدىم. بىرىگادىرنىڭ «ئۇ باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەندە قول كۆتىرىپ، دۈشمەن تەرەپ-كە ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇرۇش تامام بولۇپ، بىزنىڭكىلەر غالىبى-يەت قازانغاندا قايتىپ كەلگەن» دىگەن سۆزلىرىنى ئەسلە-سەم، تۆمۈرچىگە بولغان كۆز قارىشىم بىردىن ئۆزگەرتتى. بۈگۈن يۇرت بېشىغا كۈن چۈشكەندە تۆمۈرچى ماڭا بۆلەكچە تەسىرات قالدۇردى. «بەلكى ئۇ ئۆز مەزگىلىدە ئويلىماي قىل-غان جىنايىتى ئۈچۈن ئەمدى پۇشايمان يەپ، گۇناسىنى خەلقى ئالدىدا ئاقلىغۇسى كېلىپ، قېرىلىق يەتكىنىگە قارى-ماي، مۇشۇنداق ئىشلىگەندۇ» دەيمەن. مۇشۇ ئوي ماڭا تاڭ ئاتقىچە ئۇيقۇ بەرمىدى. ئەتىسى مەكتەپتىن قايتقاندا ماكار تاغامنىڭ تۈنۈگۈن ئات قوراسىدا ئوت ئۆچۈرىمەن دەپ، يۈز- كۆزى بىلەن قوللىرىنى كۆيدۈرۈۋالغىنىغا بەك ئېچىندىم.

يەيدىغان چۆپنى يوق قىلدى. قەستەن قىلغان ئىش بۇ. بولمىسا تۇرخۇنىڭنى يۆتكە، دەپ يۈز قېتىم ئېيتقانمەن، دەپ ئۇ ماكار تاغامنى تىللىماقتا.

— سەن ھېلىقى بىرىگادىر ئىكەنسەن، خۇدا بولساڭمۇ تولا ۋالاقلىماي، ئاتتىن چۈشۈپ، قولۇڭغا چېلەك ئال! — دېگەن بىرسىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغاندىلا، بىرىگادىر «مەن ئادەم يىغىپ كېلەي» دەپ يەنە قاشقا جىرەننى قامچىلاپ، چوڭ كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كەلگەندە، ئادەملەردىن ئىزا تارتتىمۇ، ئېتىنى قاردىياغاچقا باغلاپ، قولىغا چېلەك ئالدى-دە، كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ چېچىشقا باشلىدى.

— ماكار تاغام ئىسقا بۇرۇقتۇم بولۇپ يىقىلمىغاندۇ؟ — دېدى قورانىڭ چۆرىسىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈپ يۈرگەن تىراكتورچى باست ئاكام.

— ھە، شۇنچە يىل ئەسىردە بولۇپ، ساق قايتقان قاقۋاش كىچىككىنە ئىسقا بۇرۇقتۇم بولار دەمسەن! — دېگەن مۇخپۇلكامنىڭ زەھەردەك سۆزلىرى يۈرىگىمگە تىغ بولۇپ سانچىلدى.

ئادەملەر ئوت بىلەن كۆپ ئېلىشتى. باشتا قارا تۈتۈن چىقىرىپ، ئاسمانغا تاغدەك كۆتۈرۈلگەن ئوت ئەمدى ئاستا-ئاستا ئۆچمەكتە. ئادەملەر قوقاسنى تولۇق ئۆچۈرگەندىلا بىر بىرلەپ ئۆيلىرىگە تارقاشتى. ماكار تاغام ئوتنى ئۆچۈرگىچە تىنىم تاپماي ئىشلىسىمۇ مەن كۈندۈزى تۆمۈرچى دۇكىنىدا كۆرگەندەك ساغلام ئىدى. ئۇ بىرىگادىرغا ئوخشاش «كېچىچە ئارا بىلەن چۆپ ئاغدۇرۇپ، بەلدىن بەل قالمىدى» دەپ دەردىنىمۇ ئېيتمىدى.

— چۆپكە ئوت قويۇۋەتكەن سېنىڭ باللىرىڭ ئىكەن-غۇ! — دېدىم. مېنىڭ تويۇقسىز ئېيتقان سۆزۈم بىرىگادىرنى چۆچۈتۈۋەتسە كېرەك، ئۇ ئىگەرنىڭ ئۈستىدە يىڭنىگە ئولتۇرۇۋالغان ئادەمدەك ئۆزەڭگىنى چىڭ بېسىپ، تىك تۇردى-دە، قاپىقىنى تۈرۈپ، ماڭا چەكچىيىپ قارىدى. تېخى يېزىدىكى بىرەر ئادەم ئاڭلىمىغان پاراڭدىن مېنىڭ خەۋەردار ئىكەنلىكىمنى بىلگەندە، بىرىگادىرنىڭ چىرايى دەسلەپ قارىداپ، ئاندىن تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ پاراڭنى ساڭا كىم ئېيتتى؟ — دېدى ھاڭ-تاڭ بولغان بىرىگادىر بىر ئاز جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئېتىنى ماڭا يېقىنلىتىپ.

— پۈتكۈل يېزا ئادەملىرى ئېيتىپ يۈرىدىغۇ.

بىرىگادىر ئەمدى مېنىڭ ئاغزىمنى ياپقان بىلەن بۇ سىرنىڭ پاش بولۇپ، يوشۇرىدىغان دەرىجىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە كۆزى يەتتىمۇ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— سەنمۇ تۆمۈرچىلەرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ بۇزۇلۇپ كەتتىڭ. ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، سېنى ياخشى يولغا باشلىمايدۇ، — دەپ ئۆچىنى قاشقا جىرەندىن ئالماقچى بولغاندەك، ئاتنى قامچىلاپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ كۈنى مەن كوچىدىن ئۆتكەنلەرگە «ئاۋۇ چاغدا مۇخپۇلكامنىڭ باللىرى تاماكا چېكىپ، ئات قوراسىغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ» دەپ، بۇ خەۋەرنى پۈتكۈل يېزىغا تارقاتتىم.

باشتا ھەقىقەتەن شەھەردىن ساقچى چىقىپ، ماكار تاغامنى ئېلىپ كېتەمدىكىن دەپ بەك تەشۋىشلەنگەن ئىدىم، لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى بىرىگادىرنىڭ باللىرىنىڭ جىنايىتى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغاندا، كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى.

## 2

ئات قوراسىغا ئوت كەتكەندىن كېيىن تۆمۈرچى دۈكىنىدىكىلەرنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە كەيپىياتى ياخشى بولماي يۈردى. شۇڭلاشقا دۇكانغا كىرىپ قالسام، ئاڭلىسار - ئاڭلىماس سالام قىلاتتىم - دە، ئۇزۇن بەندىڭگە ئولتۇرۇپ، ۋاقاس ئاكام تۇتقۇزغان كۆيەكنىڭ تۇغرا تۇتقۇچىنى بىر خىل باساتتىم. سۆرۈن جىمجىتلىق مېنى چاپسان زېرىكتۈرىدۇ.

ئەمدى مەن نەدە يۈرسەمۇ، ئات قوراغا كىمنىڭ ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردۈم، ئەڭ بولمىغاندا ئۇشۇ ئىشىم بىلەن بولسىمۇ كۆڭلى يېرىم تۆمۈرچىنى بىر ئاز خوش قىلىمەنمىكىن دەيمەن.

ئارىدىكى كۆڭۈلسىز ئەھۋال پەقەت ۋاقاس ئاكام مۇخپۇلكامنىڭ قازىنىغا تۆمۈر تۇۋاق ياساپ بېرىپ قايتقاندىن كېيىنلا تۈزەلدى.

— چۆپنى كۆيدۈرۈۋەتكەن مۇخپۇلكامنىڭ باللىرى ئىكەنغۇ. ئۇلار چۆپنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەن ئىكەن، ئۇچقۇن چۈشۈپ كېتىپتۇ، — ئۇ چوڭ يېڭىلىق تاپقاندەك تۆمۈرچىنى خوشال قىلماقچىدەك سۆزلەۋېدى، ئەمما ماكار تاغام بازغانچىغا:

— سەن مۇخپۇلنىڭ ئەزەلدىن قارا ئىچىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭمۇ؟ — دېدى - دە، باشقا ئۇشۇق سۆز قىلمىدى.

برىگادىرنىڭ تۆۋەندىكى سىنىپتا ئوقۇيدىغان باللىرىغا يولۇقاي دەپ چوڭ كوچىغا مېڭىشىمغا، ئالدىمدىن مۇخپۇلكام چىقىپ كەلدى.

قاردى.

تاشقىرىدىن دۇكانغا سۆزلەپ كىرىپ كىلىۋاتقان قىز-
نىڭ ئۇنى ئاڭلانغاندا بازغانچى دەرهال پىچاقنى تاختۇپىشى-
غا ئىلىپ قويىدى-دە، خۇددى هىچنەرسە بىلمىگەن ئادەم-
دەك، كۆيەكنى چاپسان-چاپسان بىسىشقا باشلىدى. مەن
ئۇتى ئۆچۈپ قالغان كۆيەكنى بىسىۋاتقان بازغانچىغا ئە-
جەپلىنىپ قارايتتىم. ئۇنىڭغا «قۇرۇق كۆيەكنى بىسىۋاتىسەن-
غۇ» دىگىچە، دۇكانغا ئۇزۇن قارا چىچىنى مۇرىسىگە تاشلاپ
يوقۇرقى مەلىدىكى خالىدەم هەدەم كىرىپ كەلدى.

خالىدەم هەدەم كوچىدىن ئۆتۈپ كەتسە، يىزا بال-
لىرى ئۇنىڭ كەينىدىن گۈللۈك كۆينىگىنىڭ ئۇچىگە پات-
مايۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايلىق كۆكسى هەققىدە كۆپ
پاراڭ قىلىدىغان. ئۇنىڭ ئۇششاق چامداپ، مەيدىسىنى ئىگى-
تىپ مىڭىشىچۇ تىخى؟! «بۇ قىز ئۆزىنى ياساپ، ئۆدەككە
ئوخشاش ماڭىدۇ» دىيىشەتتى ئۇلار. بۇنداق سۆزلەرنى كۆ-
پىنچە يىزىغا هەربىلىكتىن يىڭى قايتقان يىگىتلەر تارقاتاتتى.

بۇگۈن كولخوزدا ئىشلەپ يۈرگەن خالىدەم هەدەمنى ۋاقاس
ئاكامنىڭ دۇكىنىدا بىرىنچى قىتىم كۆرۈشۈم. يىزا يىگىتلىرى-
نىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي يۈرگەن قىزنىڭ بازغانچى ئاكا-
نىڭ ئىسلىشىپ تۇرىدىغان تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرگىنىگە
خوشال بولدۇم. سوغ تۆمۈردىن باشقا هىچ نەرسە يوق دۇ-
كانغا قىز بىلەن بىللە قانداقتۇ بىر ئىسسىقچىلىق، گۈزەل-
لىك كىرگەندەك تۇيۇلدى.

— دۇكىنىڭىز ئىسلىشىپ كىتىپتىغۇ، ياش يىگىتنىڭ
ئىشخانىسىمۇ مۇشۇنداق بولامدىكەن؟— دەپ، خالىدەم
هەدەم بۆلەكچە كۆڭۈللۈك سۆزلىدى.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرسەم ۋاقاس ئاكام ئۆزى يالغۇز يوغان ئۇستەلنىڭ كىرۋىگىگە ئورنىتىلغان گىرەگە قىسىلغان تۆمۈرنى ئىگەك بىلەن ئىگەپ پىچاق ياساۋېتىپتۇ. ئىلگىرى بازغانچىنىڭ پىچاق ياسىغىنىنى كۆپ كۆرگەن ئىدىم. يېزىدىكى ئىككى ئۆينىڭ بىردە ۋاقاس ئاكام ياسىغان بىر قېلىپتىن چىققاندەك بىر خىل قىڭراق-پىچاقلارنى ئۇچرىتاتتىم. ئەمما مۇنۇ ئۇلاردىن باشقىچە. بۇنى كۆرگەندە ماڭا يېزا ئادەملىرىنىڭ قازان بېشىدا تۇرىدىغان پىچاقلىرى بۆلەكچە قوپال ياسالغاندەك سېزىلدى.

— ئالامەت چىرايلىق نەرسە ياساۋېتىپسەنغۇ. ماڭا بەرگىنە؟ — دېدىم. ۋاقاس ئاكام مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالماي، خۇددى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان ئادەمدەك كۆزىنى تۆمۈرگە يېقىن تۇتۇپ، بۆلەكچە ئىشلىمەكتە. ماڭا مۇڭگۈزدىن ياسالغان ساپ يېقىپ كەتتى. بازغانچى ئىلگىرى پىچاقنى مۇنداق پەدەزلەپ تۇرمايدىغان. بۇ پىچاقتىن بۇرۇن بايقىمىغان ئالاھىدە بىر گۈزەللىكنى سەزدىم.

—كىمگە ياساۋاتىسەن؟

ھەر قېتىم مەن دۇكانغا كىرىشىمگە چاخچاق قىلىپ ئۇچۇق چىراي قارشى ئالىدىغان بازغانچى بۈگۈن بېشىنى كۆتەرمەي ئىشلەۋاتاتتى.

— ئادەم ئىشلەۋاتقاندا كاشىلا بولمىغىنا! — ئۇ ماڭا قارار ئەمەس.

ۋاقاس ئاكام پىچاقنى ئىگەكلەپ، قۇم بىلەيدە ئۇزاق ئىتتىكلەتكەندىن كېيىن، ئۇنى دەرىزە قېشىغا ئەكىلىپ يورۇققا تۇتۇپ، بىر پېرىدە كەمچىلىكى بارمىكىن دېگەندەك ئۇزاق

قۇرۇق كۆيەكنى نېمانچىلا باسسەن؟ — مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىشىغا ئۇ كۆيەكنىڭ تۇتقۇچىنى دەرھال قويۇۋېتىپ، بولقىسىنى قولىغا ئالدى.

— سەن نېمىشقا خالىدەم ھەدەمگە پاراڭ قىلمىدىڭ، — دېدىم ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈناتتىن كېيىن.

— نېمە دەيمەن؟ پىچاق ياساپ بەر دېدى، ياساپ بەردىم، بولمىدىمۇ؟ — ئەمدى ئۇ جان كىرگەن ئادەمدەك كۆچەپ، ئۈنلۈك سۆزلىمەكتە.

ۋاقاس ئاكام ھارۋا چاقىنىڭ چەمبىرىنى يېڭى تۇتاشتۇرغان ئوتقا سېلىپ، قايتىدىن سوزۇپ ئۇلاشقا كىرىشتى. مەن كۆيەكنى چاپسان - چاپسان بېسىۋېتىپ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتقا قاراپ تۇرساممۇ ئويۇم ھازىر تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىقىپ كەتكەن خالىدەم ھەدەمدە ئىدى. ئۇ دۇكانغا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ۋاقاس ئاكامنىڭ ھەركەتىمۇ كۆڭۈلدىكىدىن ئۆزگىچە بولۇپ قالدى. مەن بازغانچىنىڭ قەلبىگە ئوچاقتىكى ئوتقا ئوخشاش بىر پارچە چوغنىڭ چۈشكىنىنى سېزەتتىم. ئۆلگىرى قىزلارنىڭ پارىڭى چىقسا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرىدىغان ۋاقاس ئاكامنىڭ باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش مۇھەببەتنى ئويغىنىپ كېلىۋاتقىنىغا خوشال ئىدىم. شۇڭلاشقىمۇ ماڭلىيىمدىن تەر ئېقىۋاتقىنىغا قارىماستىن، ۋاقاس ئاكامنىڭ قەلبىگە تۇتاشقان ئوت ئۆچمەسىكەن دەپ كۆيەكنى توختىماي باساتتىم.

— ۋاقاس ئاكا، خالىدەم ھەدەمگە خەت يازساڭ بولمامدۇ؟ — مېنىڭ تويۇقسىز ئېيتقان پارىڭىم بازغانچىغا ئاسماندىن چۈشكەن چاقماقتەك سېزىلدى، ئەتىمالىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قولىغا ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدى - دە:

ۋاقاس ئاكام كۆپ يىلدىن بېرى چىقىۋاتقان ئىسىنىڭ تاملارغا سىڭىپ كەتكەن پۇرىقىنى ھازىر يوقىتىۋېتىدىغاندەك. ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

— مېنىڭ ئېيتقىنىمنى ئورۇنلاپ قويىدىغانسىزمۇ؟

بازغانچى مۇشۇ سۆزنىلا كۈتسە كېرەك، ھازىر تاختىيۈشىغا ئېلىپ قويغان پىچاقنى دەرھال ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم كۆيـ دۈرگەنلىك ئېتىگە ئېرىتتى ـ دە، ئۇنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. «پىچاق ئىگىسىنى ئەمدى بىلدىم. يارايسەن، ۋاقاس ئاكا!»

— ئىنتايىن چىرايلىق پىچاق ياساپسىز، — بۆلەكچە ھايا. جانلانغان قىز پىچاقنى قىزىقىپ كۆرمەكتە. ۋاقاس ئاكام خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش قولىنى ئۇۋۇلاپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان پېتىچە جىم تۇرىۋەردى. شۇنچە چوڭ بازغانچىمۇ ئىزا تارتىدىكەن.

— بۇ پىنچىغىڭىز بىلەن راسا مېزىلىك ئاش ئېتىپ مېھمانغا چاقىرمىسام بولماس. كۆپ رەھمەت سىزگە، قولـ ڭىزغا دەرت تەگمىسۇن! — خالىدەم ھەدەم ئىشىك تەرەپكە ماڭغاندا، ۋاقاس ئاكام تېخىمۇ ھودۇقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

بازغانچىنىڭ قىز بىلەن ئۇچراشقىنىنى دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

قولىدىن كەلمەيدىغان ھۈنىرى يوق، قاۋۇل بازغانچى قىزنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ، سۆزلىيەلمىگىنىگە ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئىدىم.

خالىدەم ھەدەم چىقىپ كەتكەندە ۋاقاس ئاكام خېلى ۋاقىتقىچە سۆز قىلماي، قورۇق كۆيەكنى باستى. ئوچاقتىكى كۆل پۇرقىراپ چىقماقتا.

ۋاقاس ئاكام كەپكۈرنى بانا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چاي ئىچىپ قايتقان ئىكەن. ئۇ كۈنى بازغانچى ئەتىدىن كەچ كىرگىچە دۇكانغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە: «كۆرمەمسەن، خالىدەم كەپكۈرىمىز سۇنۇپ كەتتى، دەپ خىجالەت قىلىپ، بىر تالاي ۋاقتىمنى ئالدى» دەپ ماختىنىپ يۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن خالىدەم ھەدەم تۆمۈرچى دۇكىنىغا كەلمىدى. بىر كۈنى تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرسەم:

— خەيرىنىسا ھەدەم ئىشىگىمىزنىڭ مۇجۇغى سۇنۇپ كىتىۋىدى، چۈندەپ بەرسەڭ دەپ ئۇچ - تۆت قېتىم كېلىپ كەتتى. يۈرگىنە، بىللە بېرىپ قايتايلى، — دېدى ۋاقاس ئاكام. خەيرىنىسا ھەدەم بىزگە قارشى خوشنا. يولدىشى — باستى ئاكام كولخوزدا تىراكتورىست بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن خالىدەم ھەدەمنىڭ ئىشىگىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك. «ۋاقاس ئاكام خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ ئىشىگىنى بانا قىلىپ، خالىدەم ھەدەمگە كۆرۈنۈپ قوياي، بىرەر ئىشى چىقسا قالسا بىلىپ كېلەرمەن دىسە كېرەك» دىگەن ئويغا كەلدىم - دە، بازغانچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئىككىلەنمەستىن ماقۇل بولدۇم.

بىز ھەر نەرسىنى بانا قىلىپ، قانچە ئاستا ماڭغىنىمىز بىلەن خالىدەم ھەدەملەرنىڭ ھويلىسىدا ھېچكىم كۆرۈنمىدى.

— مۇجۇغى سۇنۇپ كېتىۋىدى، ئىشىگىمىزنى ياپالماي يۈرىمىز. ھېلىقى باستىقا كولخوزنىڭ ئىشلا كېرەك. «ۋاقاسنى چاقىرتىپ كېلىپ، چۈندىتىۋېتىڭ» دەپ يۈز قېتىم ئېيتتىم، قۇلىقىغا قىسار ئەمەس، — دەپ خەيرىنىسا ھەدەم بازغانچىنىڭ كەلگىنىگە بەك خوشال بولدى، — سىلەر ئىشىكنى چۈندىگە-

— ۋاھ مۇنۇنىڭ پارىڭىنى قارا. يېزىدا ئۇنىڭغا خەت يازغىنىدەك مېنىڭدىن باشقا يىگىت يوق دەمسەن؟ — دەپ مېنى زاڭلىق قىلغاندەك سۆزلىدى. باشتا بۇ سۆزنى بازغانچىغا سەل قىسىلىپ ئېيتسام، ئەمدى كۈچلىنىپ كەتتىم.

— سەن خەت يازساڭ، ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۆزەم ئاپىرىپ بېرىمەن.

— بالىلىغىڭنى قوي. بۇ پارىڭنى ئىككىنچى ئېيتقۇچى بولما، بىرى ئاڭلاپ قالسىمۇ ئۇيات.

تۆمۈرچى دۇكىنىغا ماكار تاغام كىرىپ كېلىشىگە بىزنىڭ پارىڭىمىز ئۈزۈلدى. مەن ھېچنەرسە بىلمىگەن ئادەمدەك دۇكاندىن چىقىپ كەتتىم. ۋاقاس ئاكام ئۇچاقتىكى چوغدا قىزارغان چاقنىڭ چەمبىرىنى ئۇلاپ قالدى.

3

ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ۋاقاس ئاكام خالىدەم ھەدەمنىڭ سورىغان نەرسىلىرىنى، ئىشتىن كېيىن قىلىپ بولسىمۇ، دىگەن ۋاقىتىدىن قالدۇرماي ياساپ بېرىدىغان بولدى، ئىسمى ئاتالسا، يىگىتلەرنىڭ قۇلىغى دىڭ بولىدىغان قىزنىڭ ئۆزىگە خىجالىتى چۈشۈپ، ئىلتىماس بىلەن كەلگىنىگە ئۇ بەك خوشال.

ئىلگىرى قانداق بولسا شۇنداق كىيىنىپ، تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىقمايدىغان ۋاقاس ئاكام، ئەمدى ئالدىغا ياتقۇزغان كالىتا چېچىنى تاراپ، قولى بوش ۋاقىتلاردا كوچىدىن كىرمەيتتى.

خالىدەم ھەدەم پىچاق ياسىتىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى كەپكۇرىمىز سۇنۇپ كەتتى دەپ دۇكانغا يەنە كەپتۇ.

قاپتۇما؟! ھاي، قارايدىغان قىز بولسىچۇ، مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئەسكى كۆينىكىڭگىمۇ قاراۋېرەتتى،— مۇختۇلكام بازغانچىدىن بۇ ئۆينى قىزغىنىۋاتقاندەك، تېۋىلغا سايلىق قامچىسى بىلەن ۋاقاس ئاكامنىڭ دۈمبىسىدىن نوقۇپ قويدى،— يېڭى كۆينەك كىيگەنگە چىرايىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دەمسەن، ھا-ھا-ھا!

بىرىگادىرنىڭ پەيلىنى سەزگەن خەيرىنىسا ھەدەم خىجالەت بولماقتا.

— ۋاقاس ئۆتكەندە ماڭا خويما ئوبدان كەپكۇر ياساپ بەردى ئەمەسمۇ،— خەيرىنىسا ھەدەم قازان بېشىدىكى كەپكۇرنى كۆرسەتكەندە، بىرىگادىر ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئۇياق-بۇيىقىغا ئۆرۈشتۈرۈپ قاراپ چىقتى.

— ھەي، قارغۇ، ماڭا ياساپ بېرىدىغان دېگەن كەپكۇرۇڭ قېنى؟ بىر ئايدىن بېرى توقسان بانا ئېيتىپ ئەنە-مانا دەپ سوزۇپ يۈرگىنىنى قارا بۇنىڭ، ئەتە ياساپ بەرمەي كۆر، ماكار تاغاڭ ئىككىڭنى قوشۇپ يېزىدىن ھەيدىتىۋېتىمەن،— بىرىگادىر بازغانچىغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ قويدى،— ۋاي، بۇمۇ كەپكۇر بوپتىمۇ، ئەيتاۋۇر قولىنىڭ ئۇچىدا ياساپ قويغان بىر نەرسە دېسىڭىزچۇ. مېنى ئېيتتى دەپ قالارسىز، بولارنىڭ ياسىغان نەرسىسى بىر ھەپتىگە يەتمەي سۇنۇپ كېتىدۇ.

مۇختۇلكام كەپكۇرنى قازان بېشىغا تاشلىدى. بىرىگادىرنىڭ بۇ قىلىغىغا خىجالەت بولغان خەيرىنىسا ھەدەم سۆزىنى كۆپەيتىپ، بازغانچىغا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەرمەي دېدىمۇ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— بىر چىرايلىق رەخت كۆتۈرۈپ كەپسىز غۇ؟— ماشىنىچى

چه چاي قاينتاي.

بىر ئىشكنى چۈشۈرۈپ، سۇنغان مۇجۇغىنىڭ مىخىنى چىقىرىۋاتقاندا، ماشىنىچىنىڭ ئۆيىگە بىر تۆرتەك رەختنى تولتۇغىغا قىسىپ، بىرىگادىر مۇخپۇلكام كىرىپ كەلدى. نەيتاۋۇر، بۇ ئادەمنىڭ بېشىنى تىقمايدىغان يېرى يوق بولسا كېرەك. ئۇنى كۆرگەندە بۆلەكچە قىزىقىپ ئىشلەۋاتقان بازغانچىنىڭ قولى ئىشقا بارسۇنمۇ؟! ۋاقاس ئاكامنىڭ چىرايى بىردىن ئۆزگەردى. يۈزىنىڭ تېرىسى چاپسان-چاپسان مىدىرلاپ، چىشلىرى غۇچۇرلايدۇ. ئۇ ئامبۇرنى جان ئاچچىغىدا قىسىپ قايرىشىغا، مىخنىڭ قالپىقى سۇنۇپ كېتىۋىدى، تېخىمۇ تېرىكىپ، ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپ، ئىشكنى تىللاشقا باشلىدى. خەيرىنىسا ھەدەممۇ خىجالەت بولۇپ قىسىلماقتا. ۋاقاس ئاكامنىڭ ئىشكنى تاقىلدىتىپ جۆندەۋاتقىنى بىرىگادىرغا ياقمىدى. ئۇ چىرايىنى تۈرۈشتۈرۈپ:

— چوڭ ئىش قىلىۋاتقاندەك، تاراقلاتماي، ئاستاراق جۆندىسەڭچۇ، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا پايلىماستىن قولىنى ئىشكنىڭ مۇجۇغىنىڭ قىرىغا ئۇرۇپ قانىتىۋالغان ۋاقاس ئاكام ھېچنەرسە سەزمىگەن ئادەمدەك. قاننى تىزىغا سۈرتىۋېتىپ، ئىشنى داۋام قىلىۋەردى. ئەمدى ئۇ مۇنۇ ئۆيدە بىرىگادىرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ تۇرغىچە، چاپسانراق چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىماقتا. خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئۈستىدىكى رەختنى كۆرگەن بىرىگادىر:

— بۇ نىمە؟ — دەپ رەختكە مەنسىمىگەندەك قارىدى.

— ۋاقاسقا كۆينەك تىكىپ بېرەي دەيمەن.

— نىمە، ئۇنىڭ يېڭى كۆينەك كىيگۈسى كېلىپ

خالىدەم هەدەم كىرىپ كەلدى. بۇ ئۆيگە مۇشۇ قىزنى كۆرمەنمىسكىن دېگەن شېرىن خىيالدا كەلگەن بازغانچى، برىگادىرنىڭ نېسىق پارىڭىنى ئاڭلاۋاتقاندا كىرگەن قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خىجالەتچىلىكتە قالغاندەك هېس قىلدى. ۋاقاس ئاكامنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى.

— ئۆيۈڭلەرگە مېهمان تولۇپ كېتىپتىغۇ، ئۆزەڭلار تۆرگە ئۆتتۈۋېلىپ، ئايدا-يىلدا بىر كېلىدىغان ۋاقاسنى بوسۇغىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغىنىڭلار نېمىسى؟ — شاراقلاپ سۆزلەپ كىرىپ كەلگەن قىزنىڭ كۆزى ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى رەختكە چۈشتى، — نېمە دېگەن چىرايلىق رەخت، — ئۇ برىگادىر ئېلىپ كەلگەن رەختنى ئۆرۈشتۈرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. باشتا قاپىغىنى تۈرۈپ، ۋاقاس ئاكامنى تىللاۋاتقان برىگادىرنىڭ قىزنى كۆرگەندە بىردىن چىرايى ئېچىلىپ، خالىدەم هەدەم بىلەنلا پاراڭ سېلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى غەلىتىلا كۆرۈندى.

— بۇنى سىزگە ئېلىپ كەلدىم. خەيرىنىسا هەدىڭىز كېلىشتۈرۈپ بىر چىرايلىق كۆينەك تىكىپ بەرسۇنكى، ئۇنى كىيىپ چىققاندا يېزىنىڭ مەن-مەن دېگەن يىگىتلىرى كەينىڭىزدىن ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالىدىغان بولسۇن. برىگادىرنىڭ باشتا رەختنى ماشىنىچىغا ئېلىپ كەلدىم دەپ، ئەمدى چىرايلىق قىزنى كۆرۈپلا، ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاش ئۆزگەرگىنىنى بايقاپ، خەيرىنىسا هەدەمگە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى ئىلگىرىكىدەك بىر خىلدا ئىكەن.

— هەقىقەتەن ياشلارغا لايىق رەخت ئىكەن. مەن، قولۇم تەگسە، ئەتە كۆينەك تىكىپ بېرەي، — دېدى ماشىنىچى. نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئىككى ئوتتۇرىدا قالغان باز-

بىرىگادىرنىڭ قولتۇغىدىكى رەختنى تۇتۇپ كۆردى.

— شەھەردىن سىزگە ئېلىپ كەلدىم. ئۆزىڭىزگە كۆينەك تىكىپ كىيەرسىز.

خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتتى. مۇخپۇلكام بىر تۇرتەك رەختنى پۇت ماشىنىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى-دە، ئۆزى ئۆينىڭ تۆرىگە ئۆتۈپ، تەكيىنى قولتۇغىغا قىسىپ، بىر يېنىغا قىيسايدى.

— سوقا-سايمان دېگەن سۇنۇۋاتسا، كولخوزنىڭ ئە-شىنى تاشلاپ، خوتۇنلارچە ئۆيمۇ-ئۆي قىدىرىپ يۈرگىنىنى قارا بۇنىڭ. قىشچە سوقىلارنى تۈزۈكرەك رېمونتلىمىغاچقا ئەمدى ھەممىسى سۇنماقتا. ئېتىزدا ئىش توختاپ كەتتى. مۇشۇلارنىڭ كاساپىتىدىن ئاشلىقنى ئۆز مەزگىلىدە تېرىپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمىز. بىر كېچە-كۈندۈز پالاسلاپ، ئېتىزدا تۇمشۇقتا يەر تىرەپ ئىشلەيلۇق، ھە، سەنلەرزە، كەپكۈر ياساپ قوساق تويدۇرۇڭلار.

بىرىگادىر ۋاقاس ئاكامنى ئاغزى بېسىلماي تىللىماقتا. مەن ئۆزەمنى بازغانچىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ، شۈمشەرەپ تۇرىمەن.

— كولخوزىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ماكار تاغام بىلەن ۋاقاسقا ئوخشاش ئىشلىسە نېمە ئارمان بار. ھېلىمۇ بۇلارنىڭ جېنى تۆمۈر ئىكەن. كېچە-كۈندۈز دۇكاندىن بېشى چىقمايدۇ. ۋاقاسنىڭ بىزنىڭ بوسۇغىنى ئاتلىمىغىنىغا قاي زامان. قېنى، ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەنسىلەر، يۇقۇرى ئۆتۈڭلار، چاي تەييار بولۇپ قالدى، — خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن كېيىن، بىرىگادىر بىر ئاز بېسىلدى.

بىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى ئاڭلىغاندەك، تۇيۇقسىز

كۆچەتنىڭ ئۇۋالىغا قالدۇ» دەيدىغان. بىراق بىزنىڭ يېزى-
دا ھەممە نەرسە ئاپام ئېيتقاندىن ئەكسىچە بولىدىغىنىغا
ەن ھەيران. ياغاچچىلارنىڭ ئىشى بىر ئوبدان كېتىپ
باردۇ، لېكىن ئاپتاپتا دات بېسىپ ياتقان جانسىز تۆمۈرلەر-
دىن ئاددىملەرگە تىرىكچىلىك بېغىشلايدىغان سوقا چىشلىرىنى
ياساۋاتقان ماكار تاغام بىلەن ۋاقاس ئاكاملا روناق تاپمىدى.

× × ×

ئۇ چاغلاردا بىز يېزىمىزدىكى يىگىت-قىزلارنىڭ بىر-
بىرىگە ئېغىزچە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىچكى ھېس-
تۇيغۇلىرىنى، مەخپىي سىرلىرىنى خەت ئارقىلىق يەتكۈزۈپ،
ئۇلارنىڭ باش قوشۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدۇق.
ۋاقاس ئاكاممۇ خالىدىم ھەدەمگە خەت يېزىپ، مېنىڭدىن
ئەۋەتسەكەن دەپ تىلەيەن. لېكىن ئۇ ئۇنىمىغاندىن كېيىن، بۇ
ھەقتە يەنە ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم. ئەمدى تەۋەككۇل دەپ
خالىدەم ھەدەمگە ۋاقاس ئاكامنىڭ نامىدىن ئۆزەم خەت
يېزىپ ئاپىرىشقا قارار قىلدىم.
مېنىڭ كىتاپلاردىن، يىگىت-قىزلارنىڭ بىربىرىگە
يازغان خەتلىرىدىن، باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋالغان قوشاقلارنى
يېزىپ يۈرىدىغان قېلىن دەپتىرىم بار ئىدى. دەرھال شۇ قو-
شاق دەپتىرىمدىن مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ ياخشى
مىسرالارنى كۆچۈردۈم-دە، ئاخىرىدا ۋاقاس ئاكامنىڭ
ئىسمىنى يېزىپ، خەتنى چىرايلىق قاتلاپ، يانچۇقۇمغا
سالدىم.
بۇ كۈنى ۋاقاس ئاكامنىڭ ئىشى خۇددى مېنىڭ تۇ-
شۇك يانچۇقۇمدىكى تۆت بۇرجەكلىك خەت ئارقىلىق ھەل

غانچى كېتەشكە تەمشەلدى. مەنمۇ باسست ئاكام يىق كۆنى خەيرىنسا ھەدەمگە خۇددى بۇ ئۆينىڭ خوجايىنىدەك بۇيرۇق قىلىپ، تۆردە ئولتۇرغان بىرىگادىرنى ئىخىز چىشىمدا چاينىۋەتكىدەك يەرگە يەتتىم.

— نەگە بارىسىلەر، چاي تەييار بولۇپ قالدىغۇ، — بىزنىڭ چاي ئىچمەي كېتىپ بارغىنىمىزغا خىجالەت بولغان خەيرىنسا ھەدەم قورۇغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. رەختكە روقلىنىپ، بىرىگادىر بىلەن قىزنى پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن خالدەم ھەدەم بىزنىڭ قايتقىنىمىزنىمۇ بايقىمىدى.

بىز خەيرىنسا ھەدەملەرنىڭ ئۆيىدىن قايتقاندا، ۋاقاس ئاكام كوچىدا ئۇچراشقانلار بىلەن سۆزلەشمىدى. مەن تۆمۈرچىگە كۆن كۆرسىتىپ يۈرىدىغان بىرىگادىر، ئەمدى بازغانچىنىڭ قىزلار بىلەن ئالاقىسىنى بۇزمىسا بولاتتىغۇ دەيمەن. مېنىڭ ياش يۈرىكىم كەلگۈسىدىكى بىر خەتەرلىك كۈننى سەزگەندەك، بۆلەكچە قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى.

— مۇخپۇلكام سىلەرنىڭ تۆمۈرچى دوكىنىڭلارنى ئاز دەپ، خوتۇنلارنىڭ ئىشىغىمۇ ئارىلىشامدۇ-نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدىم كوچىدا سۆز قىلمىماي كېتىۋاتقان ۋاقاس ئاكامدىن.

— ھە، قويۇپ بەر. ھازىر زامان مۇشۇنىڭ بولدىمۇ، مەنمۇ تېگىپ قالغاندا بەش-ئون كۈن تاراقلاپ باقىدۇ-دە، — ئۇ مېنى بالا كۆرۈپ ئۆز ئويىنى ئېيتقۇسى كەلمىدىمۇ، ئوشۇق سۆز قىلمىدى.

تۆمۈرچىلەر ماكار تاغام ئېيتقاندەك، نېمە دىگەن كاژتەلەي كىشىلەر؟! ئاپام: «ئۆسۈۋاتقان كۆچەتلەرنى كېسىپ ئىشلەتكەن ياغاچچىلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئىلگىرى باسمايدۇ، سەۋزە ئۇلار

دەپ خەتنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، كەينىمگە ياندىم.

— ۋاقاسىنىڭ نىمىسى بۇ؟ — خالىدەم ھەدەم خەتنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتەمدىكىن دەپ بەك تەشۋىشلەنگەن ئىدىم، لېكىن يېزىدىكى باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئۇمۇ ئوشۇق سۆز قىلماي، خەتنى دەرھال كۆك دوخاۋىدىن تىكىلگەن پەنجىگىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ھېچنەرسە بىلمىگەن ئادەمدەك، چېلەكلىرىنى تېخىمۇ داراڭلىتىپ كېتىپ قالدى.

دەرستە ئولتۇرغاندا ئويۇم خالىدەم ھەدەمگە بەرگەن خەتتىن چىقسۇنمۇ؟! بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ قولىغا بەك خوشياقىدىغان قوڭغۇراق چېلىنماي، ۋاقىتنىڭ گېجىك ئۆتۈدىغىنى؟! مەكتەپتىن قايتقاندا بۇ قىلغان ئىشىمنى ۋاقاس ئاكامغا ئېيتاي دەپ قانچە قېتىم تەمشەلسەممۇ، تۆمۈرچى دۇكىنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. مېنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاپام خالىدەم ھەدەملەرنىڭ ئۆيىگە سۈتكە ئەۋەتىپ قالسا بولمامدۇ. دۇدۇقلاپ، ھەر خىل بانا تاپساممۇ، بەربىر بىزنىڭ ئۆيدە چىنە كۆتىرىپ سۈتكە چىققۇدەك مېنىڭدىن باشقا ئادەم يوق. ئامالسىز بوينۇمنى باغلىغاندەك بىر چامداپ، ئىككى چامداپ خالىدەم ھەدەملەرنىڭ ئۆيىگە باردىم.

خالىدەم ھەدەمنىڭ ئاپىسى ئاقكۆڭۈل، ئوچۇق ئايال، مەن بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشىمگە ئۇ پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

— ئۆزەم قارا چاي ئىچسەممۇ، سۈتنى سېنىڭ ئاپاڭغا بېرەي، بىزنىڭ سىيىرنىڭ سۈتى سوغىلىپ كەتكەندىنىڭ سىلەرنىڭ سۈتۈڭلارنى ھېساپسىز ئىچىۋىدۇق، ئەتىگەندىن ئۇ كىرىپ، بۇ كىرىپ، ئاخىرقى چىنە سۈت قالغان، شۇنى بولسىمۇ تەڭ بۆلۈشەيلۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ئەتىگەنرەك

بولىدىغاندەك ئۇنى ئالاھىدە ساقلاپ يۈردۈم.

خالىدەم ھەدەمنىڭ ئىشىگىدىن بىر نەچچە قېتىم يۇقۇ-رى - تۆۋەن ئۆتسەممۇ، ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم. يېقىندا بۇ قىزنىڭ كەينىدىن قورغۇيدەك قاراپ يۈرگەن يىگىتلەر كۆپ. شۇ يىگىتلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم خەتنى بەرمەيمىكىن دىگەن ئويغا كېلىمەن. بۇخەت خالىدەم ھەدەمنى ئەگىپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا كۆرۈدىغان كۈنۈم ئۆزەمگە بەلگىلىك. لېكىن ئىشقا بۇرۇقتۇم بولۇپ، تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىقماي بازغان سوقۇدىغان ۋاقاس ئاكامنى ئەسلىگەندە، خەتنى مەھكەم تۇتۇپ، خالىدەم ھەدەمنىڭ ئۆيدىن چىقىشىنى تەلمۈرۈپ كۈتەتتىم. مەنمۇ باشقا باللاردەك ھەممىنىڭ ئال-دىدا، ۋاقاس ئاكامنىڭ يېزىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنى سۆيگەنلىگى ھەققىدە ئېيتىپ ماختانسام! ئۇلار ۋاقاس ئاكامنىڭ بازغان تۇتۇشقىلا ئەمەس، بەلكى چىرايلىق قىزلار بىلەن مۇھەببەت باغلاشمۇ قولىدىن كېلىدىغانلىغىنى بىلى-سىكەن، دەپ ئارمان قىلاتتىم....

خالىدەم ھەدەم ئەپكەشنى مۈرىسىگە ئېلىپ، ئۆستەڭ-دىن سۇ ئېلىپ كەلگىلى چىققاندا، ئويۇم چورت ئۈزۈلۈپ، قولۇم تىترەپ كەتتى. يانچۇغۇمدىكى خەت چۈشۈپ قالىدى-غاندەك ئۇنى تېخىمۇ مىجىقلاپ، مەھكەم تۇتتۇم. يۈرىگىم ئاغزىمغا تىقىلغاندەك ھاسىراپ كېتىپ بارىمەن. بىر تۇرۇپ خالىدەم ھەدەم خەتنى ئالماي، ئۆزەمنى پۈتۈن يېزىغا پاش قىلمىسا بولاتتىغۇ دەپمۇ قورقاتتىم. ئۆپچۆرەمگە بىر قاراپ چىقتىم - دە، سۇغا كېتىپ بارغان قىزنى قوغلاپ يېتىپ:

— مۇنۇ خەتنى ۋاقاس ئاكام بېرىپ قوي دىگەن! —

ماڭباي توپ توغرا تۆمۈرچى دۇكىنىغا يېتىپ باردىم. ئەتىگەندە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلگىنىمنى كۆرگەندە ماكار تاغام چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ، بولقىسىنى كۆتىرىپ ئالدىمغا كەلدى.

— ۋاقاس ئاكام قېنى؟

— نېمە، ۋاقاس چۈشۈڭگە كىرىپ قالمىغاندۇ؟ تاڭ ئاتماي يېتىپ كەپسەنغۇ. ھازىر كىرىدۇ، قېنى، كۆيەكنى باس، — ماكار تاغام ئەمدى كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەندەك، قىسقۇچنى قولىغا ئېلىپ، چوققا سېلىپ قويغان تۆمۈرنى ئۆرۈشكە باشلىدى، — ئوقۇشۇڭ قانداق؟ ئەتىدىن كەچ كىرگىچە دۇكاندىن چىقماي يۈرگىنىڭگە قارىغاندا، دەرستە ئۆلگۈرۈشۈڭ ناچاردۇ دەيمەن. بۈگۈنمۇ مەكتەپتىن قېچىپ كەلگەن ئوخشايسەن-ھە؟

تۆمۈرچى جىلتامغا قاراپ قويدى. مەن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئۈنسىز ئولتۇرىمەن.

ۋاقاس ئاكام قاراڭغۇ دۇكانغا كىرگەندە مېنى بايقىمىسا كېرەك، ئۇ دەسلەپ تۆمۈرچى بىلەن سۆزلىشىپ، پەقەت كۆيەكنى باسقىلى يېقىنلاشقاندىلا مېنى كۆرۈپ:

— نېمىشقا مەكتەپكە بارماي ئولتۇرىسەن؟ قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

مېنىڭ بىر خەۋەر تېپىپ كەلگىنىمنى سەزگەن بازغانچى ئاستا بېقىنىدىن نوقۇپ تالاغا چىقىشقا شەرەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

— ھازىرقى زاماننىڭ بالىلىرى قانداق-ھە؟ ھەتتا مۇشۇلارنىڭ مېنىڭدىن يوشۇرۇن پاراڭلىرى بار، — تۆمۈرچى بېشىنى ئېغىتىپ سەندەلگە قويغان تۆمۈرنى ئۇرۇپ يەنچىشكە باشلىدى.

كىر، سۈت ئېلىپ قوياي.
مېنىڭ ئويۇم خالىدەم ھەدەمدە! «ئېتىزغا كېتىپ قالىدىغاندۇ» دەپ، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا ئۈپچۆرەمگە قاراپ تۇراتتىم. مەن سۈتنى كۆتىرىپ قايتقىلىۋاتقاندا ئۇ باغ تەرەپتىن كىرىپ كەلدى. گۈناسى بار ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بەك ئاجىز ئىكەنلىگىنى مەن مۇشۇ قېتىم بايقىدىم. ئىلگىرى خالىدە ھەدەمنى كۆرگەندە شوخلۇق قىلىپ، تېگىشەي ئۆتمەيتتىم، ئەمما بۈگۈن مولۇن مۆشۈكتەك جىم. قىزنى كۆرگەندە يۈرىگىم بۆلەكچە دۈپۈلدەپ، قولۇمدىكى چىننى چېقىپ قويىدىغاندەك ھودۇقۇپ كەتتىم. خالىدەم ھەدەم ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، سارايغا كىرىپ كەتكەندە، يۈرىگىم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن ئۇ چاپسانلا قايتىپ چىقتى.
— سەمەتنى ئىت چىشلىۋالمىسۇن، مەن ئۈزىتىپ قوياي، — خالىدەم ھەدەم تەڭلا كەينىمدىن ماڭدى.
مەن ئىلگىرى بارلىق قۇۋلۇقىنى پەقەت يىگىتلەر بىلەمدىكىن دەيتتىم، خالىدەم ھەدەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا يىگىتلەردىن قىزلار قۇۋراقمۇ نېمە دەپ قالدىم، ئۇ قىز مېنىڭ دۈمبەمدىن تۇتۇپ قورادىن ئۆتكىچە بىللە ماڭدى ـ دە، ئاندىن پىنجىگىنىڭ يانچۇقىدىن تۆت بۈرجەكلىك خەتنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى.
— مۇشۇ خەتنى ۋاقاسقا ئاپىرىپ بەر، — ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە كۈتسەممۇ دەررۇ جاۋاپ خەت بېرىدىغۇ دەپ ئويلىمىغان.
چىنىدىكى سۈتنى ئېلىپ كىرىشىمگە ئاپامنىڭ ئېيتىۋاتقان چېيىغا قارىماي، جىلتەمنى كۆتەرگەن پېتى مەكتەپكە

نۇقۇدى، ئەتىمالىم تونۇسا كېرەك. قانچە قىلغان بىلەن، ۋاقاس ئاكام ئۇنى يىلقىدىن ئايرىۋېلىپ كېلىپ كۆندۈرگەندە قاشقا جىرەننىڭ كەينىدىن خېلى يۈگۈردىم ئەمەسمۇ. ئۇنى بازغانچىدىن بىرىگادىر ئېلىپ كەتكەندە، ۋاقاس ئاكام ئىككىلەن قاشقا جىرەنگە قاراپ ئات قوراسىنى كۆپ ئەگىگەن.

ئاتنىڭ بۇ يەردە باغلاقلىق تۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تېرى قېتىشىپ سوۋۇپ قاپتۇ. ئەمما ئەتىدىن كەچ كىرگىچە تاغ-تاشقا مىنىپ، تاڭ ئاتقىچە بىركاپام چۆپ بەرمەي قاقتىرىپ قويغاچقا، ئۇنىڭ قوسىغى ئىچىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئاتقا مىنىپ، ئېگەر قېشىغا تارتىپ ئورىۋەتكەن تىزگىنىنى سەل بوشاتتىم. تېردىسى دىرىلدەپ تىترەۋاتقان جىرەن بىر نەرسىدىن ئۈركىگەندەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ئالدىغا قاراپ قوياتتى. «بىرىگادىر ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي قامچىلاپ يۈرۈپ، بۇنىمۇ بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ-دە، ئۇنىڭ چەكچىيىۋاتقىنىغا قارىغاندا، مۇخپۇلكام مۇشۇ ياققا كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ باغ تەرەپكە قارىدىم. يىراق ئەتراپ جىمجىت. ئۇ يېرىدىم كېچىلەپ باغدا نېمە قىلىپ يۈرسۇن؟! ياكى هاراق ئىچىپ بىر يەردە يىقىلىپ قالدىمىكىن؟ ئەتراپتا هېچبىر سادا يوق. كەچكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، باستى ئاكامىلارنىڭ بېغىدىكى شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن ئالمىغا قونۇۋېلىپ هۇلايدىغان قارغۇ ياپلاقنىڭ ئۈنىمۇ بۈگۈن ئاڭلانمايدۇ. بىر چاغدا ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغان ئۈنى ئاڭلاندى، قۇلاققا تونۇش ئۈن — يېزىمىزدا پەقەت خوشنىمىز خەيرىنىسا ھەدەمىلەرنىڭ ئىشىگى مۇشۇنداق

— خالىدەم ھەدەم خەت ئەۋەتتى! — دىدىم بازغانچىغا ئەگىشىپ تالاغا چىقىۋاتقاندا. تويۇقسىز ئېيتىلغان سۆز ۋاقاس ئاكامغا بۆلەكچە تەسىر قىلدى. ئۇ تۆمۈرگە ئوخشاش قاتتىق قوللىرى بىلەن مېنىڭ ئىككى مۈرەمنى خۇددى ئۇستىخانلىرىمنى سۇندۇرۇۋەتمەكچى بولغاندەك مىجىقلاپ تۇتقاندا، كىچىككىنە كۆزلىرى يوغىناپ كەتكەندەك بولدى.

— راست سۆزۈڭما؟

— مەن ساڭا قاچان يالغان ئېيتقان؟

يانچۇغۇمدىكى خەتنى ئېلىپ ۋاقاس ئاكامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشۇمغا، ئۇ ماڭا قارىماي دۇكاننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. مەن جىلتامنى دۇمبەمگە ئارتتىم - دە، ماڭدىم. بۇ قېتىم بازغانچىغا يېقىندىكى يىگىتلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي يۈرگەن قىزنىڭ خېتىنى ئېلىپ كېلىپ، كۆڭلىنى خوش قىلغىنىمغا خوشال ئىدىم.

4

باللار بىلەن خوشلىشىپ، تونۇر بېشىدا تىڭشىغان قىزىق چۆچەكلەر ھەققىدە ئويلاپ كىرىپ كېتىپ بارسام، باغ تەرەپتىن ئاتنىڭ پۇرقىغان ئۈنى ئاڭلاندى. كېچىلەپ بۇ يەردە يۈرگەن نەنىڭ ئىتىكىن دىدىم. ئالمىنىڭ شېخىغا باغلاقلىق تۇرغان قاشقا جىرەن ئىكەن. ئەجەپ بۇ بىزنىڭ باققا باغلىنىپ قاپتۇغۇ؟! ئۇ يەرنى چاپچىپ بىر جايدا تۇرالماي تىپچەكلىمەكتە. يېقىن كېلىشىمگە تۆت ئايىغى تىترەۋاتقان قاشقا جىرەن تۇمشۇغى بىلەن مۈرەمنى

تۇتۇۋالغان برىگادىر بىر نەرسە بولسا، ئالدى بىلەن خوشنىمىزنى ماڭغۇزاتتى. ھەي، مېنىڭ ھاڭۋاقتى تراكتورىست ئاكام! ئۇ نېمە ئويدا، برىگادىر نېمە ئويدا؟!

باست ئاكامنى ئېتىزغا ئەۋەتىۋەتكەن برىگادىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن يېرىم كېچىدە چىقىپ كېلىۋاتقىنىغا ھەيران بولدۇم، بۇ برىگادىرنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ھەممە ئالقاندا تۇرغاندەك ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يېزىمىزدا مۇنداق ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىنمۇ؟!

بۈگۈنكى ۋەقەدىن كېيىن ماڭا بىر بېجىرىم چىنە دەز كەتكەندەك سېزىلدى ۋە مۇنداق بۇلارنى باشقىلاردىن كۈتسەممۇ، خەيرىنسا ھەدەمدىن كۈتمىگەن. ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم ئايال ھەققىدە ياخشى سۆزدىن باشقا ھېچنەرسە ئاڭلانمىغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ نېمە بولغىنى؟! خاتا ئويلاپ يۈرمەيدىغاندىمەن. كېچىلەپ كىمنىڭ ئۆيىگە كىرمەيدۇ؟ بەلكى باست ئاكام بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، برىگادىر ئېتىزدىن قايتقاندا شۇنى ئېلىپ كېتەي دېدىمىكىن! ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ!؟

مۇخپۇلكام چوڭ كوچىغا چىققىچە ئاتنى ئاستا ماڭغۇزدى - دە، ئاندىن قاشقا جىرەننى كەينى - كەينىدىن قامچىلاپ، تاشلىق كوچىدا چېپىپ كەتتى. تېچلىقنى بۇزغان ئادەمگە غەزەپلىنىپ، ھويلىلاردىن چىققان ئىتلار ئاتنى ئۆلىمە تىرىلىشىگە قارىماي چاپتۇرۇپ كېتىپ بارغان مۇخپۇلكاسىنى ئۇزاق يەرگىچە قوغلاپ باردى - دە، ئاندىن ھاۋشۇپ قېلىشتى. قاشقا جىرەننىڭ تۇياق ئاۋازى ئۆچسىمۇ، يېزىنى بېشىغا كىيىپ ھاۋشىغان ئىتلارنىڭ ئۈنى خېلى ۋاقىتقىچە بېسىلمىدى.

بۆلەكچىلا غىچىلدايدۇ. خوشنىمىزنىڭ ئىشىگىنىڭ مۇجۇغىنى ۋاقاس ئاكام يېڭىلاپ بەرسىمۇ، ئاچقاندا ئىنچىكە ئۈن چىقىرىپ، غىچىلدايدىغىنىنى قالمىغان.

كۆپ ئۆتمەي خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ قارىغاي چەگىزىسىدىن ياسالغان قاشا ئىشىگى ئېچىلدى.

خوشنىمىزنىڭ ھويلىسىدىن بىرسىنىڭ چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى بايقىدىم. ئۆزەمنى دالدىغا ئېلىپ ئۇلگۇرە-ئۇلگۇرەمەستىن، ئات باغلاقلىق تەرەپكە بىر ئادەمنىڭ پالاقلاپ كېلىۋاتقىنى كۆرۈندى. مېڭىشىدىن تونۇدۇم — بىرىگادىر مۇخپۇلكام! ئۇ خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا ئاغزىنى يۇمۇپ، ئارانلا چىدىسا كېرەك، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتا-تۇتماستىنلا قاقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى، ئەجەپمۇ بىر ئىش بولدىغۇ، دەيمەن. بىرىگادىر خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئېتىنى بىزنىڭ باغدىكى ئالمىغا باغلاپ قويغىنى نىمىسى! كەچقۇرۇن مۇخپۇلكامنى تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئۇچراتقىنىمدا ئۇ تىراكتورغا چېتىلغان سىرقىنىڭ ئۈستىگە رېمونتلانغان تىرنىلارنى بېسىۋاتقان خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ يولدىشى باسىت ئاكامنى: «كۆدەكۆپەڭنى ئال-دە، ئېتىزغا بۈگۈندىن قالماي كەت! قارا تاشقا كەپە تىكتۈرۈپ، قازان ئاستۇرۇپ قويدۇم. بارلىق تىراكتورىستلار بۈگۈندىن باشلاپ ئېتىزدا قونۇپ-يېتىپ ئىشلەيدۇ» — دەپ خوشنىمىزنى تولىمۇ ئالدىرىتىپ كېتىۋىدى، باسىت ئاكام بەكمۇ قورقۇنچاق، ئالدىراقسان ئادەمغۇ. ئۇ بىرىگادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا پايپېتەك بولۇپ كەتكەن. خەيرىنىسا ھەدەم ئېيتقاندەك، كولخوز ئىشى دېسە ئىچىۋاتقان چېيىنى تاشلاپ يۈگرەيدىغان باسىت ئاكامنىڭ تومۇرىنى

ياقسۇن-دە» دەپ ماكار تاغامنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدۇ.

بىر كۈنى دەرسلىرىمنى تەييارلاپ بولۇپ، كوچىغا چىقسام، تۆمۈرچى دۇكىنى تەرەپتىن ماكار تاغام كېلىۋېتىپتۇ.

— ھەي، سەمەت، جۈر، مونچىغا چۈشىمىز. مەن بۈگۈن مونچا قىزىتىپ قويدۇم، چاپسان كىيىم-كېچەكلىرىڭنى ئېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە كەل، — دېدى ئۇ. تۆمۈرچىنىڭ ئېيتقىنىنى ئورۇنلىماي تۇرالامسەن، دەرھال ئۆيگە يۈگۈردۈم.

— ئاپا، ماكار تاغام مونچىغا چۈشىمىز دەۋاتىدۇ، بېرىپ كېلەيمۇ؟ — دېدىم.

— بارساڭ بار. ھەممە ئۇشۇ ماكاركامنىڭ بارى. بولمىسا سىلەرنى قانداقمۇ يۇيۇندۇراتتۇق. ئەيتاۋۇر تۆمۈرچى مونچىسىنى بىز ئۈچۈنلا سېلىپ قويدىغۇ. مونچىغا چۈشسەڭ ئالدى بىلەن ئۇنى قىزىتقىن. سىلەر تەييارغا بۆكە. ھەممىڭلار ئويناپ-ئويناپ، مونچا راسا قىزىغاندا يېتىپ بارسىلەر. ئەڭ بولمىغاندا چوپ-چوك ئادەمنى ئايىساڭلارچۇ، — دەپ ئاپام كەينىمدىن سۆزلەپلا قالدى. مەن:

— ماقۇل، — دېدىم-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

ماكار تاغاملارنىڭ ئۆيىگە بارسام، تۆمۈرچى سۇپۇرگىسىنى كۆتىرىپ، مونچىغا ماڭغان ئىكەن. ۋاقاس ئاكام تېخى دۇكاندىن قايتماپتۇ. مەن ھوشۇ ياشقا كىرگىچە تۆمۈرچى بىلەن بىللە مونچىغا چۈشمىگەن ئىدىم. كېلىشىنى كېلىپ قويۇپ، ئەمدى نىمە قىلارىمنى بىلمەي ئويلاپ، تۇرۇپ قالدىم.

## 5

يېزىمىزدىكى باشقا ئۆيلەردىن كۆرە ماكار تاغاملارنىڭ ئۆيى كۆزىمىزگە بۆلەكچە ئىللىق كۆرۈنىدۇ. بۇ يۇرتتا قانداق ياخشى ئىش يۈز بەرسىمۇ، دەسلەپ مۇشۇ ئۆيدىن باشلىناتتى. ماكار تاغاملارنىڭ بېغىدەك باغ بۇ تەۋەدە يوق. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ ئۆزەڭنى جەننەتتە يۈرگەندەك ھېس قىلىسەن. بازاربەگ يېزىسىدىكى لىمون، ئاپورت ئالمىلىرىنى، قارا ئۆرۈك، نەشپۈتلەرنىڭ كۆچەتلىرىنى ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى تۆمۈرچى ئالمۇتىدىن ئېلىپ كېلىپ، بارلىق ئۆيگە تارقىتىپ بەرگەن ئىكەن. بىزنىڭ يېزىدىلا ئەمەس، ئومۇمەن ياركەنت ۋادىسىدا مەن بىلىدىغان ئىككى تۈپلا ياڭاق بار. ئۇ — ماكار تاغاملارنىڭ بېغىدا ئۆسىدۇ. كۈز ئايلىرىدا پىشىدىغان ياڭاقنى خۇددى ئۆزىمىزنىڭ بېغىدا ئۆسىدىغاندەكلا يەيمىز.

ئەتىياز كۈنلىرى ماكار تاغام بېغىدا ئۆسكەن مىۋە كۆچەتلىرىنى باشقىلارنىڭ باغلىرىغا تارقىتىدۇ-دە، ياز ئايلىرىدا قولى بوش بولۇپ قالسىلا ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ ئالما ئۈلايدۇ. ئۇلار ھەر شەنبە كۈنى مونچا قىزىتاتتى. ماكار تاغامنىڭ مونچىسىغا نىمە يەتسۇن! يېزىمىزدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ شەخسى مونچىسى يوق. تۆمۈرچى مونچا قىزىتقان كۈنى: «بۈگۈن مونچا راسا قىزىپتۇ، يۇيۇنىۋالساڭلارچۇ» دەپ ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ ئادەملەرنى چاقىرىدىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى يېزا خەلقىنىڭ يېرىمى دېگىدەكلا يۇيۇنۇۋالاتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئادەملەر «مونچا ياقسا، ئۇرۇس

جوغى كىچىك تۆمۈرچىنىڭ تېنى خۇددى قىشنىڭ كۈنى توڭلاپ قالغاندەك قاتتىق تەگدى. تۆمۈرچىنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن بولجۇڭ گۆشىگە قولۇم تۇرماي تۆمۈرمۇ پاتىياس. ئۇنىڭ دۈمبىسىنى يۇيۇۋېتىپ، قولۇم بىر غېرىچتەك كېسىلگەن تارتۇققا تەگدى. تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. مەن يۇغۇچنى باسماي، ئۇ يەرنى ئاۋايلاپ يۇيۇۋاتاتتىم، قولۇم ئىككىنچى تارتۇققا تەگدى. ئۇنىڭ گەجگىسىنىڭ ئاستى بىرسى گۆشنى ئويۇپ، كېسىۋالغاندەكلا چوڭقۇر ئىكەن. نېمە قىلارىمنى بىلمەي قورقۇپ كەتتىم.

— ھېرىپ قالدىڭمۇ - نېمە؟ يۇغۇچنى قاتتىق بېسىپ سۈركە! — دېدى باكار ئاغام.

— مۇنۇ يەردە تارتۇغۇڭ بار ئىكەن. ئاغرىپ كېتەم- دىكىن دەۋاتىمەن.

— ھاي، ئۇ ئاغرىقلار ئاغرىپ-ئاغرىپ بېسىلدىغۇ، بالام. قاراۋەرسەڭ ئۇنداق تارتۇقنىڭ كۆرمىگى بار. بۇ ھاياتتا كېسىلمىگەن يەر قالمىدىغۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتكەن. قورقماستىن يۇغۇچنى بېسىپ يۇيىۋەر. ھوردا ئۇزاق ئولتۇرسام ئۇگە-ئۇگەم بوشاپ، ئاشۇ ئوق تەككەن يەرلىرىمگە خوشياققاندەك بولىدۇ.— تۆ- مۈرچى ئۆرە يۈرگىنى بىلەن، تېنىنىڭ ھەممىسى زەخىملىنىپ بولغان ئىكەن. «يەنە مۇشۇنداق ئادەمگە بىرىنگادىر كۈندە نەشتىردىنى تىقىپ، رەنجىتىدا» دېدىم ئىچىمدە. جەڭ مەيدان- لىرىدا شۇنچە زەخىملەنگەن ئادەم بىر كۈن تىنىم تاپماي، قانداقمۇ تۆمۈرچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرىدىغاندۇر؟! ئۇنىڭ جېنى تۆمۈردىن ياسالغان بولسىمۇ، ئۇپرايدىغان ۋاقتى يەتكەندۇ. باشقىلار بولسا ئاللىقاچان ئۆيىدە ياتار ئىدى.

— ئۆتكەن يىلى راسا ياخشى سوپۇرگىلەرنى ياسىۋىدىم، بۇنىمۇ تۈگەپ كېتىپ بارىدۇ، قېنى يۈر، بالام، ئىلگىرى ھىلىقى ۋاقاس بىر ئوبدان دۈمبەمنى يۇيۇپ قويە-دىغان، كۆردۈڭمۇ مانا، چوڭ بولغاندىن بېرى ئىزا تارتىپ، مېنىڭ بىلەن بىللە مونچىغا چۈشمەس بولدى. شۇنىڭمۇ ھۆرمەتلىگىنىڭگە رەھمەت. قېنى جۈر، — دەپ ئىزا تارتىپ تۆمۈرچىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

كىچىككىنە مونچا راسا قىزىپتۇ. ماكار تاغام تاشقا بىر-ئىككى چۆمۈچ سۇ چېچىۋىدى، مونچا ئىچى تېخىمۇ ئىسسىپ، دەرھال كۆتىرىلگەن ھور ھېچنەرسە كۆرسەتمەيلا قويدى. مەن ماكار تاغامغا يېقىنلىماي، تۆۋەندە ئولتۇرىمەن. تۆمۈرچى بولسا يالىڭاچ تېنىگە توختىماستىن سوپۇرگە ئۇرۇپ، قىزىغان تاشقا كەينى-كەينىدىن سۇ چاچراتتى.

— ئىسسىپ كەتسەڭ، تۆۋەنرەك ئولتۇر. ھوردا ئولتۇر-غانغا نېمە يەتسۇن. ھازىر تەنگە ئارام بەرگىدەك مونچىدىن باشقا نېمە بار دەيسەن؟!

— سېنىڭ مونچاڭ ياخشىدە، ماكار تاغا!

— بۇ مونچا بولامدۇ، بالام، بىزنىڭ بۇرۇنقى مونچى-لارنى كۆرگەن بولساڭ، مانا ئۇ دېگەن مونچا!

مەن بۇ چاغدا دەسلەپكى قېتىم ماكار تاغام بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ سۆزلەشتىم.

— قېنى، دۈمبەمگە سوپۇن سۈرۈپ، يۇيۇۋەتكىنا، — مەن يۇغۇچنى ئېلىپ، ماكار تاغامنىڭ قېشىغا يېقىنلىدىم. تۆمۈر-چى كىيىمنىڭ ئىچىدىلا ئادەم ئىكەن! شۇنچە يوغان بول-قىلارنى كۆتىرىپ، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئۇرۇپ يەنچىپ ئىشلەۋاتقان ئادەم مۇشۇنداق بولامدۇ؟! مېنىڭ ئاڭقىنىمغا

برىگادىرنىڭ ئۆچ كۆرۈدىغىنى قانداقكىن. بىر كۈنى ۋاقاس ئاكامدىن:

— برىگادىر ماكار تاغامنى نېمانچە ئۆچ كورىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

بازغانچى خېلى ۋاقىتقىچە سۆز قىلماي، جىم بولۇپ كەتتى-دە:

— ساڭا ئۇنىڭ كېرىكى نېمە؟ — دىدى.

ئۆزەمچە، بىلەي دىدىم، مۇخپۇلكام كورۇنگەن يەردە تۆمۈرچىنىڭ چىشىغا تېگىپ، قېنىنى قىزىتمىسا يۈرەلمەيدىغۇ.

— ھە، تاسدا يىگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگىچە قالمايدۇ دىگەنىدەك، ئەزەلدىن يۇرتتىن ئالالماي يۈرگەن قىساسى بار ئەمەسمۇ. شۇنى ئەمدى ماكار تاغامدىن ئالماقچى بولىدۇ.

— ئۇ نىمە قىساس؟

— ماكار تاغام قىزىل گۋاردىيىدە باشلىق بولۇپ يۈرگەن يىللىرى جەڭچىلەرنىڭ بىرى مۇخپۇلكامنىڭ باندىتلارغا قوشۇلۇپ، يېزىنى كۆيدۈرۈپ قاچقان ئاكىسىنى ئېتىۋەتكەن ئىكەن. ئەمما ئۇ ئويىدىكىنى ئوچۇق ئېيتالماي، خۇددى تىلى يوق پاشىغا ئوخشاش غىڭشىپ، تۆمۈرچىنىڭ بورۇنقى يارىسىغا تۇز سېپىپ، جېنىنى قىينىماقتا. ئىلگىرىكى لام دەپ ئاغزىنى ئېچىپ ئوشۇق پاراڭ قىلالمايدىغان ئادەم، ئوشۇغى ئالچۇ چۈشۈپ، بەش كۈنلۈك برىگادىر بولۇپ قېلىشىۋىدى، مەنسۇۋىدىن پايدىلىنىپ كونا خامانىنى سورۇۋاتىدۇ.

— ماكار تاغام ئۇ ئالىقاناتنىڭ ئەدىۋىنى راسا بىرىپ

بەزىدە مەن مۇشۇنداق ئىرادىلىك ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ قالسام، ئۇلارغا تەڭلىشىشنى ئارمان قىلىمەن. مېنىڭ ھاياتتا تالاي قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشىمگە ئاشۇ ماكار تاغام سەۋەبچى بولدى.

ماكار تاغام ئىككىلەن مونچىنا چۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىزنىڭ تۆمۈرچى ئىمسلار بىلەن ئېلىشىپ، تالاي قېتىم ئوق تېگىپ ياردار بولسىمۇ، قەددىنى پۈكمەي، تېخىچە تۆمۈرچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقى ھەققىدە ئېيتتىم.

مېنىڭ ھېكايەمدىن كېيىن بىزنىڭ سىنىپ يېتەكچىسى ماكار تاغامنى مەكتەپكە چاقىرىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. ئەمما دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، ئوقتا مەيدىسىنى تۇتقان تۆمۈرچى ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىز سۆز قىلمىدى. ماكار تاغامنى شۇنچە ماختىغىنىم ئۈچۈن باللارنىڭ ئالدىدا ئۆزەممۇ خىجالەت بولدۇم. «ھەي، ماكار تاغا، ئۆزەڭنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدە ئۆزەڭ ئېيتىپ بېرەلمەيسەنغۇ. بېشىڭنى ئەچىڭگە تىقىپ، جىمجىت يۈرۈۋەرسەڭ، بىردىگادىر تېخىمۇ بوزەك قىلىۋالامدۇ سېنى» دەيتتىم ئۆزەمچە.

ماكار تاغامنى بىزنىڭ يۇرتتىكىلەر بەك ھۆرمەتلەيدۇ. توي-تۆكۈن كۈنلىرى يۇرت قېرىلىرى بىلەن بىللە تۆمۈرچى ئولتۇرمىغىچە ساھىپخان چاي قۇيمايدۇ. پەقەت بىز بىر نەچچە قېتىم تۆمۈرچى دۈكىنىدا بېرىپ: «ماكار تاغا، ئادەملەر سېنىڭ كېلىشىڭنىلا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ» دېگەندىن كېيىنلا، ئۇ پەشۋىنى يېشىپ، قولىنى يۇياتتى.

ئەمما پۈتكۈل يۇرت قەدىرلەيدىغان ئادەمنى پەقەت

هازىر ھەممە كۈچ قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىنماقتا. قانچە قىلغان بىلەن ئۆزىمىز كۆتەرگەن تەشەببۇس ئەمەسمۇ!

— قانداق تەشەببۇس ئۇ؟ مەن بىلمەيدىغان يوشۇرۇن سىرلىرىڭلار كۆپ ئوخشايدۇ.

— ھە، بۇ يىل قىشتا بىزنىڭ ماكار تاغامنىڭ كولخوز ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئالدىغا قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدە مەسىلە قويغىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ياق، — مەن كولخوز بۇ يىل بىرىنچى قېتىم قاراتاشنىڭ يېرىنى ھەيدەپ، ئاشلىق تەرگىلىۋاتقىنىنى بىلەمەن، ئەمما بۇ تۆمۈرچىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىلىنىۋاتقان ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە بىخەۋەر ئىدىم.

— مۇخپۇلكامنىڭ بۇ يىل بىزگە قىرىچە-يېپىنچە تېگىپ يۈرگىنىنىڭ بىر سەۋەبىدۇ مۇشۇ قاراتاش ۋەقەسى.

تاقا مىختىن ئىككى تالنى چىشىغا چىشلىۋالغان بازغانچى دېمىغىدا غۇدۇڭشۇپ سۆزلىمەكتە.

— كولخوز رەئىسى ماكار تاغامنىڭ قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدىكى تەكلىۋىنى ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا قويغاندا ھەممىسى خوشال بولۇپ قوللىسا، پەقەت مۇخپۇلكام بۇ تۆمۈرچىنىڭ كولخوز ئىشىنى قالايمىقانچىلىقتا سالماقچى بولۇپ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى، دەپ قارشى چىقىپتۇ. شۇ يىغىندا كولخوز رەئىسى بىرىگادىرنى «سەن بىرىگادادىكى ئاشلىق يېتىشتۈرۈشنى كۆپەيتىدىغان مۇمكىنچىلىكلەرنى بىلمەيسەن، بەزىلەر ساڭا مەسلىھەت بەرسە، ھەمەدانلىقىڭغا ئېلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلغۇڭ كەلمەيدۇ» دەپ راسا تىللاپتۇ. شۇڭلاشقىمۇ بىرىگادىر ئۇ يەرنى

قويسا بولامدۇ؟

— ئۇ بىچارىنىڭ تىلى قىسقا بولمىسا، ئاغزىنى غېرىچلاتقۇزاتتىمۇ؟! برىگادىر تۆمۈرچىنىڭ ئاجىز يېرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزى بىلگەن سەنئەتكە ئۇسسۇل ئويناۋاتامدۇ.

— ئۇ نېمە قىلغان ئاجىزلىق؟

— سەن بەرىبىر چۈشەنمەيسەن، — بازغانچى ئېيتقىنى بىلەن مېنىڭدىن تۆمۈرچىگە ھېچبىر ياردىمىم تەگمەيدىغىنىنى بىلدىمۇ، ئۇشۇق سۆز قىلمىدى.

مەن ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئاڭلىمىغان ئىدىم. شۇڭلاشقىمۇ بازغانچىنىڭ سۆزى مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. بولۇپمۇ ئەتىدىن كەچ كىرگىچە كولخوز ئىشىنى قىلغانىنى ئاز دەپ، كېچىلەپ ئادەملەرنىڭ تاپشۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنى ياسايدىغان تۆمۈرچىنى ھاقارەتلەپ تىللايدىغان برىگادىرغا ئۆچمەنلىكىم تېخىمۇ كۈچەيدى. تۆمۈرچى دۇكىنىدا ئاچچىق ئىس يۇتۇپ، يىلدىن-يىلغا ئىچىدىن قۇرۇپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنىدىغان ماكار تاغامنى ئايايمەن.

مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، ۋاقاس ئاكام تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىدىكى مەخسۇس ئات تاقلاش ئۈچۈن ئورنىتىلغان ئىككى تال تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە بىر لىمنى سېلىپ ياسىغان يەردە ئاتلارنى تاقلاۋېتىپتۇ.

— ئىشقا قالىتىس كىرىشىپ كېتىپسىلەرغۇ، — دېدىم ئاتنىڭ قوشىقىدىن ئاغامچا بىلەن تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇپ، كەينى پۇتىنى ئىككى تىزىغا قىسىۋېلىپ تاقلاۋاتقان بازغانچىغا.

— ھە، قاراتاشقا ماڭىدىغان ئاتلارنى تاقلاۋاتىمىز.

ھەممىسى كېتىپ قالسا كېرەك دەپ يەرگە چۈشۈشكە تەمشەلگەندە ئىككى ئادەمنىڭ پاراڭ سېلىپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم، يېقىن كېلىشكە ئۈنىدىن تونۇدۇم. مېنىڭ ۋاقاس ئاكام، يېنىدىكى خالىدەم ئىكەن. ئۇلارنى كۆرگەندە بېشىم كۆككە يەتكەندەك خۇشال بولدۇم. «ھاي، قورقماي، ئىشەنچلىك كېلىۋېرىڭلار، مەن سىلەرنى كۈزىتىپ ئولتۇرىمەن» دەپ ۋاقىراشقا ئازلا قالدىم. سۆگەت ئۈستىدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ مۈزلاشقا باشلىغان تېنىم ئۇلارنى كۆرگەندە بىردىن ئىسسىدى. مەن بۈگۈندىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئىككىسىنىڭ خەتلىرىنى ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالاقىسىدىن بىخەۋەر ئىدىم. يېزىمىزدىكى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يىگىت-قىزنىڭ پاراڭ سېلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. «ئەمدى ئۇلارغا مېنىڭ كېرىكىم يوق ئوخشايدۇ» دەيتتىم. ۋاقاس ئاكامنىڭ يېنىدىكى چىرايلىق قىزنى ئەگەشتۈرۈپ، كېچىسى يوغان سۆگەت تۈۋىگە كەلگىنىنى باشقىلار كۆرسە ئىمدى تېخى؟!

— ئەتىياز كېلىشى بىلەن ئۆيدە ئولتۇرغۇم كەلمەيدۇ. دائىم شامالدا يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپ خالىدەم ھەدەم ئەركىن سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى. ۋاقاس ئاكامنىڭ بۇ قىزنىڭ قېشىدا سۆز قىلماي جىم تۇرغىنىغا تېرىكەتتىم. «كەچ كىرگىچە بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋېلىپ بازغان سوقۇشنىلا ئۆگەنگىچە، قىزلارغا پاراڭ قىلىشنىمۇ ئۆگەنگەن بولساڭچۇ!» — دەيمەن ئىچىمدە. ئۇلار قېرى سۆگەتنىڭ يوغان تومۇرىغا ئولتاردى. مەن دېمىمنى ئىچىمگە ئېلىپ، قالنىڭ ئۈچىدا تۇرىمەن.

ئۆزلەشتۈرۈشكە كاجلىق قىلىپ، مۈمكىن قەدەر ئىشنى كېيىن-گە تارتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەيدۇ، قانچە قىلغان بىلەن ئۆزىنىڭ پىكرى ئەمەستە! ئەمدى مۇشۇ پىكىرنى تەكلىپ قىلغان ماكار تاغامنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ چاينىغۇسى كېلىپ يۈرىدۇ، بىراق بىز قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، ئۇ ھەقىقى ئاشلىق كانى.

مەن ماكار تاغام بىللە دونچىغا چۈشكەندە ئۇنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى بىر ئاز ئۇققاندەك بولغان ئىدىم، بۈگۈن ئات تاقىلاۋاتقان بازغانچىدىن تۆمۈرچىنىڭ بۇز ئىشىنى ئاز دىگەندەك، كولخوزدا ئاشلىق يېتىشتۈرۈشنى كۆپەيتىشنى ئويلاپ، قارا تاشنى ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدە كولخوز ئىجرائىيە كومىتېتىغا بېرىپ يۈرگىنى توغرىلىق ئاڭلىغاندا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم.

## 6

باللار بىلەن يېرىم كېچىگىچە مۆكۈ-مۆكۈلەك ئوينىدۇق. مەن دەسلەپ نەگە مۆكمەي، بەربىر تېپىۋالغاندىن كېيىن، يامىشىپ يۈرۈپ قېرى سۆگەتكە چىقتىم-دە، يوغان ئىككى شاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ ئولتۇرۇۋالدىم. مېنى ئىزلەپ تاپالمىغان باللار بىر-بىرلەپ ئۆيلىرىگە قايتماقتا. سۆگەت تۆۋى جىمجىت، پەقەت ئەتىياز كېچىسى تېخى يوپۇرماق چىقىرىپ ئۈلگۈرمىگەن سۆگەتنىڭ باھارنى ئەسلىتىدىغان نەم ئارىلاش يېقىملىق پۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ، ئىلگىرى بايقىمىغان خۇش كەيپىيات پەيدا قىلاتتى.

ئالدىغا قويۇپ، سىنىپنى بېشىغا كىيەر.
— نېمىشقا سۆز قىلمايسىز؟
خالىدەم ھەدەمنىڭ ئۇنى ئويۇنى بۆلۈۋەتتى.
— نېمە توغرىلىق سۆز قىلىمەن؟ — ۋاقاس ئاكام مۇشۇ سۆزنى ئېيتتى-دە، جىم بولدى.
— مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭ قىلمامسىز، قوشاقتا يازغاندەك ئادەم ئاڭلىغان ياخشى سۆزلىرىڭىزنى ئەمدى ئېيتىڭ. قىزلارنىڭ قۇلىقىغا چىرايلىق سۆزلەر خوش ياقىدۇ، سىزنىڭ تۆمۈرچى دۇكىنىدا يۈرۈپ تىلىڭىز باغلىنىپ قالغانمۇ نېمە؟
ۋاقاس ئاكام ئىڭىشىپ، دېمىقىدا بىر نەرسە دېدى، لېكىن ئاڭلىيالماي قالدىم.
— بىللە يۈرگەن قىزلىرىڭىز ھەققىدە ئېيتىڭ.
— مېنىڭ قىزىم يوق.
— نېمە، مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىرەر قىز بىلەن پاراڭ سېلىشمىدىڭىزما؟ دۇكىنىڭىزغا قاچانلا كىرسەم قىزلارنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردىمەنغۇ؟
— ئۇلار ئىش بىلەن كەلگەنلەر.
— قايسى يىگىتتىن سورىساڭمۇ ئۆزئارا كېلىشىۋالغاندەك، «سىزدىن باشقا ھېچكىمىم يوق، ئۆلدۈم، ئۆچتۈم» دەيدۇ. بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ قېشىغا غايىپتىن بىرلىرى كېلىپ يۈرەمدىكىن، ئەگەر مۇشۇ سۆگەتنىڭ تىلى بولسا، قانچە يىگىت-قىزنىڭ كېلىپ، بىر بىرىگە ئىشقى-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەر ئىدى. ئاشىق-مەشۇقلارمۇ قۇۋ، بىرسى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ھەر قاچان تىلسىز سۆگەتنىڭ تۈۋىگە يىغىلىدۇ، ئەمما نېمىشقىدۇ، ئەتى-

— قوشاق يېزىشقا بەك ئۇستا ئىكەنسىز. قولىڭىزدىن تۆمۈرچىلىك قىلىشلا كېلەمدىكىن دىسەم، ياخشى قوشاقچى ئوخشايسىزغۇ. بارلىق ھۈنەرلىرىڭىزنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، دۇكاندا يوشۇرۇپ يۈرسىڭىز كېرەك، مەن يازغان قوشاقلىرىڭىزنى ساندۇققا سېلىپ ساقلاپ قويدۇم.

ۋاقاس ئاكام قاراڭغۇ تۈندە غايىپ بولغان ئادەمگە ئوخشاش ئۈنسىز ئولتۇردۇ. ئۇ «قوشاقنى يازغان مەن ئەمەس، سەمەت» دەۋەتمىسە بولاتتىغۇ دەپ چىشىمنى چىشىمغا باستىم. مەن ئۇ بارمۇ زادى دەپ، بوينۇمنى سوزۇپ قارىنىۋىدىم، قىزنىڭ يېنىدا، يەرگە سانچىپ قويغان بىگىزگە ئوخشاش، چوقچاراپ ئولتۇرغان بازغانچىغا كۆزۈم چۈشتى، لېكىن ئۇنىڭدا سادا يوق.

— بىلەمسىز، ئىلگىرى سىزنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىڭىز ماڭا بۆلەكچە ياقاتتى، ئەمدى يازغان قوشاقلىرىڭىزغا خۇشتار بولدۇم، — مېنىڭ يازغان قوشاقلىرىم خالىدەم ھەدەمگە بەك يېقىپتۇ! «ئۇ قوشاقلارنى سىزگە مەن يازغان» دەپ ۋاقىرىۋېتىشكە ئاز قالدىم. بۈگۈن ئۆيگە بېرىپ قىزلارغا بېغىشلاپ قوشاق يازغۇم كەلدى، ئەمما، ئەمدى يازغان قوشاقلىرىمنى كىمگە ئەۋەتىمەن، كۆز ئالدىمدىن يېزىمىزدىكى بويىغا يېتىپ قالغان قىزلار بىر بىرلەپ ئۆتمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭدىن بەش-ئالتە ياش چوڭ. يازغان قوشىقىمنى ئۆزەمنىڭ ھەدەمدەك قىزلارغا نېمە دەپ بېرىشىم مۇمكىن. بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان قىزلارنى ئەسلىدىم، ئۇلار تولىمۇ ھازازۇل. بىزنىڭ سىنىپنىڭ قىزلىرى قوشاقنىڭ قەدرىنى بىلەمدۇ؟! دەرھال «سەمەت بىزگە خەت يېزىپتۇ!» دەپ چۇقۇرۇشۇپ، قوشاقلىرىمنى مۇئەللىمنىڭ

— شەپەرەڭدۇ بەلكى.

ئۇلار يېڭىۋاشتىن ئولتۇردى، ئەتىيازنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىدە ئىلگىرىكىدىن بەتەر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە.

— قورقۇپ كەتتىم، — ئىككىلىسى بىر — بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

— سىز نېمىشقا ماڭا خەت يازدىڭىز؟ — خالىدەم ھەدەمنىڭ سوئالىغا بازغانچى دۇدۇقلاپ دەرھال جاۋاپ بېرەلمىدى. ۋاقاس ئاكام قىزغا مېنىڭ خەت يازغىنىمنى ئېيتىۋەتمىسە بولاتتىغۇ دەپ تەشۋىشلەندىم.

— سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن يازدىم! — يارايسەن ۋاقاس ئاكا! مېنى يەرگە قاراتمىغىنىڭغا رەھمەت!

خالىدەم ھەدەم پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. بازغانچى بۇ سۆزنى قىسىلىپ ئاران ئېيتقان بولغىيدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ئۇنىڭ سۆزى بەك قوپال چىقتىمۇ-نېمە؟ بەلكى، باشقا يىگىتلەر ئىچكى ھېس-تۇيغۇسىنى بۆلەكچىرەك ئىزھار قىلار. ئەمما ۋاقاس ئاكامنىڭ بولارى شۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ سۆزنىڭ چىققىنىغىمۇ مىڭ مەرتەم شۈكرى. ئۇ ئوڭدا-دۈمدە پاراڭ قىلىمەن، دەپ قىزنى رەنجىتىپ قويمىسا بولاتتى دەيمەن.

يەنە ئەتراپتا بىر پەس تېچلىق ھۆكۈم سۈردى. مەن بوينۇمنى سوزۇپ قارىۋىدىم، قاراڭغۇدا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. قىسىلىپ ئولتۇرغان يوغان ئاچىدىن سىرىلىپ چۈشتۈم-دە، پاكارراق پۇتاققا ياماشتىم.

— سۆگەتنىڭ ئۈچىدا بىرسى بارمۇ-نېمە؟ — خالىدەم ھەدەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا يوغان پۇتاقنى تېخىمۇ

سى بەردىر ئۆتكەن كىچە سۆگەتنىڭ دالدىسىدا كىملەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى پۈتكۈل يېزا ئاڭلاپ كېتىدۇ، باشقا يەردە يالغان ئېيتسىڭىزمۇ، بۇ سۆگەت تۈۋىدە يالغان ئېيتىشىڭىزغا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يوشۇرماي ھەقىقەتنى ئېيتىڭ، مۇشۇ سۆگەتنىڭ سېھىرلىق سىرى بارغۇ دەيمەن ياكى سۆزلەيدىغان تىلى بارمۇ؟

— بىلمىدىم.

ئۇلار يەنە جىم بولۇشتى، مەن سۆگەت ئۈستىدە تۇرۇپ، تاڭغا چىشلىۋالغاندەك ئولتۇرغان ۋاقاس ئاكامغا رەنجىيمەن، ئالدىغا كەلگەن قىزغا پاراڭ قىلالمىسا، قانداق ئۆيلىنىدىكىن، دەپ ھەس-ھەس بولاتتىم.

قىزىق، ئەسلىدە قىزلار بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقاندا نىمە دەپ پاراڭ قىلىش كېرەككىن؟ ئەگەر ۋاقاس ئاكامنىڭ ئورنىدا مەن بولسام، سۆزنى نىمىدىن باشلايتتىم؟

ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەم سۆيۈشۈۋاتمايدىغاندۇ، دەپ بېشىمنى سوزۇپ تۆۋەن قارىدىم، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئارىلىقىدىن مۇشۇك ئۆتۈپ كەتكىدەك يىراق ئولتۇردۇ. يەنە بوينۇمنى قاقىرنىڭ بويىنىغا ئوخشاش سوزدۇم، ۋاقاس ئاكام سىلجىپ قىزغا يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ قېشىدىن بىر نەرسە ئۇچتى.

— ئاپپام بالىسى! — خالىدەم ھەدەم سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نىمە بولدى؟ — ۋاقاس ئاكامۇ قىز بىلەن تەڭ تۇردى.

— كۆز ئالدىمدىن بىر نەرسە خۇددى ماڭا ئورۇلىدىغاندەك ئۇچۇپ ئۆتتى.

بىلەن تەڭ تۇرۇپ كەتتى.

— قايسىڭ بۇ؟ — تەمتىلەپ ئورنىدىن تۇرغان ۋاقاس ئاكام مېنى ئاستا سىپاپ كۆرۈۋاتىدۇ.

— مەن، سەمەت.

— سەمەت؟!

— كېچىلەپ سۆگەتنىڭ ئۈستىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — ۋاقاس ئاكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ماڭا جان كىرگەندەك بولدى.

— باللار بىلەن مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئوينىغان. ئۇلار مېنى تاشلاپ كېتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ قورقۇتقان بارمۇ؟ سەمەت... مۇنداق قورقۇتساڭ ئاكاڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم بۇ سۆگەتنىڭ قېشىدا ئولتۇرمايمەن.

خالىدەم ھەدەم مېنىڭدىن رەنجىگەندەك ئەمەس، ئۇ بۇ سۆزنى تولىمۇ يېقىملىق ئېيتتى.

— مۇشۇك ياپىلاقتىن قورقۇپ كەتتىم، — ئاغزىمغا شۇنىڭدىن باشقا سۆز چۈشمىدى.

— سەنمۇ ئاپاڭغا ئوخشاش مۇشۇك ياپىلاقنىڭ قاغىشىدىن قورقىدىكەنسەن، — خالىدەم ھەدەم كۈلگۈلۈك، ئېچىلىپ سۆزلىمەكتە.

— يەرگە قاتتىق چۈشمىگەنسەن؟ — ۋاقاس ئاكام قولۇمنى تۇتتى.

— ياق.

— ئۇنداق بولسا ئۆيۈڭگە بېرىپ ئۇخلا. ئەمما بىزنى كۆرگىنىڭنى بىرىگە ئېيتقۇچى بولما.

— ماقۇل. — مەن ئۆي تەرەپكە ماڭدىم. تالدا ئۇزاق

مەھكەم قوچاقلىدىم.

— كېچىلەپ ئادەم نېمە قىلسۇن، بەلكى قاراڭغۇدا قونۇۋالغان قۇشلار ئۇچۇپ يۈرىدىغاندۇ.

ئىككىسى خۇددى مېنىڭدىن سىرىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك بۆلەكچە پەس ئاۋازدا سۆزلەشمەكتە.

بىر چاغدا ھەر ئىككىسى جىمىقتى. كەچكى بىر ياخشى دەقىقىنى بۇزۇپ، خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ بېغىدا مۇشۇك ياپىلاق ھۇلىدى. ئاپام مۇشۇك ياپىلاقنىڭ ھۇۋلىشى شۇملۇق-نىڭ ئالامىتى دەيدىغان. مۇشۇك ياپىلاق مۇشۇ سۆگەتنىڭ دالدى-سىدىكى ئىككى ياشنىڭ ئۇتتۇرىسىغا چۈشكەن ئىسسىقچىلىقنى سوۋۇتمىسا بولاتتى دىدىم.

— سىز راستلا مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى قۇشنىڭ ھۇلىغىنىدىن ئۈيىقۇسىنى ئاچ-قاندەك خالىدەم ھەدەم.

— راست بولمىسا خەت يازاتتىممۇ؟ — ئۇلار تېچ بولدى. بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ مەن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

ئىككىسى سۆيۈشۇۋاتمايدىغاندۇ دەپ يەنە ئىڭىشىپ تۆۋەن قارىدىم. ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. يەرگە يېقىن يوغان پۇتاققا ئولتۇرماقچى بولۇپ، سىرىلىپ چۈشكەندە مېنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك يەنە مۇشۇك ياپىلاق ھۇلىدى. ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىشىمغا، نېمىشقىدۇ پۇتۇم تىترەپ، باسقان پۇتاق-تىن تېيىلىپ كېتىپ، ئالدىن سىرىلىپ ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەمنىڭ ئالدىغىلا يىقىلدىم. لېكىن يەرگە قاتتىق چۈشكىنىمگە قارىماستىن، ئورنۇمدىن پوگزەككىدە ئۇخشاش سەكرەپ تۇردۇم.

— ئاپپام! — چۆچۈپ كەتكەن خالىدەم ھەدەم مەن

# 7

— ھەي، بۈگۈن يەنە خەيرىنىسا ھەدەڭلەرنىڭ بېغىدا مۈشۈك ياپىلاق ھۇلاۋاتىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ئەمەس. ئەمدى ئۇرۇش ئوتى ئۆچۈپ، كۆكۆلەر ئورنىغا چۈشەي دېگەندە بۇ نىمە قىلغان بالادۇر؟! مۈشۈك ياپلاق بىكار قونمايدۇ، خوشنىمىزنىڭ بېغىنى كۆپ ئەگىپ قالغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىر تارتقۇلۇغى بارغۇ دەيمەن. باست بىچارە كېچە-كۈندۈز تراكتۇر ھەيدەپ، يېڭىدىن تىرىكچىلىكىنى جۆندىگەندە ئامان بولسۇن، — دەپ ۋايىم قىلىشقا باشلىدى ئاپام.

ئاپام مۈشۈك ياپىلاق قونغان ئۆيدە بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەرمەي قالمايدۇ دەپ ئويلايتتىمكىن، ھەرقاچان خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ بېغىغا مۈشۈك ياپىلاق ئۇچۇپ كېلىشى بىلەن كىملەرگىدۇ يالۋۇرۇپ، مۇشۇ ئۆيگە ياخشىلىق تىلەيتتى. مۈشۈك ياپىلاق ئاپام بىلەن قېرىشقاندەك، يەرگە گۈگۈم چۈشۈشىگە خوشنىمىزنىڭ شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن ئالمىسىغا قونىدىغان.

— ئاپا، مۈشۈك ياپىلاق قونغان ئۆيدە يامانلىق يۈز بەرسە، باست ئاكاملارنىڭ بېغىدىكى ئاچچىق ئالمىغا كۆپتىن بېرى مۈشۈك ياپىلاق قونۇۋاتىدۇ، ئەمما مۇشۇ ۋاقىتقىچە ھېچبىر يامانلىق يۈز بەرمىدىغۇ؟

— تىلىڭغا تاش! بالا-قازا كۆرۈنۈپ كېلەمدىكەن؟ ئەنە مۈشۈك ياپىلاق قونۇۋېدى، بىر ئوبدان كۆكلەۋاتقان ئالما قۇرۇپ كەتتى.

— ئۇ ئۆزى يىلدىن-يىلغا قۇرۇپ قېرىۋاتقان ئالمىغۇ.

ئۆلتۈرۈپ، پۈتلىرىم كۆيۈشۈپ كەتكەن ئىكەن. مېڭىشىمغا تارتىشقا باشلىدى، سېرىلىپ يىقىلغاندا تىزىمنى تالىنىڭ قاتتىق قوۋزاقلىرى سىجاپ كەتسە كېرەك، قىزىقچىلىقتا ئاغرىقىنى سەزمىگەن ئوخشايمەن، ئەمدى ئېچىشماقتا.

مېڭىشىمنى ئاستىلىتىپ كەينىمگە قارىسام، ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەم قايتىپتۇ. يەنە مۇشۇك ياپىلاقنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى. ئۇ مېنىڭ تاماشامنى كۆرگەندەك، توختىماستىن ھۇلىماقتا. ئىچىمدە ئاپامغا ئوخشاش «قاغىشىڭ قارا بېشىڭغا تەگسۇن» دەپ مەنمۇ قاغىدىم-دە، ئەمدى ئۇنىڭ توغرىلىق ئويلىماسقا تىرىشتىم. بەزىدە غىلپال كۆرۈنۈپ كېتىپ بارغان ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەمگە قاراپ قويىمەن. بالىلىقتا ئادەمنىڭ قىزىقمايدىغان نەرسىسى يوقتە! تالنىڭ قوۋزىقى سۈرۈپ كەتكەن يەرلىرىم ئېچىشىپ ئاغرىۋاتسىمۇ ئۇلار سۆيۈشۈۋاتامدىكىن دەپ قىزىقاتتىم. لېكىن ئىككىسى بىر بىردىن يىراق كېتىپ بارىدۇ.

بۇ ئۇچرىشىش ئۇلارغا قانداق تەسىرات قالدۇرغىنىنى بىلمىدىم، ئەمما ماڭا يوغان سۆگەت تۈۋىدە بىر نەرسە كەم قالغاندەك تۇراتتى، ئىلگىرى يىگىتلەر بىلەن قىزلار ئۇچراشقاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېزىدا بىر يىل داۋامدا ئېيتىپ تۈگىتەلمىگۈدەك نۇرغۇن سۆزلەر قىلاتتى. بۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېيىن مېنىڭ سۆگەتتىن يىقىلغىنىمدىن باشقا ئەستە قالغۇدەك ۋەقە بولمىدىمۇ نىمە- دەيمەن.

بىراق ۋاقاس ئاكامنىڭ قىز بىلەن ئۇچراشقىنىغا خوشال ئىدىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، خالىدەم ھەدەمنىڭ ۋاقاس ئاكامنىڭ قوشاق يېزىشقا ئۇستا ئىكەنسىز دىگەن سۆزىنى يېنىپ - يېنىپ ئەسلىدىم.

باسىت ئاكامغا ئېيتىپ، بىرىگادىرنى ئېتىزنىڭ ھەممىسىنى تراكتورغا دەسسەتكۈزۈۋېتەيلىكىن دەيەن، بىراق دادىلا ئىككى قىلماي ئورۇنلايدىغان ئەم بىرىگادىرنىڭ ئېيتقىنىنى باسىت ئاكامنىڭ مۇخپۇلكامغا كۈچى يېتەرمۇ؟ بۇنداق چاغدا بىرىگادىرنىڭ مېيى چىقىپ تۇرىدىغان تاۋاقتەك يۈزى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. خىيالەن ئۇنى بىر نەچچە قېتىم زەنجىر تاپانلىق تراكتورغا يەنچىتىپ يوق قىلىۋەتسەممۇ، ئەمما ئۇ يۇمشاق تۇپىنىڭ ئاستىدىن چۆچەكتەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ چىقىپ كەلگەندەك بولاتتى.

مەكتەپتىن كېلىپ جوزىغا ئولتۇرۇشۇمغا بىزنىڭ ئۆيگە ئاسماندىن چۈشكەندەك باسىت ئاكام كىرىپ كەلدى. باشقىسىنى كۈتسەممۇ، قارا تاشتا قونۇپ-يېتىپ يەر ھەيدەۋاتقان تراكتورىست كېلىدۇ، دەپ ئويلىمىغان. بىر نەرسە سېزىپ قالمىغاندۇ دەپ يۈرىكىم ئەنسىرەپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدىم.

— سائەت بارمۇ؟ — دەپ ئاپامدىن سورىغان باسىت ئاكام توپ-توغرا ئۆيگە قاراپ ماڭدى. — سەن ئۆيدە ئىكەنسەنغۇ. بۈگۈن تراكتورنىڭ تېپىمگى ئۈزۈلۈپ كېتىپ شەھەرگە چۈشكەن ئىدىم، ماگىزىنغا قارىسام باللارنىڭ خويما چىرايلىق كۆينىكى تۇرۇپتۇ. ساڭا توغرا كېلەر دەپ بىرسىنى ئېلىۋالدىم.

ئېتىزدىن قايتقان پېتىچە ماي كىيىملىرىنى يەشمەيلا بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن تراكتورىستنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. ئاپام كۆرۈپ كۆينەكنى مېنىڭدىن بۇرۇن ئۈلگۈردى.

رىنىسا ھەدەم. بىراق، نىمىشقىدۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە كۆڭلۈم تارتمايتتى. ئاپام ئەتىگەنلىكى «خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ ئۆيىدىن سۈت ئېلىپ چىق» دەپ ئەۋەتسىمۇ باسىت ئاكامنىڭ ئايالىنىڭ قولىدىن سۈت ئالغۇم كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا چىنىنى كۆتىرىپ خالىدەم ھەدەملەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىمەن.

مۇخپۇلكام بىزنىڭ باغدىكى ئالمىغا ئېتىنى باغلىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى خەيرىنىسا ھەدەم بىلەن مەن تاڭ ئاتماي ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كېتىپتىمىز. خوشنىمىز ئادەتتىكىدەك، گۈلى ئاقىرىپ قالغان كۆك كۆينىكىنى كىيىپ، كالىسىنى پادىغا ھەيدەپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ ئېتىكىگە ئۇزاق قارىدىم. خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ كۈندە كىيىپ يۈرگەن كۆينىكى بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ئاقىرىپ، گۈلى ئۆچۈپ كەتكەندەك غەلىتە كۆرۈندى. ئىلگىرى ئاياللارنىڭ كۆينىكىگە مۇنداق سەپسېلىپ قارىمىغان ئىدىم. شۇ كۈنى تاكەچ كىرگىچە خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ سەل پۇكلەشكەن كۆينىكى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. دەرستە ئولتۇرغاندىمۇ كۆك كۆينەك ھەققىدە ئويلىدىم. كۆك نەرسە كۆرسەم خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ كۆينىكىگە ئوخشىتىمەن. خوشنىمىزمۇ مېنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك ئاقىرىپ قالغان كۆك كۆينىكىنى كىيىپ يۈرۈۋەردى.

بۇنىڭ ھەممىسىنى باسىت ئاكام كۆرگەن بولسا نىمە قىلاتتىكىن دەيمەن. ئادەم دىگەن قىزىق، يوق نەرسىنى ئويلاپ بېشىنى قاتۇرۇۋېرىدۇ. باسىت ئاكامنىڭ ئورنىدا مەن بولسام، خەيرىنىسا ھەدەم بىلەن مۇخپۇلكامنى تراكتورغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتەر ئىدىم... بىر تۇرۇپ كۆرگەنلىرىمە-

تەمشەلسەممۇ، لېكىن ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى. مۇشۇ قېتىم باسىت ئاكامنىڭ ئالدىدا چەكسىز گۇناكار ئادەمدەك ئىزا تارتىپ، ئۆزەمنى يوشۇرىدىغان يەر تاپالماي قالدىم.

باسىت ئاكام قەغەزگە بولاقلىق كۆينەكنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرۇپ بەك چىرايلىق كۆينەكنى قولۇمغا ئالدىم. خوشنىمىز مەن كۆينەكنى كىيگەندە كىچىك بالىغا ئوخشاش زوقلىنىپ قارىدى:

— چىرايلىقمىكەن؟

مەن جاۋاپ بەرمەي بېشىمنى لىڭشىتتىم. ھەقىقەتەن، كۆينەك ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك كەلدى.

— كىيىپ، يىرتقىلى بۇيرۇسۇن، — باسىت ئاكام ئۆيگە قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن تىلىمنى چىشلىۋالغاندەك سۆز قىلالماي قاراپ قالدىم. ئۇ «ئادەملەرگە قەلبىمنى ئېچىپ، ئىچىمدىكى بارلىق سىرىمنى ئېيتسام، ئۇلار مېنىڭدىن سىر يوشۇرىدىكەن. مەن بۇلارغا نىمە يامانلىق قىلدىم؟ ھەتتا ئۆزەم تاپقان بالامدەك ئەزىز كۆرىدىغان سەمەتمۇ مېنىڭدىن ھەقىقەتنى يوشۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ماڭا رەنجىگەندەك تۇيۇلدى. مەن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ چىقىپ كېتىپ بارغان باسىت ئاكامغا ھېچنەرسىنى يوشۇرماي ئېيتىۋېتەي دىدىم-دە، يەنە ئۆزەمنى تۇتتۇم.

ئەسلىدە بۇ ھاياتتا كۆرگەن، بىلگىنىڭنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ يېقىن ئادىمىڭگىمۇ تولۇق ئېيتالمايدىغان پەيتلەر بولىدىكەن. بەزىدە ئۆزەڭ ئوچۇق سۆزلەپ، ھەقىقەتنى ئېيتاي دىسەڭمۇ، مۇشۇنداق بىر نەرسىلەر يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. ھاياتتا كۆرگىنىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىۋەرسەك، بىزنىڭ خوشنىلىرىمىزغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ تەقدىرى

— نېمانچە ئاۋارە بولىسىز. خەيرىنىسايىم تىكىپ بەرگەن كىيىملىرى يېتىپ ئاشىدىغۇ. ئويۇن قېپى باللار كىيىمنىڭ قەدرىنى بىلەمدۇ؟! — ئاپامنىڭ سۆزىگە خوشنىمىز جاۋاپ قايتۇرماي، ماڭا قىزىقىپ قارىماقتا.

باست ئاكام شەھەرگە چۈشسە، ماڭا بىر نەرسە ئالماي قايتمايتتى. مەن ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئوغۇل بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، كىچىك باللارغا لايىق نەرسىنىڭ ھەممىسى ماڭا تالىق. ئاپامدىن كۆرە باست ئاكام بىلەن خەيرىنىسا ھەدەم ماڭا بىر نەرسە ئېلىشقا بەك خۇشتار.

ئەمما ئۇ ھەر قاچان شەھەردىن كەلگەندە ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتىم. بۈگۈن مېنىڭ ئورنىمدىن قوزغالماي ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەندە، باست ئاكام:

— نېمە، چىرايىڭ پۇچۇلىنىپلا قاپتىغۇ، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟ — دەپ مۈرەمدىن تۇتۇپ، كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىدى.

ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى كۆزۈمگە يىڭنىدەك سانچىلماقتا. ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، چەكسىز ئۈمىت باغلىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، يالغان ئېيتىش ھەممىدىن قىيىن ئىكەن. باست ئاكام مېنىڭدىن «مەن يوق چاغدا بىزنىڭ ئۆيگە كېچىسى كىم كىردى؟» دەپ سوراۋاتقاندەك بىلىندى. نېمە دېيىشنى بىلمەي، ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، تەتۈر قارىۋالدىم. تراكتورىست بىر نەرسىنى سەزگەندەك ماڭا ئۇزاق تەلمۈردى. مۇشۇ پەيتتە ئۇ ماڭا ھېچبىر يار-يۆلىكى يوق ئادەمگە ئوخشاش، بۆلەكچە مىسكىن كۆرۈندى. نەچچە قېتىم «سەن ئېتىزغا كەتكەندە كېچىسى ئۆيۈڭلەرگە مۇخپۇلكام كىرىپ قوندى» دەي دەپ

خوشنىمىز قۇساق كۆتىرىپ، بالا تۇغامدى.

## 8

— مۇخپۇلكام قاشقا جىرەننى كاردىن چىقىرىپ، قوراغا ئېلىپ كېلىپ تاشلاپتۇ. ئاتنى بېرىپ كۆردۈڭمۇ؟ — دىدىم بىر كۈنى ۋاقاس ئاكامغا قوراسىدىكى قاشقا جىرەننى كۆرۈپ قايتقاندا. — ماكار تاغامغا ئېيتىپ قايتۇرىۋالمىساق، جانىۋار ئاز كۈندە كۆتىرەم بولىدىغان ئوخشايدۇ.

بىرىگادىر ئىككى-ئۈچ قېتىم سوۋۇتماي، ئىگىرنى ئېلىۋەتكەن ئىكەن، ئات يېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتىيازلىق ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى ئاياقلاشماستىنلا مۇخپۇلكام قاشقا جىرەننى كۆتىرەم قىلىپ، ئات قوراسىغا تاشلاپ، ئۆزى بەرمىگىنىگە قويماستىن مال دوختۇرنىڭ ئاستىدىكى تۇخۇمدەك سېمىز قۇلا يورغىنى مىنىپتۇ.

— ئاۋۇ ئاتقا ئۇۋال، سەن يېتىلەپ كەل، بوغۇز بېرىپ ئۆزىمىز تۈزىمىسەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دىدى بىزنىڭ پارتىگىمىزنى ئاچىلغان كۈننىڭ ئەتىسى تۆمۈرچى.

ماكار تاغامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىز بىلەن ۋاقاس ئاكام ئىككىيلەن يۈگەن كۆتىرىپ ئات قوراسىغا باردۇق. قاشقا جىرەن كەڭ قورادا يالغۇز قاپتۇ. كۈن ئىسسىقتا باشلىغاندا ئۇنىڭ يېغىرىغا چىۋىن ئولىشىپ، جېنىغا ئازاپ سېلىۋاتسا كېرەك. ئات يۈزىنى تۈۋرۈككە سۈركەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ يېغىرىغا ئولاشقان چىۋىننى قورىماقتا. ئۇنى

نېمە بولماقچى؟!

— بىچارە باسىت ساڭا بەك كۆيىدۇ. خۇدايىم ئاشۇلارغىلا بالا بەرمىدىغۇ. ياراتقان ئىگەم بەندىسىگە شۇنداق بىر يەردىن ئېيتمايدىكەن. باسىتنىڭ بىر ئارمىنى — بالا. بولمىسا خەيرىنىسانى ئاپارمىغان يېرى، كۆرسەتمىگەن دوختۇرى قالمىدى، — دەپ ئاپام خېلى ۋاقىتقىچە ئاللاتائالاغا سېغىنىپ خوشنىمىزغا ماڭا ئوخشاش ئوغۇل ئاتا قىلىشنى سورىدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى باسىت ئاكىلارنىڭ بېغىدىكى دەرەخقە قونۇپ، شاراقلىغان سېغىزخان بۆلىۋەتتى.

— خەيرىنىسا ھەدەڭلەرنىڭ بېغىدا سېغىزخان شاراقلاۋاتىدۇ. ئەتىگەندىن بېرى بىر ئۈمۈچۈك يۇقۇرى-تۆۋەن چۈشۈپ، چىقىپ يۈرەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇلار بىر كۈنى خەيرىنىسانىڭ ئوغۇل تۇققىنى توغرىلىق خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلسە بولاتتىغۇ.

ئاپام نېمە ئويدا، مەن نېمە ئويدا. باسىت ئاكام بىلەن خەيرىنىسا ھەدەم ئۆي-ئوتاق بولغان شۇنچە يىلدىن بېرى تاپمىغان بالىسىنى سېغىزخان نەدىن ئېلىپ كەلسۇن؟! قېرىلارمۇ قىزىق-تە. خۇددى بىرىگە يالۋۇرغانغا خەيرىنىسا ھەدەم ئوغۇل تۇغىدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار بالىمىز يوق دەپ كوچىغا چىقىپ ئاھ ئۇرۇپ، قايغۇرۇۋاتمىسىمۇ ئاپام بۆلەكچە ھەسرەت چېكەتتى. بىرەرسىنىڭ «پالان يەردە تۇغمىغان ئاياللارنى داۋالايدىغان تېۋىپ بار» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالسا بولدى، خەيرىنىسا ھەدەمنى يۆلەپ دېگىدەك ئەۋەتىپ، كۆرسىتىپ قايتمىغىچە كۆڭلى ئىمىن تاپمايدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن پايدا ئاز. بەردىبىر

دۇكىنىغا كەلگىچە ھۇخپۇلكامنى قاغىدى.

ماكار تاغام دۇكانىغا ئېلىپ كەلگەن قاشقا جىرەنگە بىر ئاز قارىدى ـ دە:

ـ موشۇنداق بولارىنى مەن باشتىلا بىلگەن، ـ دەپ بازغانچىغا ئاتنىڭ يېغىرىنى قارا تۇز بىلەن يۇيۇشنى تاپشۇردى.

بۇ كۈنى تۆمۈرچى دۇكىنىغا كولخوز مەركىزىدىن رەئىس كەلدى. ئۇ ماكار تاغام بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن:

ـ بۇ يىلچە چىداڭلار، كولخوز مەركىزىدە چوڭ ماشىنا ـ تراكتور رېمونتلايدىغان ئۇستىخانا سېلىۋاتىمىز. ئۇ پۈتكەندە، ھەممە سايمانلار شۇ يەردە رېمونتلىنىپ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار يېنىكلىشىدۇ، ـ دېدى. شۇنداقلا قارا تاشنىڭ يېرىنى ھەيدەپ، بۇغداي تېرىۋاتقانلار ھەققىدە كۆپ سۆزلىدى.

ـ سىز بۇيىل بىزگە چوڭ بايلىق كانى تېپىپ بەردىڭىز، ماكار تاغا. يەر ھەيدەۋاتقان تراكتورىستلارمۇ سىزدىن بەك مىننەتدار. نەچچە يىلدىن بېرى بۇيەرنىڭ قەدرىنى بىلمەي يۈرۈپتىمىز. سىز ئېيتمىسىڭىز قولىمىزدىكى تەييار بايلىقنى كۆرمەسكەنمىز، ـ دەپ ئۇ تۆمۈرچىگە بەك مىننەتدار ئىكەنلىگىنى بىلدۈردى.

رەئىسنىڭ تۆمۈرچى دۇكىنىدا ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ، بىرنگادىر يېتىپ كەلدى. بالىلىرى ئات قوراسىغا ئوت قويۇۋەتكەنلىگى ھەققىدىكى خەۋەر ئېنىقلانغاندىن بېرى تۆمۈرچى دۇكىنىدىن ئايغى تارتىلىپ قالغان بىرنگادىر رەئىس بىلەن ئىككى قوللاپ تېچلىق سوراشتى. ئەمدى ئۇ

كۆرگەندە يىغلىغۇدەك بولغان ۋاقاس ئاكام ئەتىدىن كەچ كىرگىچە تۇۋرۇككە سۈركىلىپ، يۈگىنى چۈشۈشكە باشلىغان ئاتنىڭ تېرىسىنى يىرىك ئالقىنى بىلەن ئۇزاق سىلىدى.

— ئىنسانغا ئىچى ئاغرىمىغان بەندە ئاتنى ئايايدۇ دەمسەن. قاشقا جىرەننى يىلقىدىن ئايرىپ كۆندۈرىمىز دەپ ئۇۋالىغا قاپتىمىز، — دېدى ۋاقاس ئاكام. تۆت ئايغىدا ئاران يەر دەسسەپ تۇرغان ئات بىز يۈگەن سېلىپ كۆندۈرگەن قاشقا جىرەنگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ قوسىقى ئىچىگە چاپلىشىپ، قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئىلگىرى ئويناقلاپ، يېنىغا ئادەم يولاتمايدىغان ئات ئەمدى قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ، يېقىنرىدىكى چىۋىننى قورۇشقىمۇ ئېرىنىدۇ.

ۋاقاس ئاكام ئاتنىڭ يېغىرىنى سىغىزخان چوقۇپ ئېچىۋەتكىنىنى بايقىغاندا تېخىمۇ غەزەپلەندى. ئۇ قاشقا جىرەننىڭ بېشىنى سىلىغاندا ئاتنىڭ كۆزىگە يىغلاپ قالغان ياش ئېقىپ چۈشتى.

— قاشقا جىرەن يىغلاۋاتىدۇ! — دېدىم.

— ھىلىمۇ يىغلىمايدىكەن. تىلسىز جانىۋار دەردىنى ئېيتالمايدۇ-دە. ئەگەر ئۇنىڭ ھۇخپۇلكامدىن كۆرگەن ئازاۋنى تىڭشىساڭ سەنمۇ يىغلىۋېتەر ئىدىڭ.

قاشقا جىرەن بىزنى تونۇسا كېرەك، ئۇ تۇمشۇقىنى ۋاقاس ئاكامنىڭ قولتۇقىغا تىقىۋېلىپ، خېلى ۋاقىتقىچە جىم تۇردى.

— «ئات ئەرنىڭ قانىتى» دەيدۇ، ئۆزى مىنگەن ئاتنى مۇشۇ ھالغا يەتكۈزگەن ئەركەك باشقىلارغا نېمە ياخشىلىق قىلسۇن، — ۋاقاس ئاكام ئاتنى يېتىلەپ تۆمۈرچى

تراكتورستلارنى ئارىلاپ چىققىنىنى بىلگەندە ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتىمەن دەپ تۇتۇلۇپ قالغىنىنى سېزىپ، ھودۇقۇپ كەتتى.

رەئىس بىرىگادىر بىلەن ماكار تاغام ئىككىسى سۆزلەشكەندەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەشمەستىن، يەر ھەيدەشنى چاپسان ئاياقلاشتۇرۇش كېرەك ئىكەنلىكىنى قاتتىق ئېيتىپ، كۆپ ئىشلارنى جېكىدى.

ماكار تاغام بىرىگادىرنىڭ قاشقا جىرىنىنى كۆتۈرەم قىلىپ قويۇپ تاشلىۋەتكەنلىكى ھەققىدە رەئىسكە ئېيتامدىكىن دېگەن ئىدىم، لېكىن تۆمۈرچى بۇ ھەقتە سۆز قوزغىمىدى. ھەممىدىن قىزىقى، رەئىسنىڭ قېشىدا خۇددى دەرس تەييارلىماي كەلگەن كونى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىدەك كۆرۈنگەن بىرىگادىر رەئىس كېتىشىگە ۋاقاس ئاكامغا قامچىسىنى جۇنۇپ، ۋارقىراشقا باشلىدى.

— مۇنۇ ئاتنى سەنلەرگە كىم تۇت دېدى، ئېتىزدا سوقا-سايمان سۇنۇپ، يەر ئەكچىپ كېتىپ بارسا، بۇلار يوق نەرسىلەرنى قىلىپ يۈرگەن. بۇ يەردە كولخوز ئىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈتقان مېنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق.

بىرىگادىر تۆمۈرچى دۇكىنىدىكى ھەر نەرسىگە بىر چېپىلىپ، ماكار تاغامغا تېگىشكە ھېچبىر بانا-سەۋەپ تاپالماستىن، ئۆچىنى تالادا ئات تاقىلاۋاتقان ۋاقاس ئاكامدىن ئالماقتا.

ۋاقاس ئاكامنى تىللاپ ئاغزى ئاغرىغاندىن كېيىن، پالاسلاپ چىقىپ كەتكەن بىرىگادىر، كەچقۇرۇنلۇقى قاراتاشتىن سوقىنىڭ سۇنغان چىشلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ماكار تاغامنىڭ ئالدىغا تۆمۈرچى كۆرسۇن دېگەندەك، تاشلىدى.

تاغنى تۈزلەۋاتقان ئادەمدەك. ئاغزى بېسلماي سۆزلىمەكتە. دائىم تۆمۈرچى دۇكىنىغا كەلگەندە ئېتىنى دېۋەيلىتىپ، قامچىسىنى جۇنۇپ سۆزلەيدىغان مۇخپۇلكامنىڭ رەئىس ئالدىدا دۇدۇقلاپ يۈرۈشى، ماڭا تاياق كۆرگەندە قۇيرۇ-غىنى شىپاڭلىتىپ ئەركىلەيدىغان قورقۇنچاق ئىتلارنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ قىلىغىنى كورمىگەن ئىكەنمەن. ئادەملەرمۇ شۇنداق چاپسان ئۆزگىرىدىكەن. مەن ئىلگىرى يېزىمىزدا ھېچبىر كولخوزچىنىڭ رەئىس ئالدىدا مۇنداق يۈگرەكلەپ خوشامەت قىلىپ كەتكىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم.

— مانا، كورمەمسىز، سوقىلارنىڭ چىشى كەينى-كەي-نىدىن سۇنۇپ، توشمايۋاتىدۇ. ئۈچ-تۆت كۈندىن بېرى قارا تاشتا قونۇپ-يېتىپ ئىشلەۋاتىمىز،— برىگادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئېتى بىزنىڭ باغدىكى ئالمىغا باغلاقلىق تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىدىم. بىزنى دائىم يالغان پاراڭ قىلماڭلار دەپ تىللايدىغان چوڭ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندا بىر قىسما تۇرىدىكەن.

مۇخپۇلكام تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا باغلاقلىق تۇرغان قاشقا جىرەننى كۆرۈپ، ۋاقاس ئاكامغا چەكچىيىپ بىر قارىدى، لېكىن كىسكىرتىدىغى بوغۇلغان ئادەمدەك سۆز قىلالماي قالدى، ئۇ ئاتنى رەئىستىن يوشۇرۇشقا تىرىشماقتا.

— ھازىر قارا تاشتا يەر ھەيدەۋاتقان تراكتورىستى-لارنى ئارىلاپ قايتتىم. سوقىلار بۇزۇلۇپ توختاپ قاپتۇ. چاپسانراق بېرىپ، چارىسىنى كۆر،— يېڭىلا قارا تاشتا قونۇپ ئىشلەۋاتىمىز دىگەن برىگادىر رەئىسنىڭ يەر ھەيدەۋاتقان

ماستىن تۇرۇپ قالدى. پەقەت بىرىگادىر ئېتىنى مىنىپ، تۆمۈرچى دۇكىنىدىن يىراقلاشقاندا ئۇنىڭ بولقىسىنىڭ سەندەلگە ئۇرۇلغان ھەيۋەتلىك ئۈنى ئاڭلاندى.

— قېنى، ۋاقاس، بازغاننى قولۇڭغا ئال، — دەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى تالادىن كىرگەن بازغانچىغا مۇراجەت قىلغان تۆمۈرچى، — قاراتاشتا تۇپىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان تاشلار سوقا چىشىنى سۇندۇرۇپ، توشاتىۋاتقىنى راست. ئۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرگىچە كولخوز مەركىزىدىكى تەييار سوقا چىشلىرى يەتمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ئىككىلەن ئۇپرىغان چىشلارنىڭ بىسىنى چىقىرىپ، چاپسان تەييارلايلى.

ۋاقاس ئاكامنىڭ سالماقلىق بازغىنى سەندەل ئۈس-تىدىكى چوغدەك قىزارغان تۆمۈرگە ئۇرۇلدى.

يېزا ئوتتۇرىسىدىكى سوقما تامدىن سېلىنغان تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىققان ئاۋاز بەئەينى چوڭ تىياترىنىڭ ئوركېس-تىرىغا ئوخشاش پۈتكۈل يۇرتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئالاھىدە ئاڭلىنىدۇ. بازغان ئاۋازى سېلىنغاندىن بېرى ھاك كۆرمىگەن دۇكاننىڭ توربىسقان تاملىرىغا ئۇرۇ-لۇپ، ئاندىن جىمجىت كوچىغا، پاكار ئۆيلەرنىڭ كەڭ ھويلىلىرىغا تارىلاتتى، خۇددى يېزىنىڭ قوڭغۇرىقىغا ئوخ-شاش ئادەم قەلبىنى تەۋرىتىپ، بىر خىل ئاڭلىنىدىغان ئاۋاز قۇلىقىمغا بەك خوش ياقىدۇ. ماڭا ئۇ ئانا يۇرتنىڭ قايغۇ-مۇڭى بىلەن خوشاللىقىنى ئالەمگە جار سېلىپ ئاڭلاتقاندەك سېزىلەتتى، بازغان ساداسى ھەممىنى قايناق ئەمگەككە چاقىرىدىغان تۆمۈرچىلەر ئاۋازى. ئۇ بەلكى باشقىلارغا پەقەت بازغان بىلەن بولقىنىڭ ئۈنىدەكلا

— مەن كولخوز ئىجرائىيە كومىتېتىدا بۇ يەرنى ئۆز-
لەشتۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى بىكار ئاۋارىچىلىق
دېسەم ئۇنىمىغان ئىدىڭ، مانا كۆر، شۇنچە سايمانىنى ئۆپرد-
تىپ، جاننى قىينىغاندىن باشقا پايدا يوق. كولخوزغا
نىمە دېگەن زىيان. ھازىر يەر ھەيدەۋاتقانلا سېنى ئېغىز
چىشىغا ئېلىپ چاينىۋەتكىدەك دەرىجىگە يەتمەكتە، تىلىم
بار دەپ كۆرۈنگەن نەرسىنى ئېيتىشتىن بۇرۇن ئويلىنىش
كېرەك. — برىگادىر تۆمۈرچىنىڭ قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرۈش
ھەققىدىكى تەكلىۋىنى يۈزىدىن تەر تامچىلاپ ئاققىچە
تەگدى.

— جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق، مۇخپۇل. ھەرىنىڭ
زەھرىگە چىدىغان ئادەم ھەسلىنى يەيدۇ ئەمەسمۇ.

تۆمۈرچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا برىگادىر تېخىمۇ
كۆپسەپ كەتتى.

— ئىسسىق دۇكاندا ئولتۇرۇپ، قۇرۇق پاراڭ سالغ-
ىچە بىزگە ئوخشاش ئېتىزنىڭ سېرىق شامىلىغا مەيدەڭنى
قاقلاپ ئىشلەپ كۆر! — برىگادىر قالغان سۆزىنى دىمىغىدا
سۆزلەپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى، — شۇنداقلىغىڭدىن
نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ، قېچىپ، مۆكۈپ يۈرگەن
ئادەم-دە سەن...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا تۆمۈرچىنىڭ ئاق سېرىق
چىراپى تاتىرىپ كەتتى. ماڭا ئۇنىڭ يېرىمىنى سېرىق
بۇرۇتى يېپىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان يۈزى تېخىمۇ كىچىكلەپ
كەتكەندەك بايقالدى. مۇخپۇلكامنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى
ئاڭلىغاندا ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمگە ئوخ-
شاش بولقىسىنى تۇتقان پېتى قوللىرى تىترەپ، سۆز قىلا-

ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ غېمىنى نېمانچە يەيدۇ؟ — دەپ سورىدىم بىر كۈنى بازغانچىدىن. — بەلكى بىرىگادىرنىڭ ئېيتقىنى توغرىدۇ. تراكتورلارنى سۇندۇرۇپ، تراكتورىستلارنى قىيندىغىچە ئۇ يەردە مال ئوتلاپ يۈرۈۋەرسە بولمامدۇ؟

— سەن ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ماكار تاغامنىڭ مۇشۇ دۇكاندا ئاسماخۇن تۆمۈرچى دېگەن ئادەم بىلەن ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، — ئۇ ئادەم ھەققىدە ماكار تاغام دۇكانغا كىرگەنلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگەن. بىزنىڭ يېزىدا ئاسماخۇن تۆمۈرچىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق، مۇشۇ تۆمۈرچى دۇكىنىنى سالدۇرغانمۇ ماكار تاغام بىلەن ئاسماخۇنكام ئىكەن. ئەمما ئۇ جەڭدىن قايتماپتۇ.

— ھە، شۇ رەھمەتلىك ئاسماخۇنكامنىڭ دادىسى يۇرتنى باشلاپ چىقىپ، قارا تاشنى ساپان بىلەن ھەيدەپ، ئاشلىق تەرگەن يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى دۈشمەنلەر ئۇنى خاماندا، بۇغداي چەشلەۋاتقان يېرىدە بوغۇزلىۋەتكەن ئىكەن، — دەپ بازغانچى ئۆتمۈشنى سۆزلەپ كەتتى، — كېيىنكى ئاسماخۇنكام كولخوز رەئىسلىرىگە ئېيتىپ يۈرۈپ، بۇ يەرگە ئاشلىق تېرىش ئىشىنى ھەل قىلغانىدى، ئۇرۇش باشلىنىپ، ماكار تاغامنىڭ ئاغىنىسى قاراتاشتا ئاشلىق تېرىيالماي ئارماندا كېتىپتۇ... ئۇ يەرنى تولۇق ئۆزلەشتۈرسە پۈتكۈل كولخوز بويىچە ئالىدىغان ئاشلىقنى مۇشۇ يەردىنلا يىغىۋالغىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ. يېرى ئالامەت ياخشى دېيىشىدۇ، ماكار تاغام بىرەر ياخشى نەرسە بايقاپ قالسا چاپسانراق ئۇنى يېزا خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىنىشقا ئالدىرايدۇ.

ئاڭلىنار، ئەمما ماڭا شۇ دۇكاندا ماكار تاغام بىلەن ۋاقاس ئاكامنىڭ يۈرىكى سوقۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

ماڭا، برىگادىر كىرىپ تەگەپ چىقىپ كەتكەندە سەندەلگە ئولتۇرغان بولسا ئاۋازى ماكار تاغامنىڭ قاخشاۋاتقان يۈرەك نالىسىدەك مۇڭلۇق ئاڭلاندى. ھەر قېتىم بولغا ئۇنى چىققاندا تۆمۈرچىنى ئايىغاندەك، مېنىڭمۇ يۈرىكىم سانچىلىپ ئاغرىيدۇ. بۇ كۈنى يېزا ئادەملىرى ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، يېرىم كېچىگىچە بېسىلمىغان بولقا بىلەن بازغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، تۆمۈرچىلەرنىڭ دۇكاندىن قايتمىغىنىنى ئەسلەپ، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، مۇشەققەتلىك ئىشلىرى ھەققىدە ئۇزاق پاراڭ سېلىشتى. ئەمما كۈندۈزى ماكار تاغامغا بىر قېتىم ئەزۋەيلەپ چىقىپ كەتكەن مۇخپۇلكام قەيەردىدۇر قوسىغىنى سىپاپ يېتىپ، تۆمۈرچىلەرنىڭ ئۈيقۇ كۆرمەي ئىشلەۋاتقىنىغا «ئۇلارغا بىر تېتىدىم» دەپ ئىچىدىن خوشال بولۇۋاتقاندۇ، بەلكى.

مەن بۇ كېچىسى تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىققان ئاۋازنى تىڭشاپ يېتىپ، ماكار تاغامنىڭ قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرۈشكە بۆلەكچە جان كۆيدۈرۈپ يۈرگىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بەك قىزىقتىم، ئۇنىڭ ئىشى ئەتىگەنلىكى تۆمۈرچى دۇكىنىدىكى ئوچاقنىڭ كۆلىنى تازىلاپ ئوت يېقىپ، كۆيەك بېسىشتىن باشلىنىدۇ- دە، كەچقۇرۇنلۇغى قىزدىغان تۆمۈرنى يوغان تۇڭدىكى سوغ سۇدا تاۋلاپ، سۇۋۇتقاندا تامام بولىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇ ئىشىنىلا بىلمەمدۇ. كولخوزنىڭ ئاگرونومى بولمىغاندىن كېيىن برىگادىر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇش سالدۇرۇپ ئۇنىڭغا نېمە جاپا؟

— ماكار تاغام برىگادىر بىلەن ئېيتىشىپ، قاراتاشنى

بازغانچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ماكار تاغامغا بولـ
غان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئەمما يۇرتقا مۇشۇنداق چوڭ
ياخشىلىق قىلاي دىگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا تىكەندەك ئۇنۇ-
ۋالغان مۇخپۇلكامنى چۈشەنمىدىم.

ئەتىسى مەكتەپتىن قايتقاندا تۆمۈرچى دۇكىنىغا
كىرسەم، ۋاقاس ئاكام يالغۇز ئىشلەۋېتىپتۇ.

— ماكار تاغام نەدە؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئاغرىپ قالدى، تاڭ سەھەردە دوختۇرخانىغا
ئېلىپ كەتتى.

— تۈنۈگۈن ساپ-ساق ئىدىغۇ؟

قاراتاشتا يەر ھەيدەۋاتقان سوقىلارغا چىش ئۇلگۈر-
تىمىز دەپ كېچىچە ئىشلىگەن ئەمەسمۇ، يەنە يۈرەك
ئاغرىقى قوزغىلىپ قالسا كېرەك، دوختۇر چاقىرتساق،
ئۇنىمىغىنىغا قويماي، بالنىتسىغا ياتقۇزدى.

بىر چاغدا تۆمۈرچىلەرنى تىللاپ مۇخپۇلكام يېتىپ
كەلدى.

— ۋاقاس، ماكار تاغام نەدە؟ — بازغانچى ئۇستازىنىڭ
دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىنى ئېيتا-ئېيتماستىنلا، بىرىگادىر
كۆپسەپ سۆزلەپ كەتتى.

— پاھ، ئىش ئېغىر كەلگەندە ئاغرىپ قاپتۇ-دە. بىر
سوتكىدىن بېرى سوقىلار چىشى يوق ئاپتاپقا قاخلىنىپ
ياتىدۇ. كولخوزنىڭ ئىشى پەقەت ماڭا كېرەك.

بىرىگادىرنىڭ زەھەرلىك سۆزىنى ئاڭلىغاندا قۇيقا
چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى. شۇڭا سالجىغا ئوخشاش قېنىنى
شوراۋاتقان ئادەمگە گەپ قىلماي جىم تۇرغان ۋاقاس ئاكامـ
دىن رەنجىيمەن.



— سوقىلارنىڭ چىشلىرىنى تەييارلاپ قويدۇق، — دىدى
بازغانچى بېشىنى كۆتەرمەستىنلا.

— قېنى؟ — بىرىگادىر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك
قارىغان ئىدى، لېكىن بولۇڭدا دۆۋىلەكلىك تۇرغان چىشنى
كۆرگەندە ئۆزى خىجالەت بولۇپ قالدىمۇ، دەرھال كەينىگە
قايتتى، — ھازىر ماشىنا ئەۋەتىمەن، چاپسان قارا تاشقا
يەتكۈزسۇن.

مەنمۇ يېڭىلا ياساپ قويغان ئەللىكتىن ئوشۇق چىشنى
كۆرگەندە ئۆزەمنىڭ كۆزىگە ئۆزەم ئىشەنمىگەندەك قاراپ
قالدىم. ھەقىقەتەن، تۆمۈرچىلەر تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماپتۇ،
دىدىم ئىچىمدە. ماكار تاغامۇ بىكار ئاغرىمىغان ئىكەن.

9

يېزىدىكى يىگىتلەر بىرگە خەت توشۇتۇپ، قىزلار
بىلەن يېقىنلىشىپ، يۈزىنى ئېچىۋالاتتى-دە، ئاندىن ھەر-
خىل پاراڭ تارقىتىدىغان بىرگە ئوخشاش بالىلارغا كۆرۈن-
مەي، چەتكە قېچىشقا تىرىشاتتى. بىر بولساق بىر باشلىغان
ئىشنىڭ ئاخىرى نىمە بىلەن ئاياقلاشقىنىنى كۆرمەي تىنـ
مايتتۇق. ئادەتتە قېرى سۆگەتنىڭ دالدىسىدا سۆيۈشكەنلەر-
نىڭ ئىشى، ئۇلار بىر پۇت گورۇچ پاتىدىغان يوغان
قازاندا ئاش ئېتىپ، يۇرتقا توي قىلغاندىن كېيىنلا ئاياق-
لىشاتتى. ئەمما ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەملەرنىڭ
ئۇچرىشىشى بىر كۈتكەندەك بولمىدى.

بىر كۈنى قېرى سۆگەتنىڭ قېشىدا پاراڭلىشىپ
ئولتۇرساق، مېنىڭ بىلەن يەتتىنچى سىنىپتا بىللە ئوقۇيدى-

بازغانچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ماكار تاغامغا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئەمما يۇرتقا مۇشۇنداق چوڭ ياخشىلىق قىلاي دىگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا تىكەندەك ئۇتۇلۇۋالغان مۇخپۇلكامنى چۈشەنمىدىم.

ئەتىسى مەكتەپتىن قايتقاندا تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرسەم، ۋاقاس ئاكام يالغۇز ئىشلەۋېتىپتۇ.

— ماكار تاغام نەدە؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئاغرىپ قالدى، تاڭ سەھەردە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

— تۈنۈگۈن ساپ-ساق ئىدىغۇ؟

قاراتاشتا يەر ھەيدەۋاتقان سوقىلارغا چىش ئۇلگۈرتىمىز دەپ كېچىچە ئىشلىگەن ئەمەسمۇ، يەنە يۈرەك ئاغرىقى قوزغىلىپ قالسا كېرەك، دوختۇر چاقىرتساق، ئۇنىمىغىنىغا قويماي، بالنىتسىغا ياتقۇزدى.

بىر چاغدا تۆمۈرچىلەرنى تىللاپ مۇخپۇلكام يېتىپ كەلدى.

— ۋاقاس، ماكار تاغام نەدە؟ — بازغانچى ئۇستازىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىنى ئېيتا-ئېيتماستىنلا، بىرىگادىر كۆپسەپ سۆزلەپ كەتتى.

— پاھ، ئىش ئېغىر كەلگەندە ئاغرىپ قاپتۇ-دە. بىر سوتكىدىن بېرى سوقىلار چىشى يوق ئاپتاپقا قاخلىنىپ ياتىدۇ. كولخوزنىڭ ئىشى پەقەت ماڭا كېرەك.

بىرىگادىرنىڭ زەھەرلىك سۆزىنى ئاڭلىغاندا قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى. شۇڭا سالجىغا ئوخشاش قېنىنى شوراۋاتقان ئادەمگە گەپ قىلماي جىم تۇرغان ۋاقاس ئاكامدىن رەنجىيمەن.



— سوقىلارنىڭ چىشلىرىنى تەييارلاپ قويدۇق، — دىدى بازغانچى بېشىنى كۆتەرمەستىنلا.

— قېنى؟ — بىرىگادىر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قارىغان ئىدى، لېكىن بولۇڭدا دۆۋىلەگلىك تۇرغان چىشنى كۆرگەندە ئۆزى خىجالەت بولۇپ قالدىمۇ، دەرھال كەينىگە قايتتى، — ھازىر ماشىنا ئەۋەتىمەن، چاپسان قاراتاشقا يەتكۈزسۇن.

مەنمۇ يېڭىلا ياساپ قويغان ئەللىكتىن ئۇشۇق چىشنى كۆرگەندە ئۆز ئۆزەمنىڭ كۆزىگە ئۆزەم ئىشەنمىگەندەك قاراپ قالدىم. ھەقىقەتەن، تۆمۈرچىلەر تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماپتۇ، دىدىم ئىچىمدە. ماكار تاغامۇ بىكار ئاغرىمىغان ئىكەن.

9

يېزىدىكى يىگىتلەر بىرگە خەت تۇشۇتۇپ، قىزلار بىلەن يېقىنلىشىپ، يۈزىنى ئېچىۋالاتتى-دە، ئاندىن ھەر-خىل پاراڭ تارقىتىدىغان بىرگە ئوخشاش باللارغا كۆرۈنمەي، چەتكە قېچىشقا تىرىشاتتى. بىز بولساق بىر باشلىغان ئىشنىڭ ئاخىرى نىمە بىلەن ئاياقلاشقىنىنى كۆرمەي تىنمايتتۇق. ئادەتتە قېرى سۆگەتنىڭ دالدىسىدا سۆيۈشكەنلەرنىڭ ئىشى، ئۇلار بىر پۇت گۈرۈچ پاتىدىغان يوغان قازاندا ئاش ئېتىپ، يۇرتقا توي قىلغاندىن كېيىنلا ئاياقلىشاتتى. ئەمما ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەملەرنىڭ ئۇچرىششى بىز كۈتكەندەك بولمىدى.

بىر كۈنى قېرى سۆگەتنىڭ قېشىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، مېنىڭ بىلەن يەتتىنچى سىنىپتا بىللە ئوقۇيدى-

— ۋاي، ئۇ يۇمۇق، كالامپاي ئاكاڭنى نىمانچە ماختايسەن؟

— تېگىشەي تېچ تۇرۇڭلارا، پاراڭ تىڭشايلۇق. تېنى، قەيۇم، پارىڭىڭنى داۋام قىل، — دېدى باللار.

— باشتا مەن ۋاقاس ئاكام بۇ قىزنى زورلاپ ئېلىپ كەلدىمىكىن دېۋىدىم، ياق، ئۇلار ھەقىقىي ئاشىق-مەشۇقلارغا ئوخشاش ئولتۇرىدۇ. ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بازغانچى قىزغا پاراڭ قىلىشنى بىلمەيدىكەن.

— قوي!

— راست سۆزۈم، خالىدەم ھەدەم «ئەتىياز كۈنلىرى تاغ تەرەپتىن چىقىدىغان مەيىن شامال قانداق راھەت» دېسە، ئۇ ئاڭغا چۈشلىۋالغان ئادەمدەك ئولتۇرىدۇ.

— مەن دېدىمغۇ، قىزلارنىڭ كۆزى قارغۇ. يېزىدا مەن-مەن دېگەن نى پاراڭچى يىگىتلەر تۇرسا، تاللاپ ئالغان ئادىمىنى قارا. ئەڭ بولمىغاندا بازغانچىدا چىراي بولسىچۇ! چوڭلارنىڭ «قىزلارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېيىشىدىغىنىمۇ راست ئوخشايدۇ.

— چىرايىغا چاي قويۇپ ئىچەتتىڭمۇ؟

— بۇلارنىڭ كەپىنى تىڭشىماي ھېكايەڭنى ئېيتىۋەر.

— بىر چاغدا ۋاقاس ئاكام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويدى-دە، ئاندىن چاپىنىنى كەڭ يېيىپ، خالىدەم ھەدەمنىڭ ئاستىغا سالدى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى قەيۇم، — ئۇ مېنى بايقىمىدى. ئىككىسى چاپاننىڭ ئۈستىدە قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەللەرگە ئوخشاش خېلى ۋاقىتقىچە جىم ئولتۇردى. مەن بۇلار ئۇخلاپ قالمىغاندۇ

غان، قەييۇم:

— مەن ئاخشام بىر قىزىقچىلىق كۆرۈپ، تېخىچىلا ھەيران بولۇپ يۈرىمەن، — دېدى.

بىزنىڭ باللار بىر نەرسىنىڭ تۈۋشىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمەي قويمايدۇ.

— ھە، نىمە قىزىقچىلىق؟ — دېيىشىپ ئۇلار قەييۇمنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى.

— بىلەمسىلەر، كىم بىلەن كىمنى ئۇچراتتىم؟

— ھە، كىمنى؟ — ھەممىمىز ئاغزىمىزنى يوغان ئېچىشىپ، ئۇنىڭغا قارىشىپ قالدۇق.

— ئاخشام كەندىرلىك سايغا موزاي ئىزلەپ بارسام، ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەم ئولتۇرۇپتۇ! — تۇيۇقسىز ئېيتىلغان خەۋەر مېنى مەڭدىتىپ قويدى.

— قويغىنا!

— يالغان ئېيتسام نان تۇرۇپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، يېزىمىزدا مەن-مەن دېگەن ياخشى يىگىتلەر تۇرسا، خالىدەم ھەدەم ۋاقاس ئاكام بىلەن كەندىرلىك سايغا بارىدۇ دەمسەن، — دېدى بىر بالا.

ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەمنىڭ ئۇچراشقىنىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالغىنىغا بىر تەرەپتىن تەشۋىشلەنسەم، ئىككىنچى تەرەپتىن خوشال بولدۇم. مېنىڭ بازغانچى ئاكامنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى ھەممىسى بىلىپ قالسۇن دەيتتىم. ئەمما سۆزلىگەن بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندا غەزىۋىم قايناشقا باشلىدى.

— ھە، ئۇنىڭ باشقىلاردىن نەرى كەم ئىكەن؟ ۋاقاس ئاكامدەكلا ئادەم بولساڭ بۆكۈڭنى ئاسمانغا ئاتاتتىڭ.

قارا تاشتىكى تىراكتورىستلارغا ئاشپەز بولىدىكەن» دېگەن خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

تىرنا رىسونتلاۋاتقان بازغانچىغا بۇ سۆز تويۇقسىز ئېتىلغان ئوقتەك تەسىر قىلدى.

— نىمە دەيسەن؟! ساڭا بۇ پاراڭنى كىم ئېيتتى؟ — ئۇ شالاڭ قاشلىرىنى ئىگىز كۆتىرىپ، كىچىك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قارىدى.

— هازىر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، ئورۇن - كۆرپىسىنى ماشىنىغا بېسىۋاتقان ئىكەن. «ۋاقاس ئاكاڭغا ئېيتىپ قوي، برىگادىر مېنى قاراتاشتا قونۇپ - يېتىپ، ئاشپەزلىك قىلغىلى ئەۋەتتى» دېدى. كابىنكىدا شوپۇر سەيدەخمەت ئاكام بىلەن برىگادىر موخپۇلكام ئولتۇرۇپتۇ.

— موخپۇلكام! — ۋاقاس ئاكامنىڭ ئۆزى كۆتىرىدىغان بازغانغا ئوخشاش يوغان مۇشتۇمى تۈرۈلدى.

سۆزۈمنى ئېيتىپ ئۈلگۈرگىچە، كوچا تەرەپتىن گۈكۈرەپ كېلىۋاتقان ماشىنا تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا توختىدى. موخپۇلكام كابىنكىدىن هىجىيىپ چۈشكەندە، ۋاقاس ئاكام ئۇنى كۆرمىگەن كىشىدەك بېشىنى كۆتەرمەستىن تىرنا چىشىنى چىقىرىپ ئولتۇرىۋەردى.

— خالىدەمنى قاراتاشقا ئېلىپ ماڭدىم، ئۇياققا ئەۋەتىدىغان نەرسىلەر يوقمۇ؟ — برىگادىرنىڭ ئەتەي بازغانچىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئېيتىۋاتقان سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ كەندىرلىك سايدا ئۇچراشقىنىنى ئەسلىدىم. شۇ خەۋەر تارىمىغان بولسا، برىگادىر خالىدەم هەدەمنى قاراتاشقا ئېلىپ ماڭماسمىكىن دەيمەن.

— يوق! — ۋاقاس ئاكام باشقا پاراڭ قىلمىدى.

دەپ قاراپ قويمەن. ئاخىر ئۇلار ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتىشتى.

— قايتىشتى؟! نېمە، ئۇلار سۆيۈشمىدىمۇ؟

— سۆيۈشۈش نەدە؟ ھەتتا يېقىنراق ئولتۇرۇپ قۇچاقلاشقىنىنىمۇ كۆرمىدىم.

— ھە مانا، مەن سىلەرگە ئۇ كالامپاينىڭ قولىدىن ھېچنەرسە كەلمەيدۇ دېمىدىممۇ، — دەپ باشتا مېنىڭ بىلەن گەپ تالاشقان بالا تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، — خالىدەم ھەدەم ئۇنىڭ نېمىسىگە شۇنچە ئاشىق بولۇپ يۈرىدىكىنتاڭ؟

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەمنىڭ كەندىرلىك سايدا ئۇچرىشقىنى پۈتكۈل يېزىغا تارقىدى. بالىلار بىرگە ئىككىنى قوشۇپ، بىر يوغان سۆگەتنىڭ تۈۋىدە ئاڭلىغان سۆزلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، قانات-قۇيرۇق ياساپ تونۇغۇسىز ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. بۇ پاراڭ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدىلا يېزىدىكى بارلىق ئۆيلەرنى ئارىلاپ، كۆزگى بوغدايغا تېرنا سېلىپ، قاراتاشتا يەر ھەيدەۋاتقان تراكتورىستلار بىلەن ئېتىزدىكى ئاياللارنىڭ ئارىسىغا يېتىپ باردى.

— سىلەر نېمە سۆز-چۆچەك تارقىتىپ يۈرىسىلەر؟ ئىزا تارتمامسىلەر؟ — دېدى ۋاقاس ئاكام مېنىڭدىن رەنجىپ.

— سۆز تاراتقان مەن ئەمەس، باشقا بالىلار. سىلەر كەندىرلىك سايغا بارغاندا كۆرسە كېرەك، — ۋاقاس ئاكامغا ئوشۇق سۆز قىلمىدىم.

ئۇلارنىڭ ئۇچراشقىنى ھەققىدە سۆز تارىلىپ، بىر ئىككى كۈن ئۆتمەيلا تۆمۈرچى دۈكىنىغا «خالىدەم ھەدەم

ئىلگىرىكىدەك قاتۇرۇپ قويغان تاشقا ئوخشاش ئولتۇرماس دەيمەن. ئۇنىڭ رەپتارىمۇ باشقىچە. ئەمما ۋاقاس ئاكام بىلەن قىرىشقاندەك، ئۇ كۈنلەر قايتىپ كەلمىدى.

— خالىدەمنى مۇنداق چاپسان ئۆزگەرەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى ۋاقاس ئاكام بىر كۈنى ئىككىمىز كەندىرلىك سايدىن قايتقاندا.

— ئۇنىڭدىن نېمە رەنجىيسەن. ھەممە بالانى تېرىدۋاتقان سۇخپۇلكام ئەمەسمۇ. بىرىنگادىر بارىسەن دېگەندىن كېيىن خالىدەم ھەدەمنىڭ بارماسقا ئىلاجى قانچە؟!

— ئۇ دېگىنىڭمۇ راست.

ۋاقاس ئاكام ئەمدى بار ئۆچىنى سەندەلگە قويۇلغان تۆمۈردىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇنى پوخادىن قانغىچە ئۇرۇپ يەنچىپ، پەقەت خەيرىنىسا ھەدەم تىكىپ بەرگەن ھاۋارەڭ كۆينەك قارا تەرگە چىلانغاندىلا يۈز-كۆزىنى يېڭەگە ئېرتىپ، بازغاننى يەرگە تاشلايتتى. شۇ چاغدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، بىر ئاز ھاردۇق ئالغاندەك بولىدۇ.

ئۇ ھېچقاچان بېشىغا چۈشكەن قايغۇ-مۇڭىنى باشقىلاردىن كۆرۈپ رەنجىمەيدۇ. پەقەت ھەممىسىنى كۆزىنىڭ ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن بولىۋاتقان كېلىشمەسلىكلەر دەپ بىلەتتى-دە، ئىچىدىن ھەسرەت چېكەتتى. بولۇپمۇ كۆزىنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىدىن قىزلارنىڭ ئالدىدا قىسىلىپ، بەك ئىزا تارتىدۇ. شۇڭلاشقا خالىدەم ھەدەم بىرىنگادىر بىلەن ماشىنىغا چۈشۈپ، قارا تاشقا كەتكەندىمۇ:

— ئەگەر ئىككى كۆزۈم ياخشى كۆرسە مەنمۇ بىر تراكتورنى ھەيدەپ، قاراتاشقا كېتەتتىم، — دەپ كۆزىنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىغا بەك ئېچىندى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلى-

برىگادىر ماشىنا كابىنكىسىغا ئولتۇرغانىدا، خالىدەم

ھەدەم:

— كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار، — دەپ قولىدىكى قىزىل كەشمىر ياغلىقنى شىلتىدى. ماشىنىغا چۈشۈپ كېتىپ بارغان قىز ماڭا خۇددى قەپەزدىكى قۇشتەك سېزىلدى.

توپا - چاڭ توزۇتۇپ ماڭغان ماشىنا تۆمۈرچى دۆكىنىدىن ئۆزاپ كەتكىچە خالىدەم ھەدەمنىڭ قىزىل كەشمىر ياغلىقى شامالدا يەلپۈنۈپ كۆرۈنۈپ تۇردى. مەن بارغانسېرى بىزدىن يىراقلاۋاتقان ياغلىقنى يوقىتىپ قويماي دەپ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قارايتتىم. ماشىنا چوڭ سايغا چۈشۈپ كەتكەندە ياغلىق كۆزۈمدىن غايىپ بولدى.

ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغان ۋاقاس ئاكامدا سادا يوق. مەن برىگادىرنىڭ خالىدەم ھەدەمنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قارا تاشقا ئېلىپ كەتكىنىگە ئىچىدە رەنجىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي غەزەپلىنىۋاتقان بازغانچىغا كاشىلا بولماي دېدىم - دە، ئۇنى خالى قويۇپ ئۆيگە قايتتىم. مۇشۇ كەتكەن پېتىم خېلى كۈن تۆمۈرچى دۆكىنىنىڭ بوسوغىسىنى باسمىدىم. بارغان بىلەن بازغانچىنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ، كۆپ نەرسىنى ئېسىگە سالىمەنمىكىن دەيمەن.

بايقاپ يۈرسەم ۋاقاس ئاكام كەندىرلىك سايغا بېرىپ، قىز ئىككىسى ئولتۇرغان يەردە ئېسىل بىر نەرسىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك بۇ ئەتراپنى كۆپ ئەگىدى. كېيىنرەك ئۇ جايغا بازغانچى بىلەن مەنمۇ باردىم. ۋاقاس ئاكام خالىدەم ھەدەم بىلەن ئۇچراشقان كۈننى كۆپ ئەسلەپ شۇ دەقىقىلەرنىڭ ئەڭ بولمىغاندا بىرەر قېتىم قايتىشىنى چوڭ تاما - دا كۈتكەندەك قىلاتتى. ئۇ كۈنلەر قايتىپ كەلسە بازغانچى

بولقىسنى قولىغا ئالدى.
— ئەتىيازنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى سىلىككىچە
ساڭا ياردەملىشىپ تۇرۇپ، ئاندىن شەھەرگە بېرىپ داۋا-
لىنارمەن، — دەپ شاگىرتىمنىڭ كۆڭلىنى ياسىغىنى بىلەن،
ھەققەتەن، تۆمۈرچىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر. ئۇنىڭ سېرىق
ئاغرىقتا ئاغرىغاندەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن ئادەم
قورقاتتى. دوختۇرخانىدا يېتىپ چىققاندا، ئوق تېگىپ يارى-
دار بولغان پۈتىنى ئاۋايلاپ ماڭىدىغان بوپتۇ.

ئادەمگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنىڭ ئۇلاردىن ئاي-
رىلغاندا بۆلەكچە سېزىلىدىكەن. ماكار تاغامنى قەدىمقىدەك
سېغىنىپ قاپتىمەن.

ئاغرىغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىكىن، ئەيتاۋۇر،
ماكار تاغام ماڭا ئىلگىرىكىدىنمۇ مېھرىۋان بولۇپ كەتتى.
بۇرۇن دۇكانغا كىرگەندە «بولقىنى ئېلىپ كەتمە، بۇ يەردە
ئوينىغىچە ئۆيگە بېرىپ دەرسىڭنى تەييارلىساڭچۇ» دەيدى-
غان تۆمۈرچى، ئەمدى مېنىڭ دۇكاندا كۆپرەك يۈرگىنىمگە
خوش. ئۆزەممۇ ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا يېشىم ئۆسۈپ،
بۇلارغا يار-يۆلەك بولۇپ قالدىم-دە! تۆمۈرچى بازغانچى-
ئىككىمىز ئوچۇن كۆيۈپ-پىشىپ يۈرەتتى.

ئۆيىمىز تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا بولغىنى ئوچۇن،
بۇ يەردىن كەتمەيتتىم، ئەمدى قولۇم بوشىسىلا ماكار تاغام-
نىڭ قېشىدىن نېرى چىقماس بولدۇم. مېنىڭ ئوچۇن
مەكتەپتىن قايتقاندا ئوينىغۇدەك يەر، قىلىدىغان ئىش
يوقتەك ھەركۈنى دۇكاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىمەن-دە،
ئاپام: «مۇشۇنى، زادى، سىلەرگە شاگىرتلىققا بېشىچە،
بېرىۋېتەيمىكىن. ئورۇن-كۆرپىسىنى ئېلىپ كېلىپ، دۇكاندا

غاندا ۋاقاس ئاكامغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۇنى ئايايتتىم.

— سىنىڭ كۆزۈڭ نېمىشقا غۇۋا كۆرىدۇ؟ — بۇ سوئال-نى بەرگىنىمگە ئۆزەم خىجالەت بولدۇم.

— بىلمىدىم، ئاپامدىن شۇنداق تۇغۇلسام كېرەك.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سەن خەت يېزىپ ئوقيالاي-سەن. قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. كۆزۈڭ كۆرمىسە بازغانچى بولۇپ ئىشلەيتتىڭمۇ؟

— بۇ كەسپتى ئۆگىنىپ قويغان ماكار تاغامغا مىڭ قەتىرە شۈكرى. بولمىسا ھاياتىمىزنىڭ ھېچبىر قىزىقى بولمايت-تى، دېگىنە ئۇكا. تۆمۈرچىلىكنى مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئىشلەۋېرىمەن. قانچە قىلغان بىلەن كىچىك چېغىمدىن ئۆ-گەنگەن كەسىپ-تە. ئەمما ھاياتتا شۇنداق ھادىسىلەر بولىدۇكى، ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى بۇزغىچە، كۆرمىگە-نىڭنىڭ ئۆزى ياخشى.

مەن تۆمۈرچى دۇكىنىدا ئولتۇرغان ۋاقاس ئاكامغا خالىدەم ھەدەمنى كۆرسۇن دېگەندەك ئەتەي ماشىنىنى توختىتىپ ئاندىن قاراتاشقا ماڭغان بىرىگادىرنى ئەسلىدىم.

10

ماكار تاغام دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى تۆمۈرچى دۇكىنىغا يېتىپ كەلدى.

— ياخشى ساقايغىچە ئۆيدە ياتمساڭ، ئىشلەيمەن دەپ زورۇقۇپ قالسەن، كولخوز ئىشى سىنىڭسىزمۇ تۈگەيدۇ، — دەپ ۋاقاس ئاكام بىرنەچچە قېتىم جىملىگىنى-گە قارىماستىن، تۆمۈرچى تېرە پەشۇلىنى ئالدىغا تارتىپ

نىڭ قاراتاشتىن شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىنى سەزدىم.

ماكار تاغام تاماكىسىنى ئوتى ئۆچكىچە شوراپ چېكىپ تاشلىۋەتتى - دە، قولىنى ئىڭىكىدىن بوشىتىپ، ئۇلۇغ تىندى.

— ئاۋۇ چاغدا سوقا چىشلىرى يوق ئىككى كۈن يەر ھەيدىمەي بىكار تۇردۇق دىگىن، — تۆمۈرچى بىر نەرسىنى ئېنىقلىماقچى بولغاندەك تىراكتورىستقا قارىدى.

— ھە، ئۈچ تىراكتور بىكاردىن - بىكار ئىككى كۈن ئاپتاپتا قاقلىنىپ تۇردى. بىز تېخى سىزنى ئاغرىپ قېلىپ، سوقىنىڭ چىشىنى ياسايدىغان ئادەم يوق بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمىز. سىزنىڭ بارلىق چىشنى ياساۋېتىپ، ئاغرىدىغىنىڭىزنى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن. ئۇ سىلەر ياساپ بەرگەن چىشلارنى ماشىنىغا سېلىپ، ئىككى كۈن شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرگەن بولسا كېرەك. مۇنداق پىكرى بۇزۇق ئادەملەرنى كۆرىدىكەنسەن، ئەمما تىراكتورىستلار تاراقلاپ يۈرىدىغان بۇ ئالىقاناتنى ھەمىشە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەيدۇ. نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىنىڭ ئادىمىغۇ، چۈشىنەر، تۈزىلەر دىگەن ئىدۇق. تۈزەلمىدى، «ياغاچ قازان دىگەن بىر قاينايدۇ»، ماكار تاغا، ھازىر تىراكتورىستلارمۇ ئۇنىڭغا چىشنى بىلەپ يۈرىدۇ.

— بىز بۇ يەردە تىراكتورلار توختاپ قالمىسۇن دەپ، ئۇخلىماي، تاڭ ئاتقىچە ياسىغان نەرسىنى ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاپىرىپ بەرمەي، قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى قارا؟ — ماكار تاغام خېلى ۋاقىتقىچە قوللىرى تىترەپ، گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە تېرىككەندە ئۇيغۇرچىغا رۇسچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، مەن تۆمۈرچە-

قونۇپ-يېتىپ كۆيەك باسسا، ئۆينىڭ ئىشى تۇرماق، ئوقۇشۇڭمۇ قارىساس بولدى» دەپ، ماكار تاغامغا شىكايەت قىلغاندىلا غودۇڭشۇپ ئۆيگە قايتاتتىم.

— بۇ يىل يەتتىنچى سىنىپنى تاماملىغاندا رەئىسكە ئېيتىپ شەھەردىن كولخوزنىڭ ياتاقخانىسىنى ئاچتۇرۇپ بېرىمىز. شۇ چاغدا سەھەت دۈكىنىمىزغا پەقەت يەكشەنبە كۈنىلا كىرىدىغان بولىدۇ.

— شۇنداق قىلسىڭىز خويما ياخشى بولاتتى، ماكاركا. مانا يېزىمىزدا ئۇن يىللىق مەكتەپ يوق، باللار يەتتىنچى سىنىپنى تاماملىغاندىن كېيىن شەھەردە تۇرىدىغان ئۆيى يوق، ئوقۇماي يۈرىدۇ. ھە، بىرىگادىرنىڭ باللىرى كىچىك بولغاچقا بۇ ئىش بىلەن چاتىقىمۇ يوق.

ماكار تاغامنىڭ سۆزى ماڭا يېقىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئاپامنى ئەگىشىپ ئۆيگە كىرگەندە باقىقا چىقىپ بىر ئاز يەر چاناتتىم-دە، يەنە تۆمۈرچى دۈكە-نىغا قاچاتتىم.

بىر كۈنى دۈكانغا كىرسەم، سوقىنىڭ سۇنغان چىشىنى تۈتۈپ، بەندىڭدا باسىت ئاكام ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قېشىدىكى ماكار تاغام ئىڭىگە تايىنىپ، تاماكىسىنى كەينى-كەينىدىن شوراپ چەكمەكتە. تاماكا ئىسى ئاستا كۆتىرىلىپ، ئۇنىڭسىزمۇ ئىسلىشىپ كەتكەن دۈكانغا تارقىماقتا. دوختۇرخانىدا يېتىپ چىققاندىن بېرى ئاماكىنى تاشلىغان تۆمۈرچىنىڭ ئۇنى قاي-تىدىن چېكىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، يۈرىكىمگە بىرسى يىڭنە سانچىۋالغاندەك بولدى. ماكار تاغامنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، سەندەلگە يۆلىنىپ تۇرغان ۋاقاس ئاكامدىمۇ ئۈن يوق. دۈكاندىكى سۆرۈن سۈكۈناتنى تىراكتورنىڭ

ئېچىپ، مۇنداق غەزەپلىك سۆزلىگىنىنى ئاڭلىمىغان. بىرىگادىر ھەتتا تەپسە تەۋرىمەس ئادەمنىڭمۇ قېنىنى قاي- نىتىپ، غەزىۋىنى قوزغاپتۇ-دە، دىدىم. تىراكتورىستى ماڭا يېزىدىكى بىرىگادىر ماڭ دىسە ماڭىدىغان، تۇر دىسە تۇرىدىغان، ئەڭ مۆمىن ئادەمدەك سېزىلەتتى. بىراق بۈگۈن ئۇنىڭ رەپتارىدىن ئىلگىرىكى كۆرۈپ يۈرگەن خوشنامنى ئۇچرىتال- مىدىم. ئۇمۇ يۇۋاش بولغىنى بىلەن، ئايرىم ئادەملەرنىڭ ھارام ئويلىرىنى سەزگەندە تېچ تۇرالمايدىكەن.

باسىت ئاكام تۆمۈرچىنىڭ يۈرىگىنى تۇتۇپ، جىم ئولتۇرغىنىنى بايقىماستىن، خۇددى كولخوزنىڭ ھىساۋات يىغىنىدا مۇنبەردە تۇرغان ئادەمدەك، قوللىرىنى شىلتىپ ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇ كولخوزدا يۈز بېرىۋاتقان كەمچىلىكلەرگە بۆلەكچە ئېچىنىدىكەن. كولخوز ئىشىغا مۇشۇنچىلىك كۆيۈ- نىدىغان ئادەم، مۇخپۇلكامنىڭ كېچىسى خەيرىنىسا ھەددەمنىڭ قېشىغا كىرىپ، يۈرگىنىنى بىلسە نىمە قىلاتتىكىن؟! باسىت ئاكام مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك يۇۋاش ئادەم ئەمەس ئىكەن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ماشىنىسىمۇ بېشىمىزغا بالا بولدى. ئىككى كۈنىڭ بىردە سەيدەخمەت ئىككىسى ئاشپەز خالىدەمنى كابىنكىغا ئولتۇرغۇزىدۇ-دە، گۆش- ياغ ئېلىپ كېلىمىز دەپ، يوقاپ كېتىدۇ.

مەن تىراكتورىستنىڭ ئاغزىدىن خالىدەم ھەددەم توغ- رىلىق سۆز چىققاندا، دەرھال ۋاقاس ئاكامغا قارىدىم. ئۇ خۇددى تايىنىپ تۇرغان سەندەلگە توك مېڭىپ كەتكەندەك، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن چاپسان تارتىۋالدى.

بازغانچى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، باسىت ئاكامغا تىكىلىپ قارىدى. تىراكتورست بازغانچىنىڭ چىرايى ئۆز-

نىڭ بارغانسېرى تامدەك تاتىرىشقا باشلىغان چىرايىغا قارىدىم. ئۇ قويۇق، سېرىق بۇرۇتىنى چاپىسان ـ چاپسانلا تولغاپ قوياتتى.
ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنە باست ئاكام بۇزدى. ئۇ ماكار تاغامنىڭ كەيپى بۇزۇلۇپ، ئاغرىنغى قوزغىلىۋاتـ ـقىنىنى بايقىمىسا كېرەك، دۇكاننى بېشىغا كىيىپ ئالايتەنلا تەگەپ سۆزلىمەكتە.
— ئۆزىنىڭ ئويناپ يۈرگىنىنى يوشۇرۇپ، «ماكار تاغام ئاغرىپ قالغاچقا، تۆمۈرچىلەر ئىشلىمىدى» دەپ، گۇنانى سىلەرگە ئارتىدۇ تېخى.
مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ماكار تاغام ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ۋاقىرىۋېتەمدىكىن دەۋىدىم، لېكىن ئۇ بېشىنى دەس كۆتىرىپ، باست ئاكامغا بىر قارىدى ـ دە، ئۇلۇك قولى بىلەن يۈرىگىنى باسقان پېتىچە گەپ قىلماي، ئولتۇرىۋەردى.
— بۈگۈنىدۇ سوقا چىشى سۇنۇپ كېتىۋىدى، يېزىدىغا يەتكىچە ئەتتەك قىينالدىم. چۆشكىچە مۇخپۇلىنى كۈتۇپ، تاقىتىم قالمىغاندىن كېيىن، قاراتاشتىن پىيادە كەلدىم، قاراتاش بىلەن بازار بەگىنىڭ ئارىلىغى پىيادە ئادەمگە يېرىم كۈنلۈك يول — شۇنچە يەردىن پىيادە كەلگەن باست ئاكامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ۋاقاس ئاكامۇ تىراكتورستقا تەلمۈرۈپ قارىۋاقتا — قانداق قىلسەن؟ باشقا ئامال يوق، ئاپتاپتا قاقلىنىپ ئولتۇرىۋەرگەن بىلەن يەر ئەكچىپ، ۋاقىت ئۆتىۋاتىدۇ... قۇرۇق ھارۋىدەك تاراقلاپ، ۋاقىرىغاندىن باشقىنى بىلمەيـ ـدىغان برىگادىرنىڭ يۈرگىنى ئاۋۇ.
مەن ئىلگىرى باست ئاكامنىڭ كولخوز ئىشىغا

سەكپارە بولماقتا.

— كوچىغا چىققىنا، بابا ماشىنىنىڭ گۈكۈرىگەن ئۈنىنى ئاڭلىنىۋاتاتتى، بەلكى شوپۇر كولخوز مەركىزىدىن دوختۇر ئېلىپ كېلەر.

بىرىگادىدىكى يالغۇز ماشىنا مۇخپۇلكامنىڭ ئىشىگىدە تۇرۇپتۇ. يېزىمىزدىكى دوختۇرنىڭ شەھەرگە كېتىپ قالغىنىنى ئۈچۈن بەك تەشۋىشلەنگەن ئىدىم، ئەمدى كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى. بىرىگادىرنىڭ ئۆيىگە كىرسەم مۇخپۇلكام بىلەن شوپۇر تاماق يەۋېتىپتۇ. بىرىگادىر كۆينىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، پۇت-قولىنى ئۇزۇن سوزغان ھالدا شىرە يېنىدا ئولتۇرىدۇ. بۇ ئۆيگە كىرمىگىنىمگە كۆپ ۋاقىت بولغان.

— ماكار، تاغام ئاغرىپ قالدى. ۋاقاس ئاكام سېنى چاپسانراق كولخوز مەركىزىدىن دوختۇر ئېلىپ كەلسۇن دەيدۇ، — دېدىم شوپۇرغا.

— ۋاھ، بىرىگادىرغا بىر ماشىنا تېگىۋىدى، ۋاقاسقا تىل چىقىپ قاپتۇ-دە. يۈگۈر-يېتىمغا ماڭىدىغان دادىسىنىڭ ئېشەك ھارۋىسى ئەمەس، بۇ دېگەن ماشىنا. شۇنداق دەپ ئېيت. ئېتىزدا تىراكتورلار سۇنۇپ، بىر قولۇمنى ئىككى قىلالمايۋاتسام، بۇنىڭ سۆزىنى قارا. ئەمدى مەمەدانىلىق قىلمىغان شۇ قاپتىما؟... بىلىمەن ئۇنى كىمنىڭ قىلىۋاتقىنىنى. مەن ئۈچ-تۆت كۈندىن بېرى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قېلەۋىدىم، بۇلارنىڭ يۈرەك-باغرى ئۆرتىنىپ كېتىپ باردۇ، — مۇخپۇلكام تىزىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ، تەر تامچىلاپ ئېقىۋاتقان مەيدىسىنى ئېرتتى.

— بۇلار ماشىنىنى ئىشەك ھارۋا دەيدىغان ئوخشايدۇ، —

گەرگىنىنى بايقىغاندا ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەددەم ھەققىدىكى بىر تاراتقان خەۋەر ئېسىگە چۈشتىمۇ، بۇ ھەقتە ئۇشۇق سۆز قىلمىدى.

ۋاقاس ئاكام خۇددى كۆزى پۈتۈنلەي كۆرمەي قالغان ئادەمگە ئوخشاش سەندەل ئورنىتىلغان يوغان كۆتەكنى تۇتۇپ، تەمتىلەپ چۆگىلىمەكتە.

كۆكۈش ئىس قاپلىغان تۆمۈرچى دۇكىنىنى سۈرۈن جىمجىتلىق باستى. ھەرقايسىمىز ئۆز ئويلىرىمىز بىلەن بەنت. مېنىڭ دۇكاندا تەمتىلەپ مېڭىۋاتقان ۋاقاس ئاكامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. مۇشۇ يەردىكىلەرنى سەكپارە قىلىپ، ئازاپلاۋاتقان مۇخپۇلكامنى تىللايمەن.

— قاراڭلار، ماكار تاغامغا بىر نەرسە بولمىغاندۇ! — چۆچۈپ كەتكەن باسىت ئاكام ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. ھەممىمىز كۆيەك باسىدىغان ئورۇندۇقتا، سول قولى بىلەن يۈرىكىنى تۇتقان پېتىچە قىيسىيىپ يىقىلىۋاتقان ماكار تاغامنىڭ قېشىغا يۈگۈردۇق.

— يۈرىكىم! — تۆمۈرچى بۇ سۆزنى ئارانلا ئېيتتى.

— ئورنىدىن قوزغىماڭلار! — ۋاقاس ئاكام ئۇستازىنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى. — قېنى، ئاستا يۆلەپ، تازا ھاۋاغا ئېلىپ چىقايلى. سەمەت، سەن دەرھال دوختۇر باشلاپ كەل.

مەن يېزىنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيگە جايلاشقان داۋالاش پونكىتىغا يۈگۈردۈم. باشقا چاغدا يۈز قېتىم چاقىرساڭ دوختۇرخانىدىن چىقمايدىغان دوختۇر، بۈگۈن قىرىشقاندەك، دورا ئېلىپ كەلگىلى شەھەرگە كېتىپتۇ.

— دوختۇر شەھەرگە كېتىپتۇ، — دېدىم مەن. ۋاقاس ئاكام نېمە قىلارىنى بىلمەي ماكار تاغامنىڭ قېشىدا

قارىغاندا شەھەرگە ماڭغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئۆزىنىڭ كۆشىنى ئۆزى يېگىدەك بولۇپ ئېرىككەن تىراكتورىست ھەريان ماڭماقتا، — چاپسانىراق بىر ئامالىنى قىلمىساق بولماس. ئات بىلەن بېرىپ بولسىمۇ دوختۇرنى چاقىرتىپ كېلەيلۇق.

ئات قوراسىغا بارسام ئۆزىنى چىۋىنغا چاقتۇرۇپ قاشقا جەرەنلا تۇرۇپتۇ، ھۇخپۇلكام كۆتىرەم قىلىپ، تاش-لىغاندىن بېرى ۋاقاس ئاكام بوغۇز بېرىپ، بىر ئاز ماغدۇرىغا كىرگۈزگەن ئاتنى تېخى ھېچكىم مىنمىگەن.

— قورادا قاشقا جەرەندىن باشقا ئات يوق، — دېدىم ۋاقاس ئاكامغا، ئۇ بىر پەس سۆز قىلماي تۇردى-دە، ئاندىن ماڭا:

— يۈگەننى ئال، قانچە قىلغان بىلەن قولىمىزدا باققان جانىۋار، بىز خىجالىتىمىزگە ياراپ قالار، باستىكا، سىلەر تاغامغا قاراپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىر دوختۇر يەتكۈزۈپ كېلىمەن، — دېدى-دە، ۋاقاس ئاكام مېنى ئەگەش-تۈرۈپ ئات قوراسىغا ماڭدى.

ياۋداق ئاتقا مىنگەن ۋاقاس ئاكام قورادىن چىقىپلا قاشقا جەرەننى بىر تىككى دېۋەتتى-دە:

— سەن چاپسانراق تاغامنىڭ قېشىغا بار، — دەپ ئات-نى چېپىپ كەتتى.

بىز ماكار تاغامنى ئۆيىگە ئەكېلىشىمىزگە كوچا تە-رەپتىن ماشىنىنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقتىم. راستلا ۋاقاس ئاكام يېتىپ كەپتۇ، ئۇ قاشقا جەرەن توختا-توختىماستىنلا يەرگە سەك-رەپ چۈشۈپ، ئات تىزگىنىنى ماڭا تۇتقۇزدى.

دەپ برىگادىرنىڭ سۆزىنى شوپۇر سەيدەخمەت ئاكام قوللاپ سۆزلىدى.

— ماكار تاغام قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدىم برىگادىرغا. ئۇ بۇ سۆزۈمگە پەرۋا قىلار ئەمەس.

— ئاغرىۋاتسا نېمە قىل دەيسەن؟ شۇنچە يىل ئەسىردە يۈرۈپ ئۆلمىگەن تاغاڭ، ئەمدى ئۆلمەس. ماشىنا يوق ۋاقىتتا قانداق قىپتىكەن ئۇلار؟ دوختۇر كېرەك بولسا، ئات ھارۋا بىلەن بارسۇن! — مۇخپۇلكامىنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ماڭا بۇ ئۆيدە تۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

يولدا كۆپىنچە سەيدەخمەت ئاكام ھەققىدە ئويلىدىم. «شۇ بولسىمۇ بىرىپ كېلەي دېمىدى» دەيمەن ئىچىمدە. ھەممىلا ئادەملەر مەنسەپ ئۈستىدە شۇنداق ئۆزگىرەمدىكىن؟

ۋاقاس ئاكام مېنى تاقەتسىز كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

— تولىمۇ كېچىكىپ كەتتىڭغۇ، بىرنەرسە تاپالمىدىڭمۇ؟

مەن برىگادىرنىڭ ماشىنىنى بەرمىگىنى ھەققىدە ئېيتقاندا، ياسىت ئاكام تېرىكىپ كەتتى.

— مۇنداق چاغدا جانغا ئەسقاتمىغان ماشىنىنىڭ كېرىكى نېمە؟

— ئېتىزدىكى تراكتورلارنى ئارىلايدىكەن، — دېدىم خوشنىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېمىن تاپقۇزماقچى بولۇپ.

— بۇ يەردە ئادەم ئاغرىۋاتسا، ئۇنىڭغا ئېتىزدا نېمە بار، زادى كولخوزغا ئادەم كېرەكمۇ ياكى تراكتورمۇ؟!

باسىت ئاكام جان ئاچچىقىدا كوچا تەرەپكە ماڭغان ئىدى، لېكىن ماشىنىنىڭ قاتتىق گۈكىرىگەن ئۈنى ئاڭلاندى-دە، كۆپ كېچىكمەي قايتىپ كەلدى.

— خەپ، كېتىپ قالدى-دە، چوڭ يولغا بۇرۇلغىنىغا

## 11

خالىدەم ھەدەم تراكتورىستلارغا ئاشپەزلىك قىلغىلى
چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇخپۇلكام كېچىسى ئېتىنى بىزنىڭ
باغدىكى ئالمىغا باغلىماس بولدى ياكى بىرىگادىر كەلسىمۇ،
ئۇنى خەيرىنىسا ھەدەم ئۆيىگە كىرگۈزمەمدىمكىن، ھەر ھالدا،
ئۇ يوقىغاندا مېنىڭ كۆڭلۈم ئېمىن تاپتى. بۇ ئىش، ھازا-
زۇل خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماجىراغا ئوخشاش پۈتكۈل
يېزىغا سۆز-چۆچەك بولۇپ تارىماستىن، كۆپۈكتەك ئاس-
تا-ئاستا بېسىلغان.

بىر كۈنى يەنە باللار بىلەن ئوينايمىز دەپ ئۆيگە
كەچ قايتتىم. كەچكى سۈكۈناتنى خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ
بېغىدىكى خۇددى سۆگەتكە ئوخشاش يوغىنىغان ئالمىغا
قونۇۋېلىپ ھۇلاۋاتقان مۇشۇك ياپىلاقنىڭ ئۈنى بۇزۇپ
تۇراتتى. بۇنداق ئىگىز ئۆسكەن قېرى ئالما باشقا باغلار-
دا يوق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ مۇشۇك ياپىلاق دائىم تاغ
تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىدىغان يولىدىكى شاخلىرى قۇرۇپ
كەتكەن بىردىن-بىر ئىگىز ئالمىغىلا قونۇۋېلىپ ھۇلاۋې-
تىپتۇ.

كەچ قايتسامۇ خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ چىرىغى
ئۆچمىگەن ئىكەن. كەچتە خەيرىنىسا ھەدەم ئاغرىپ قالمە-
غاندۇ دەيمەن.

غورونىڭ ئاستىدىن ئۆملەپ ئۆتۈپ ھويلىغا كىر-
دىم. قۇلىغىمغا، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىقىراپ ئىش-
لەۋاتقان بىرخىل ئۈنگە ئاھاڭداش، خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ

— تاغامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— بىر خىلدا ياتىدۇ.
ئۇ ھويلا تەرەپكە ماڭدى.
— ئىرچقاندەك بىرىپ كەپسەن. بالىلىققا يارىدىنىڭ
جۇمۇ، — دەپ ھويلىدىكى قىرىلار ۋاقاس ئاكامنى ماختىدى.
ماقتا.
ئۆيگە كىرگەن دوختۇر قايتىپ چىققاندا ھەممىمىز
ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتۇق.
— يېرىم سائەت كېچىككەن بولساق ماكار تاغامدىن
ئايرىلىپ قالاتتۇق. ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەپسەن، — دوختۇر
بازغانچىغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈردى.
— يەنە يۈرىكى ئاغرىپ يىقىلىپتۇ، ئۇيگە باشقا ئادەم
كىرگۈچى بولمىسۇن. ئۇكۇل سېلىپ قويدۇم، بىر ئاز
جىم يېتىپ، ئارام ئالغاندا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىمەن.
دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان قىرىلار ۋاقاس ئاكامنى تېخىمۇ ماختاشتى.
— ماڭا ئەمەس، مۇنۇ قاشقا جىرەنگە رەھمەت ئېيتىڭلار، ئۇ بولمىسا مەن ھېچياققا بارالمايتتىم.
ھەممە مەن تۇتۇپ تۇرغان قاشقا جىرەنگە قاراشتى.
ئىككى قولتۇغى بىلەن بويندىن ئاق كۆپۈك چىقىپ، تەرلىگەن قاشقا جىرەن خۇددى تۆمۈرچى دۇكىنىدىكى كۆيەككە ئوخشاش پۇشۇلداپ دەم ئالماقتا. ئۇ قىزىپ كەتكەنلىكتىن بىر جايدا تۇرالمايتتى.
— ھە، «ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى-بۇرنۇڭنى قان قىلىدۇ، مالنى باقساڭ ماي قىلىدۇ» دىگەن مۇشۇدە، — دەپ باستى ئاكام قاشقا جىرەننى بۆلەكچە ماختىدى.

ئۇ ئالدىغا دۆۋىلەكلىك تۇرغان رەختنى بىر چەتكە
سىرىپ قويۇپ، باياتىن تىكىۋاتقان نەرسىنى ماشىنىدىن
چىقىرىپ، ئىگىز كۆتىرىپ، كۆپ قارىدى.

چىرايلىق رەختتىن تىكىلگەن بالىلارنىڭ بىريوكسى
ئىكەن. ئۇ ماشىنىمۇ بەك يېقىپ كەتتى. خەيرىنىسا ھەدەم
ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئۆزى زوقلانغاندەك، خېلى ۋاقىت-
قىچە بىريوكنى ئۆرۈشتۈرۈپ قارىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىككى
قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ، مەيدىسىگە بېسىپ، بىر ئاز جىم
تۇردى. پەقەت بىريوكنى قاتلاپ، ماشىنىنىڭ چېتىگە قوي-
غاندىن كېيىن كېرىلىپ-سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە،
تامغا ئېسىقلىق يوغان تاش ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆز چىرا-
يىنى دەسلەپ كۆرۈۋاتقاندەك سەپسېلىپ، بۇدرۇق قول-
لىرى بىلەن يۈزىنى سىپاپ، بېلىنى تۇتۇپ، قوسىغىغا قارى-
دى. بىر چاغدا ئۇ كەڭ پىرلەڭكە كۆينىكىنى سېلىۋېتىپ،
ئىچ كىيىمى بىلەنلا ئەينەك ئالدىدا تۇردى، ھېچكىم بايقى-
مايدىغان قاراڭغۇ سۇپىدا تۇرسامۇ ئىزا تارتىپ كەتتىم.
خەيرىنىسا ھەدەم كۆينىكىنى يېشىۋەتسە ئىنچىكىلەپ، ئاپپاق
پاقالچاقلىرى ئۆزىراپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن،
چۇۋۇلغان تۇم قارا چېچى ئاق مۈرىسىگە چۈشۈپ، كەڭ
يېيىلغان. ئاياللارنىڭ ھەممىسى يېشىنسە مۇشۇنداق چىراي-
لىق بولۇپ كېتەمدۇ ياكى بىزنىڭ خەيرىنىسا ھەدەملا شۇن-
داقمىكىن، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆزگىچە چىرايلىق كۆرۈندى.
مەن خالىدەم ھەدەم بىلەن بىزنىڭ يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇي-
دىغان تىللاقىزنى ئەسلىدىم. تىللاقىز چىرايلىق بولغىنى بىلەن
مەيدىسى رەندىلەپ قويغان تاختايغا ئوخشاش توپ-توز. خەي-
رىنىسا ھەدەمنىڭ مەيدىسىزە... ماڭا ئۇنىڭ مەيدىسى ئاخىر-

ئاستا ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. دەرىزىگە قويۇلغان بىر تەشتەك گۈل ئارىسىدىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماي بايرىمى يېقىنلاشقانلىقتىن ماشىنىچىنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە رەخت دۇۋلىنىپ كېتىپتۇ، خوشنىمىز ماشىنىدىن بېشىنى كۆتەرمەي بىر نەرسە تىكمەكتە، ماڭا خەيرىنىسا ھەدەم بىلەن ئۆي ئىلگىرىكىگە قارىغاندا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. بۇرۇن ھويلىدىكى قايسى نەرسىنىڭ قەيەردە تۇرغىنىنى خەيرىنىسا ھەدەمدىن كۆرە مەن ياخشى بىلەتتىم. باستى ئاكام قارىغاي چەگىزە بىلەن يېپىلغان لەمپىنىڭ تورۇسىغا تراكتور ئاپچاسلىرىنى خۇددى قالغاچ ئۇۋا سالغاندەك قىستۇرۇۋېتەتتى-دە، ئاندىن تاپالماي، مېنىڭدىن سوراپ يۈرىدىغان. مۇخپۇلكام بىلەن خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەدىن كېيىن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە يات كۆرۈنىدىغان بولدى.

خەيرىنىسا ھەدەم ئاق گۈللۈك كۆينەك كىيىۋاپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ ماڭا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆزگىچە سېزىلدى. بىراق مۇخپۇلكامنىڭ مۇشۇ ئۆينىڭ كىگىزىدە ئولتۇرغىنىنى ئەسلىسەم، ياخشى ئويلىرىم بىت-چىت بولىدۇ.

كۆز ئالدىمدىن شەپەرەك ئۇچۇپ ئۆتكەندە چۆچۈپ كەتتىم، ئۇنىڭ قاناتلىرى دەرىزە ئەينىكىگە تەككەندە خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ غىڭشىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ئۈزۈلۈپ، ماشىنىنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ئۇمۇ چۆچۈپ كەتسە كېرەك، دەرھال دەرىزىگە قارىدى.

خەيرىنىسا ھەدەم يېڭىۋاشتىن ماشىنىسىنى ماڭغۇزۇۋېدى، يىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى.

خوشنىمىزنىڭ كەچكى گۈزەل قىياپىتى، خۇددى رەسىمگە چۈشۈرۈۋالغاندەك كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. نىمىشقا چاقىردىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەي دىسەم، ئاپام بەك ئالدىراتماقتا.

كىچە مەن كۆرگەن ئاق گۈللۈك پىرلەنكە كۆينەك كىيگەن خەيرىنىسا ھەدەمنى ھويلىدا ئۇچراتقاندا، يۈزۈم كۆيۈۋاتقاندەك ئىسسىپ كەتتى.

— ئەتىگەن كىرسەم، ئۇخلاۋېتىپسەن، — دەپ خەيرىنىسا ھەدەم مېنى ئۆيگە باشلىدى، — مەن ساڭا كىچىكچە بايراملىق بىريۈكا تىككەن ئىدىم. شۇنى كىيدۈرۈپ كۆرەي دەپ چاقىرتقان.

مەن دەرھال كىچە خەيرىنىسا ھەدەم مەيدىسىگە ئۇزاق بېسىپ تۇرغان بىريۈكنى ئەسلىدىم، ئۇكىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدىكى يېڭىلا يىگىندىن چىققان بىر يۈكنى قولىغا ئېلىپ بويۇمغا ئۆلچىدى.

— قېنى، كىيىپ كۆرگىنە، — خەيرىنىسا ھەدەم مېنىڭ بىريۈكامنى سېلىشقا ئىزا تارتىپ، خىجالەت بولىۋاتقىنىمنى سەزدى ئەتىمالىم.

— سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، يىل دىگەن ھەش-پەش دىگىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ يىل يەتتىنچى سىنىپنى تاماملاپ، شەھەرگە بېرىپ ئوقۇيسەن. ماكار تاغام سىلەرگە شەھەردىن ياتاقخانا ئاچتۇرۇپ بېرىمەن دەپ ھازىردىن باشلاپ كولخوز رەئىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ يۈرىدۇ. ئۇ ياخشى ئادەم، تۆمۈرچىنى رەنجىتمەسلىك كېرەك. يېزىدا ئوقۇماي، لاغايلاپ، بوش يۈرگەن باللارنى كۆرسە ئۇنىڭ ئاچچىغى كېلىدۇ. ئوقۇشۇڭنى تاماملىغىچە لەڭلا قىلىپ

قى ۋاقىتلاردا تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك سېزىلدى. ھەربىدىن قايتقان يىگىتلەرنىڭ قىزلارنىڭ مەيدىسىنى ماختاپ، پاراڭ قىلىشى بىكار ئەمەس ئىكەن.

ئاغزىمنى ئېچىپ ھاڭقېتىپ قالسام كېرەك، كېكىرتەكلىرىم قۇرۇپ كېتىپتۇ. خەيرىنىسا ھەدەم تېخىچە ھەريان ئايلىنىپ ئەينەككە قارىماقتا.

بىر چاغدا ئۇ چىراقنى ئۆچۈردى-دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى. مەن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، سۆپىدىن چۈشتۈم-دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

لېكىن ئوغۇل بالىنىڭ بىر يوكسىنى مەيدىسىگە بېسىپ، دائىم قوسىغىنى سىپاۋەرگەن خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ گۈزەل قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن كەتسۇنمۇ؟! بۇ كېچىسى نىمىشقىدۇ مەن ئۇنى بۆلەكچە ئايىدىم.

يەكشەنبە كۈنى كۈن ئاغامچا بويى كۆتىرىلگەندە ئويغاندىم.

— بۈگۈن دەم ئېلىشقۇ، ئۇخلاۋىرسۇن دەپ ئويغاتمىدىم، ئۆزەڭمۇ كەچ ياتتىڭ، ئوغۇل بالا دىگەن بالدۇر يېتىپ، ئەتىگەن تۇرۇشى كېرەك، — دىدى ئاپام، — خەيرىنىسا ھەدەڭ ئەتىگەندە ئىككى قېتىم كىرىپ سېنى سوراپ چىقىپ كەتتى.

— نىمە قىلىدىكەن؟ — خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ئاخشام بىر نەرسە بولمىغاندۇ، دەپ تەشۋىشلەندىم.

— مەن نەدىن بىلەي، كولخوز ئىشىنى ئاز دەپ، بايرام يېقىنلىغانسېرى، ئادەملەر ئۇنىڭغا كۆينەك تىكتۈرۈپ، ئارام بەرمەيدىغان بولدىغۇ.

تۇغۇپ كۆرەي، — ئەمدى خەيرىنىسا ھەدەم قېشىدا مېنىڭ تۇرغىنىمنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمدەك، ئىلگىرى-كېيىن ماڭا ئېيتمىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۆزىچە بىر نەرسە دېمەكتە، — بارمىغان يېرىمىز، كۆرۈنمىگەن دوختۇرىمىز قالمىدى. بەزىدە ئۈمىت قىلىپ، يامان يولغىمۇ ماڭىدىكەن كىشى... باشتىنىڭ ئەرلىك نومۇسىغا شەك كەلتۈرىدىغان ئىشلارنىمۇ باشتىن كەچۈردۈم. مۇشۇ-نىڭ ھەممىسى ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىسسىقچىلىق سال-غىدەك بالا بولۇپ قالامدىكىن دىگەن ئوي... بىزگە قارد-غاندا سىنىڭ دىلىڭ پاكقۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى تۇرۇپ، «خەيرىنىسا ھەدەمگە بىر ئوغۇل ئەۋەت» دەپ تىلە!

خەيرىنىسا ھەدەم مېنى مەيدىسىگە بېسىپ ئۇزاق يىغلىدى. مەن ئۇنى بەزلەشكە چامىم يەتمىگەنلىكتىن، نىمە قىلارىمنى بىلمەي، شۈدىيىپ ئۆرە تۇرىمەن. ئاخىرى ئۇمۇ ئالدىدا تۇرغىنى ئۇنىڭغا ھېچبىر ياردىمى تەگمەيدى-غان كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى سەزدىمۇ، كۆز يېشىنى ئېرتىپ يىغىسىنى توختاتتى. مەن يېڭى تىكىلگەن بىريۇكامغا خوشال بولۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ مەنمۇ ئاپامغا ئوخشاش ئەتىگەنلىكى سېغىزخان شاراقلىسىمۇ، تورۇستىن ئۆمۈچۈك چۈشسىمۇ، ياخشى چۈش كۆرسەممۇ، ھەممىسىنى ياخشىلىققا ئورۇپ، خوشنىمىز خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ ئوغۇل تۇغۇشىنى تىلىدىم.

ئەمما تىلىگەن بىلەن سەۋەپ بولمىسا بىكار ئىكەن. مەن قانچە تىلىمەي، خوشنىمىز ئىلگىرىكىدەك بىر خىل يۈرۈۋەردى. يەرگە گۈگۈم چۈشۈپ، كۆز باغلانغاندا،

بۈيۈك ئۆسۈپ، يىگىت بولۇپ قالسەن. ئاندىن ئاپاڭ ئىككىمىز، سەن ئارمىيىدىن قايتقاندا، بوپىمىزنى كۆتىرىپ، توي قىلغىلى داغىمىز، ئىش قىلىپ بالا تۇغۇلسا، چوڭ بولۇپ قالىدىكەن،— ئۇنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىدى، مەن خوشنىمىزنىڭ كۆڭلىنى بۇزماي دىدىم-دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ يېڭى بىريۈكنى كىيدىم.

— ھە مانا، چوڭ يىگىت بولۇپ قالدىڭ، بېرى كەل-گىنە.— ئۇ مېنىڭ بىريۈكامنىڭ كەينىنى جۆندىدى.

— ئۆزەڭگە ياقامدۇ؟

خەيرىنىسا ھەدەم مېنى ئايلاندۇرۇپ ئۆزىگە قاراتتى-دە، مەھكەم قۇچاقلاپ، يۈزۈمنى مەيدەمگە يېقىپ بىر ئاز تۇردى. بۇرۇن ئۇنىڭ قۇچاقلىغىنىغا ئىزا تارتمايتتىم، بۇ قېتىم ئۆزەمنى تىرەجەپ چەتنىدىم. تېخىچە كۆز ئالدىمدىن كېچە كۆينىگىنى يېشىۋەتكەن خەيرىنىسا ھەدەم كېتەر ئەمەس.

— ئېيتقىنا، سەمەتجان، خۇدايىم ماڭا نىمىشقا ساڭا ئوخشاش ئوغۇل بەرمەيدۇ؟ — دەپ ئۇ مېنى خېلى ۋاقىتقىچە قۇچاقلاپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىۋەتتى،— تىرىك جانغا يامانلىق قىلغان بەندە ئەمەستىمغۇ. قايسى گۇنايىمىز ئۈچۈن بىزنى شۇنچە قىينايدۇ خۇدايىم. كېرەك دىسە باسسەت ئىككىمىزنىڭ ھەممە نەرسىمىزنى ئالسۇن. كۆزىمىز كۆرمەس بولۇپ، پۇت-قوللىرىمىزدىن ئايرىلساقمۇ، زادى بىر بالا بەرسۇنچۇ. سەنمۇ تىرىك بەندىغۇ. ياراتقان ئىگەمگە يالۋۇرۇپ، بىزگە بىر ئوغۇل سوراپ كۆرگىنە، ھەقىقەتەن ئۇ بار بولسا، بەلكى سېنىڭ پاك تىلىگىڭنى ئورۇنلار. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش قوساق كۆتىرىپ، بالا

— ئۇلارنىڭ نەدە يۈرگىنىنى بىلىش ئۈچۈن مېنى
پال ئاچتى دەمسەن. نەگە كەتسە، شۇ ياققا كەتمەمدۇ، —
دەپ غەزەپلىك سۆزلەپ جاۋاپ قايتۇرغان ۋاقاس ئاكام
ئۆزىچە غۇدۇڭشىپ، دىمىغىدا بىر نەرسىلەرنى دېدى - دە،
ئاندىن ئاتنى دېۋىتىپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆشۈپ كەتتى.
ئۇ جىم بولۇۋېدى، مېنىڭ ئىچىم پۇشۇشقا باشلىدى. ۋاقاس
ئاكامنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغان مەنمۇ ئويىغا چۆمدۇم.
بازغانچىدىن خالىدەم ھەدەم ھەققىدە سوراي دېدىم - دە،
تۆمۈرچى دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاندىن بېرى كۆڭلىنىڭ
ئارامى يوق ئاكامنىڭ يۈرىگىنى مورلاپ تۇز سەپمەي،
دەپ سۆزنى باشقا تەرەپكە بۇرىدىم.

— ھەي، ۋاقاس ئاكا، بىرىگادىرنىڭ مۇشۇنداق قىلىپ
يۈرگىنىنى باشقىلار بىلمەمدۇ. بىزنىڭ كولخوزدا زادى
ئۇنىڭغا چارە كۆرگىدەك ئادەم يوقمۇ. يېزىدا بولسا ماكار
تاغام ئىككىلارغا كۆن كۆرسەتمەيدۇ، ئېتىزدا قىلىۋاتقىنى
مۇنۇ، دېگىنىنى قىلىپ، زامان شۇنىڭلا بولدىغۇ، — دېدىم
كۆيۈمدىن بېرى جاۋاپ تاپالماي، كۆڭلۈمنى قىيناپ يۈرگەن
سوئالنى ئېيتىپ.

— ئۇ دېگىنىڭمۇ راست، ئۇكا. مۇخپۇلكامنىڭ مۇشۇن-
داق ئالىقانات ئىككەنلىگىنى بىزنىڭ يېزىدىكىلەرلا ئەمەس،
پۈتكۈل كولخوز بىلىپ كەتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ قانچىلىك
ئىنسان ئىككەنلىگى بىرىگادىرلىق قىلىۋاتقان ئاخىرقى ئىككى
يىلدىن بېرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. ئەمما بەزىلەر،
ئاشۇنداق مەنسەپ تېگىپ قالسا، ئالدى - كەينىگە قارىماي
بىر مەزگىل تاراقلاپ كېتىدىكەن. ئۇلار باشلىقلارنىڭ
ئالدىدا بىر تۈرلۈك، خەلقنىڭ ئالدىدا بىر تۈرلۈك پاراڭ

يېزىدا باشقا قونىدىغان دەرەخ يوقتەك، ئۇلارنىڭ بېغىدىكى شاخلىرى قۇرۇشقا باشلىغان سۆگەتكە ئوخشاش يوغان ئالمىدا پەيدا بولىدىغان مۈشۈك ياپىلاقنىڭ ھۇلىشى توختىمىدى.

12

باست ئاكامنى تراكتور بېسىۋاپتۇ دىگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئاپامنىڭ تەشۋىشى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ئاخىرقى ۋاقىتلاردا باستلارنىڭ بېغىغا قونىغان مۈشۈك ياپىلاق بەك ھۇلاپ كېتىۋىدى، مانا ئەمدى، ئۇنىڭ بېشىنى يەپ تىندى، — دەپ ئاپام كايىشقا باشلىدى. — بالا-قازا مۇشۇلارنىڭ ئۆيىنى ئەگىپ قالغان. باست نىمە قىلغان كاژ تەلەيكىنتاڭ.

بۇ كۈنى بازاربېگىدىكىلەر قاراتاشقا كۆچۈپ دىگىدەكلا چىقتى. ۋاقاس ئاكام ئىككىيلەن ئات قوراسىدىن تۇتۇپ كەلگەن قاشقا جىرەنگە مىنگىشىپ قاراتاشقا شەھەردىن «چاپسان يادرەم» ماشىنىسىنى چاقىرتقىلى كەلگەن تراكتورىست بىلەن بىللە باردۇق.

— مانا كۆردۈڭمۇ، ئالدىنقى كۈنى ساڭا ئىشقا باردىمەن دەپ، ئۇن بەش مىنۇت ماشىنىنى بېرىشكە قىيمىغان ئادەم تېخىچە قاراتاشقا كەلمەپتۇ، — دەيتتى بازغانچى.

— نىمە دەيسەن، مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىرىگادىدىكى يالغۇز ماشىنىنى قۇرۇق تاراقلىتىپ، نەدە يۈرۈشى مۈمكىن؟

ئاكامنى تراكتۇر بېسىۋالدى. بۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش كول-خوزغا ئاسان چۈشۈۋاتقىنى يوق، ئۇكا.

— ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-قازا مۇخپۇلكامنىڭ بېشىغا كەلسە بولغان، — دېدىم مەن.

— ئۇنىڭغا يامانلىق تىلەپ نېمە قىلاتتىڭ، چۈمۈلە بولسىمۇ ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپ، كۈنىنى كۆرسۇن. ئارتۇقلۇق كىمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلسا، ئازاۋىنى پەقەت شۇ تارتىدۇ-دە. ھەر كىمنىڭ ئۆز بېشىغا كەلگىنىنى كۆرمەككە ئامالى يوق.

مەن دائىم مۇخپۇلكامنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپلىنىپ يۈرگەن ۋاقاس ئاكامنىڭ بىرىگادىرغا رەھىمى كېلىپ دېگەن سۆزىدىن رەنجىدىم.

— ئادەملەر ئۆلۈشۈپ كېتىپتۇ. باست ئاكام ئامان بولسا ياخشى ئىدىغۇ، — بىز تراكتۇر غۇلىغان يەرگە يېقىنلاشقاندا ۋاقاس ئاكام قاشقا جىرەنىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتى.

چوڭ ساينىڭ قاپتىلىدىكى دۈم كۆمتۈرۈلگەن تراكتۇرغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنى چۆرىدەپ يۈرگەن ئادەم كۆپ. بىز يېتىپ كەلگەن چاغدا باست ئاكامنى شەھەردىن چىققان «چاپسان ياردەم» ماشىنىسىغا سېلىۋاتقان ئىكەن. باست ئاكامنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدىم. ئۇنىڭغا يېپىلغان ئاق داكىغا كۆزۈم چۈشكەندە تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئىككى يېرىگە قان تامغان ئاق داكا بەك سۈرلۈك.

— ئۆزى ساقمۇ زادى؟ — دەپ سورىدى ۋاقاس ئاكام توپلىشىپ تۇرغانلاردىن.

— تراكتۇر دومىلىغاندا پۇتىنى خېمىردەك مىجىۋېتىپتۇ،

قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر كۈنى قىلتاققا چۈشىدىغۇ. سېمىزلىكىنى مال كۆتەرگەن بىلەن ئادەم كۆتىرەلمەيدۇ، دىگەنىڭ راست ئىكەن. مۇخپۇلكام بىرىگادىر بولغان يىلى مۇنچىلىكمۇ ئەمەس ئىدى، ئەدى سەمرىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇ ماكار تاغامنىڭ چىشىغا تېگىپ، كۈن كۆرسەتمەي يۈرگىنىنى كولخوز رەئىسىمۇ ئاڭلاپ، غەزەپلىنىۋاتسا كېرەك. مىش-مىش پاراڭلارغا قارىغاندا ئۇ بىرىگادىر بولۇپ كۆپ تۇرسا، بۇ يىل كۈزگىچە تۇرار. ھايات دىگەن شۇنداق، ئۇكا، بەزىدە سۆيۈرگىنىڭمۇ بېلىنى باغلاپ، ساڭا باشلىق دەپ تىكلەپ قويسا، ئامالىڭ يوقىدىن بەش-تۆت كۈن بولسىمۇ بېقىنىسەن...

ئۇ دىمىغىدا غىڭشىپ بىر نەرسىلەرنى دىدى، لېكىن تاشلىق يولدا تاراسلاپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ مېڭىشى بازغانچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاتمىدى.

بىز قاراتاشتىكى يەرنى چۆگىلەپ خېلى ئۇزاق ماڭدۇق.

— كۆردۇڭمۇ، باسىت ئاكام بىر كېچىنىڭ ئىچىدە قانچىلىك يەر ھەيدىۋەتكەن. ئۇ ئالدىنقى كۈنى بىرىگادىردىن رەنجىپ كەلگەن بويى، جان ئاچچىغىدا، تراكتورنى توختاتماي كېچە-كۈندۈز ئىشلەپتۇ، — دەپ بازغانچى باش-ئۇچى كۆرۈنمەيدىغان يەرگە ئۇزاق قارىدى. كېچىچە ھەيدىگەن يەرنىڭ قارا چىلان توپىسى تېخى ئەكچىپ ئۈلگۈرمەپتۇ. ئۇ ئىلگىرى ھەيدەلگەن يەردىن ئالايىتەن بۆلۈنۈپ تۇراتتى.

— ماكار تاغاممۇ قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرگىچە، كېچە-كۈندۈز سوقىنىڭ سۇنغان قىسىملىرىنى جۆندەپ، سالامەتلىكىدىن ئايرىلدى. ئەمدى مانا، ئۇنى ئاز دىگەندەك، باسىت

قارىشىپ تۇرۇشقان ئادەملەر بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتكەندەك گەپ - سۆز قىلماي جىم بولۇشقان ئىدى. ماشىنا يەنە بىر ئاز شوخشىسا يولدىن چىقىپ، سايغا دومىلىشى مۇمكىن.

— ھوي، مۇنۇ ماشىنا غۇلايدىغان بولدىغۇ! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ بىرسى.

— غۇلىسا مۇخپۇلدىن ئايرىلارمىز. ئاشۇنداقلارنىڭ باردىن يوقى ياخشى، — تراكتورىستنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغاندا ھەممە جىم بولۇشتى. ماشىنا چاقلىرى قانچە ئىتتىك پىقىرسىمۇ بەربىر كەينىگە تېيىلىۋاتىدۇ.

ئۆزەممۇ بايقىماي قاپتىمەن، بىر چاغدا مېنىڭ يېنىمدىكى ۋاقاس ئاكام ئولىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، تىك دۆڭدىن كەينىگە سىلجىۋاتقان ماشىنىغا ئۆزىنى ئوقتەك ئاتتى.

— ھاي، بۇنىڭ ئۆلگۈسى كەلمىگەندۇ، كەينىگە قايت، ۋاقاس! — دەپ ئادەملەر چۇقۇراشماقتا.

— ناھەقتىن - ناھەق ئەجەلگە بېشىنى تۇتۇپ بېرىۋاتقىنىنى قارا...

— بالىلىق قىلما، ماشىنىنىڭ ئاستىدا قالىسەن.

دۆڭدىن دوملاپ دىگىدەك يولغا چۈشكەن ۋاقاس ئاكام ماشىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، بورتقا مۈرىسىنى تىرىدى. ماشىنا ۋاقاس ئاكامنى ئىتتىرىپ تۆۋەنلىمەكتە. بازغانچى قانچە تىرەجىسىمۇ، بەربىر، پۈتى ماشىنا بىلەن بىللىلا تېيىلىپ كېتىپ باردۇ. مەن خۇددى قىشنىڭ قەھرىلىك سوغىقىدا قالغان ئادەمدەك غالىلداپ تىترەۋاتىمەن. بايىقى قانغا مىلەنگەن باست ئاكامغا ئوخشاش ۋاقاس

بېشىنىڭ بىر - ئىككى يېرىگە تۆمۈر تەگسە كېرەك، كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ساقىيىشى ئىككى تايىن، — دېدى تراكتورىستلارنىڭ بىرسى.

— مۇخپۇلكام ماشىنىنى ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، ئاللىقا- چان شەھەرگە ئاپىراتتۇق. مۇشۇنىڭ ھەممىسى شۇ ئالىقاناتنىڭ كېسىرى، — تراكتورىستلار ماڭا مۇشۇ پەيتتە برىگادىر كېلىپ قالسا ئۇنى تراكتورغا دەسسىتىپ يوق قىلىۋېتىدىغاندەك نەپرەت- لىك قىياپەتتە كۆرۈندى.

خەيرىنىسا ھەدەمنى ئىككى ئادەم قولتۇغىدىن يۆلەپ تۇراتتى. ئۇ يوغان ياغلىقتا كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئۆپكە- ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىماقتا. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا بىردە باست ئاكام، بىردە خەيرىنىسا ھەدەم كەلمەكتە.

ئويۇمنى ئادەملەرنىڭ «برىگادىر كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى بۆلىۋەتتى. ھەممىمىز قاراتاشقا چىقىدىغان تار يول بىلەن يۇقۇرى ئۆرلەپ كېلىۋاتقان ماشىنىغا قاراشتۇق.

— كۆردۇڭمۇ، بىز يەرنى ھەيدەپ بولغاندا كېلىۋات- قىنىنى. ئۆزىچە كولخوز مەركىزىدىن سۇنىغان سايمانلارنى چاپسان جۆندەپ كېلىمەن دەپ كەتكەن تېخى، — غەزىپى قايىنىغان تراكتورىست ماشىنىنى كۆرگەندە مۇخپۇلكامنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ چاينىۋەتكىدەك تىرىكىشكە باشلىدى. برىگادىرغا نەپرەتى ئۆرلىگەن ئادەملەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆچەيمەكتە.

ماشىنا يانباغىردىكى تار يولدا پات - پات توختاپ قالاتتى. ئۇ ئىگىز دۆڭنىڭ ئەڭ تىك يېرىگە كۆتىرىلگەندە شېغىل تاشنى كەينىگە چاچرىتىپ، بىر جايدا ئۇزاق تۇردى - دە، ئاندىن كەينىگە شوخشىپ داچىدى. ماشىنىغا

قەيەردە، قاچان، قانداق ئۆلىدىغىنىڭنىمۇ بىلمەيسەن. ئەمما مۇشۇ قىسقا ئۆمۈردە ئۇلار نىمىشقا بىر-بىرىنى رەنجىتىپ، قىزغىنىپ ياشايدىكىن؟! بولمىسا بۇ ئالەم مۇخپۇلكام بىلەن ماكار تاغامغىمۇ، ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەمگىمۇ، باسىت ئاكام بىلەن خەيرىنىسا ھەدەمگىمۇ يېتىپ ئاشامدۇ... بەلكى ۋاقاس ئاكام بىرىگادىرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يۈگۈرگىنىدە مۇشۇ ھەقتە ئويلىغاندۇ؟ بازغانچى توغرا ئويلىغىنى بىلەن بىرىگادىرنىڭ مەقسىدى پۈتۈنلەي باشقىچە.

ماشىنا شوخشىپ، كەينىگە سىلجىماقتا. ۋاقاس ئاكامنىڭ پۇتى يېرىمى يەرگە كۆمۈلگەن تاشقا تىرەلدى. كەينىگە داجىپ كىلىۋاتقان ماشىنا توختىدى!

— توختىدى! ۋاقاس ئاكام ماشىنىنى توختىتىۋالدى! — دەپ خوشاللىغىمدىن قانداق ۋاقىرىۋەتكىنىمنى ئۆزەم سەزمەي قاپتىمەن. پەقەت قاشقا جىرەن تۆمشۈغى بىلەن مۈرەمنى نوقۇشقا باشلىغاندا ئۆزەمنى باستىم.

— مېنىڭ بازغانچى ئاكامنىڭ كۈچىنى كۆردۈڭمۇ، سەن ئۇنى ئاسان چاغلىما، — دەپ ئاتنىڭ ماڭلىيىغا چەكتىم.

— خۇدايا شۈكرى، — دەپ ئادەملەر ياقىلىرىنى تۇتۇشماقتا.

يەرگە بىردىنچى بولۇپ سەكرەپ چۈشكەن شوپۇر سەيدەخمەت ئاكام يوغان تاشنى ماشىنىنىڭ كەينى چاقىغا تىردىگەندە، ۋاقاس ئاكام مۈرىسىنى كوزۇپتىن بوشاتتى. ئەمدى ھەممىمىز ماشىنىغا يۈگۈردۇق. كابىنكىدىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن مۇخپۇلكام چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كەشمىر ياغلىق تاڭغان خالىدەم ھەدەم چىقتى. مانا

ئاكامۇ ماشىنىنىڭ ئاستىدا قالىسا بولاتتىغۇ دەيمەن.
بېشىمغا توخسان تۆرلۈك ئوي كەلدى. «بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇخپۇلكامغا غەزىۋى قايناپ، ھازىر پۇت-قولىنى باغلاپ، سايغا تاشلىغىدەك دەرىجىگە يېتىۋاتسا، بازغان-چىنىڭ قىلىۋاتقان قىلغىنى» دەپ تېرىكەتتىم.

قاشقا جىرەن تۇمشۇغى بىلەن دومبەمنى نوقۇۋاتقىنىنى سەزمەپتىمەن. كەينىمگە قارىسام ئۇمۇ تېپچەكلەپ، ۋاقاس ئاكامغا قارىماقتا. ئادەملەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭىدىن ئاتمۇ بىر نەرسە تۇيغان ئوخشايدۇ. ۋاقاس ئاكام بىرىگادىرنى ساقلاپ قىلىش توغرىلىق ئادەملەر تۇرماق مۇشۇ ھايۋاندىن سورىسا چۇ. «مۇخپۇلكامنى ساقلاپ قالايلىمۇ-يوقمۇ؟» دېگەندەك ئاتقا قارىدىم. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ پۇرقىدى. ھەي، جانىۋار، ئەگەر ۋاقاس ئاكام بىلەن ماكار تاغام بولمىسا بىرىگادىر بىزگە سېنىڭ ئۇستىخىنىڭنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى. شۇنى بىلسەڭمۇ جىم تۇرىسەنا؟! بىرىگادىر ھايات-مامات ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندا، ئادەملەر ساڭا تىل پۈتكۈزۈپ، مۇخپۇلكامدىن تارتقان جاپالىرىڭنى تىڭشاپ كۆرسە، دەيمەن ئۆزەمچە. ئۇ چاغدا كىشىلەر مۇخپۇلكامنى ئۇنىڭ كۆز يېشىغا قارىماي، سايغا دومىلىتىۋېتەتتى.

قاشقا جىرەن «سېنىڭ ئېيتقىنىڭ راست» دېگەندەك، بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

— مۇنۇ يىگىت ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، — بۇ سۆز-لەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

ۋاقاس ئاكام راستلا كۆرىدىغان كۈنىدىن كەچتىمى-كىن. ئادەملەرنىڭ يورۇق دۇنيادا ياشىشى مۇشۇنداق تۇيۇقسىز تامام بولارمۇ؟ ھايات نىمىدېگەن قىسقا. ھەتتا

لىرى بازغانچىنى ئۆرۈلۈپ كېتىپ بارغان ماشىنىنى توختىتىپ، برىگادىرنى ئامان ساقلاپ قالغىنى ئۈچۈن تىللىسىمۇ، كۆپچىلىك ئۇنى ماختىدى، مۇشۇ قېتىم دائىم ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ۋاقاس ئاكام مېنى كۆپ نەرسىگە ئۆگەتتى.

بازغانچى يېزىسىغا يېتىپ كەلگىچە مەن بىلەن پاراڭ قىلىشماي، ئاڭغا چىشامۋالغان ئادەمدەك جىم ئولتۇردى.

برىگادىر باسىت ئاكامنى تىراكتور بېسىۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى قاراتاشتىكى بارلىق تىراكتورنى ئەكىلىپ، تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا توختىتىۋۇپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ ۋاقاس ئاكامنىڭ غەزىۋى قايناپ كەتتى.

— بىز تىراكتورلار توختاپ قالمىسۇن دەپ، كېچە-كۈندۈز دۇكاندىن چىقماي ئىشلەيلۇق. ئۇلارنىڭ مۇخ-پۇل ئالىقاناتىنىڭ سۆزىگە كىرىپ قايتىپ كەلگىنىنى قارا، مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى كولخوز ئىجرائىيە كومىتېتىغا بېرىپ ئېيتىمەن.

ۋاقاس ئاكامنىڭ مۇنچىلىك غەزەپلەنگىنىنى ئىلگىرى بايقىمىغان ئىدىم، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ماڭا بازغانچى يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغاندەك سېزىلدى.

بازغانچى كولخوز مەركىزىگە بېرىپ، رەئىس بىلەن باش ئىنژېنېر ۋە ئاگرانوملارنى باشلاپ چىققاندا يېزىدىكى تىراكتورىستلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا يىغىلدى.

— نېمىشقا ھەيدەۋاتقان يەرنى تاشلاپ قاراتاشتىن يېنىپ كەلدىڭلار؟— دېدى كولخوز رەئىسى برىگادىرغا.

— مەن ئىلگىرىلا بۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە قارشى

قىزىق! ئۇنى كابىنكىدا دەپ ھېچكىم ئويلىمىغان.

— كابىنكىدا خالىدەم ھەدەم بار ئىكەن، — دېدىم ماشىنىنىڭ كەينىدىكى تاشتا ئولتۇرغان ۋاقاس ئاكاغا.

— خالىدەم؟! — ۋاقاس ئاكام تەئەججۈپلىنىپ ماڭا بىر قارىدى-دە، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان پېتىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۋەردى. بازغانچىغا خەيرىنىسا ھەدەم تىكىپ بەرگەن كۆينەكنىڭ مورىسى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ماشىنىنى ھورىسىدە ئىتتىرگەندە يىرتىلغان كۆينەك بىلەن بىللە ئۇنىڭ بىر پارچە تېرىسى سۈرۈلگەن ئىكەن. شەلۋەرەپ تۇرغان قىزىل گۆشنى كۆرۈپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى.

— ۋايەي، ۋاقاس، سىز بولمىسىڭىز جەسىدىمىزنى سايىنىڭ تاپىنىدىن كۆرەتتىڭلار، — بازغانچىنىڭ قېشىغا بىرىنچى بولۇپ ماشىنىدىن چۈشكەن خالىدەم ھەدەم كەلدى. ئەمما نىمىشقىدۇر ۋاقاس ئاكام قىزغا ئىلگىرىكىدەك ئېچىلىپ پاراڭ قىلمىدى.

مۇخپۇلكام بولسا بازغانچىغا قارىۋاستىن، ئادەملەرگە بىر نەرسىلەرنى دەپ، دۆڭگە پىيادە چىقىپ كەتتى.

يېزىغا ۋاقاس ئاكام ئىككىيلەن يەنە قاشقا جىرەڭگە مىنگىشىپ قايتتۇق. يولدا كېلىۋېتىپ خالىدەم ھەدەمنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرمۇ-شەھەر، تاغمۇ-تاغ ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن بىرىگادىرنى ئامان ساقلاپ قالغان ۋاقاس ئاكامنى تىللىسام، بىر تەرەپتىن دۈشمىنىگە ياخشىلىق قىلىۋاتقان بازغانچىغا زوقۇم كېلىدۇ. بىزنىڭ مۇئەللىم، ئىنسانچىلىق ھەققىدە ئېيتقاندا مۇشۇنداق ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولغىيدى. دۈشمىنىگە ياخشىلىق تىلەيدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن. قاراتاشتىكى ئادەملەرنىڭ بەزى-

دىن باشقا بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ماكار تاغامنى ئەسىرگە چۈشتى دەپ ئەيىپلەۋاتقىنىنى ئاڭلىمايمەن، ئۇرۇش يىللىرى جەڭچىلەرگە كۆپ قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى، ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ بولغىنىمۇ راست. ئەمما كۆپ تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، ئەسىردە بولغانلارنىڭ كۆپى تولۇق ئاقلاندى ئەمەسمۇ. سەن ئاشۇ كونا خامانىنى سورۇپ، تۆمۈرچىنى قاخشىتىدىغىنىڭنى قاچان قويىسەن، زادى؟!

— رەئىس راست ئېيتىدۇ... تۆمۈرچىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىشىنىمۇ سەۋەپچى بولغان مۇشۇ مۇخپۇل، — دېيىشىپ ئادەملەر ھەر تەرەپتىن رەئىسنى قوللاشقا باشلىدى.

— يولداش رەئىس، مېنىڭ بىر پىكرىم بار، — دىدى باست ئاكامنى تىراكتۇر بېسىۋالغاندا برىگادىرنى ئېغىز-چىشىغا ئېلىپ چاينىۋەتكۈدەك غەزەپلەنگەن تىراكتۇرىست.

— ھە، قېنى ئېيت.

— بىزنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقان تۆمۈرچىنى داۋالاش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. پەقەت بىز ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ، ئىككى - ئۈچ كۈندە قاراتاشنىڭ يېرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاشۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە مىسقالچە بولسىمۇ خۇشاللىق بېغىشلىساق، بۇ ئىشىمىز بەلكى ئۇنىڭ چاپسانراق ساقىيىشىغا سەۋەپچى بولار.

— بۇ دىگىنىڭ توغرا، — رەئىس تراكتۇرىستقا رازى بولۇپ قالدى.

— قېنى، يىگىتلەر، تراكتۇرلارنى قاراتاشقا بۇراڭلار. بىر قاراتاشنىڭ ئالقاندەك يېرىنى قويماي ھەيدەپ، ئۇرۇق سەپمىگىچە قايتمايمىز.

تراكتۇرىستلار تراكتۇرلىرىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭغان-

چىققان ئىدىم. ئەمما سىلەر ماڭا ئىشەنمەي، جېنىمنى ساق-
لايمەن دەپ ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەن تۆمۈرچىگە ئىشەن-
دىڭلار. مانا ئاخىر ئۇنىڭ ھەممىسى نېمە بىلەن ئاياقلاش-
تى؟ باستىقا ئوخشاش ئالتۇندەك تىراكتورىستتىن ئايرىلىپ
ئولتۇرىمىز. تىراكتورچۇ تېخى؟! ئەگەر بىز ئۇ ساتقىننىڭ
پارىڭىنى تىڭشاۋېرىدىغان بولساق، ھەممە تىراكتوردىن ئاي-
رىلىشىمىز مۇمكىن. بىر پارچە يەرنى دەپ، تىراكتورىستلار-
نى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان مېنىڭ بېشىم ئۇن ئەمەس...
مانا تىراكتورىستلارنىڭ ئۆزلىرى ئېيتسۇن.

— يولداشلار، ھەممەڭلەرگە مەلۇم، ھازىر پارتىيىمىز
تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى ئەڭ مۇھىم مە-
سىلە قاتارىغا قويماقتا. شۇڭلاشقا بىز بارلىق ئاكتىپ ئاممى-
لاردىن پايدىلىنىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. مۇشۇنداق پەيتتە
يېزىمىزدىكى ئاددىي تۆمۈرچى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاپ
كولخوز ئىجرائىيە كومىتېتىدا قاراتاشقا ئوخشاش پايدى-
لىنىلماي بوش ياتقان يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدە تەك-
لىپ بېرىۋاتسا، بىزنىڭ ئۇنى ئىككى قوللاپ قۇۋۋەتلەشنىڭ
ئورنىغا ئىشنى تاشلاپ قايتىشىمىز توغرا ئەمەس، —
رەئىسنىڭ سۆزىدىن كېيىن باياتىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈپ، تۇش-
مۇ - تۇشتىن پاراڭ قىلىۋاتقان تىراكتورىستلارنىڭ ئۈنى
بىردىن بېسىلدى، — ئەسلىدە بۇ تەشەببۇسنى ماكار تاغام
ئەمەس، مۇخپۇل، سەن قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، ھە، سەن
بولساڭ ئىش قىلىشنىڭ ئورنىغا دائىم تۆمۈرچىنىڭ يېغىرى-
غا تېگىپ، شۇنىڭ بىلەنلا ئېيتىشىسەن. ئايالى ئۆلۈپ،
ئۆزىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاران يۈرگەن ئادەمنى ئارام-
خودا ئىشلىگىلى قويساڭ بولمامدۇ. پۈتكۈل يېزىدا سېنىڭ-

كۈن بۇرۇن يېزىغا قايتقان... مەن ئۇ يەردە ئاشپەزلىك قىلغان خالىدەم ھەدەمنى باست ئاكامنىڭ تىراكتورى ئۆ-رۈلگەندىن بېرى بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشۈم. ئۇ تو-لىمۇ چىرايلىق ياسىنىپتۇ، ئىمىشقىدۇ ئەمدى مەن ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى چەتكە تارتىپ تۇراتتىم، خالىدەم ھەدەم ئۆزى گۈلەڭگۈچتە بىر - ئىككى قېتىم ئۇچىتى - دە، ئاندىن دوستلىرى بىلەن بىزنىڭ مەكتەپ قىزلىرىنى ئۇچۇردى.

بىر گۈلەڭگۈچتە ئولتۇرغان قىزلارنىڭ ئىگىز ئۇچ-قانلىرىنى ماختاپ، ۋاقىرىشىپ كوچىنى بېشىمىزغا كىيدۇق.

— سەمەت، بېرى كەلگىنە، ساڭا بىر پارىڭىم بار ئىدى، — خالىدەم ھەدەم مېنى باللار ئارىسىدىن چەتكە ئېلىپ چىقتى. بۇ قىزنى بىرىگادىر قارا تاشقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن بېرى، بازغانچىغا ئوخشاش مەنمۇ ئۇنىڭغا ئان-چىلا يېقىنلىق قىلماس بولغان. ئۇ قىزنى بىرىگادىر بىلەن سەيدەخمەت ئاكام ماشىنا كابىنكىسىغا سېلىپ، شەھەرمۇ - شە-ھەر ئويىنتىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزەمنى چەتكە تارتقان. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كۆڭلۈم تارت-مىغاندەك ماڭدىم.

— ۋاقاس ئاكاڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟!

مەن ئۆپچۆرەمگە قارىسام، ھەقىقەتەن، بازغانچى يوق ئىكەن.

— بەلكى باللار بىلەن بىر ياققا كەتتىمىكىن، ئەتى-گەندىن ئۇچراتمىدىم، — دېدىم.

— بۈگۈن ساي مەلىدىكى توخۇ فېرمىسىدا ئولتۇرايلى دەيمىز. سەن ۋاقاس ئاكاڭنى باشلاپ كەل.

— ماقۇل! — مەن خالىدەم ھەدەم بۇنىڭدىن كېيىن

دا، برىگادىر بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كولخوز رەئىسىنىڭ كەي-
نىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ۋاقاس ئاكام ئىككىيلەن قارا
تاش تەرەپكە كەتكەن تراكتۇرلارغا زوقلىنىپ قاراپ قالدۇق.

13

بۇ يىلقى ماي بايرىمى يېزا ئوتتۇرىسىدىكى جالا
چىقارغان قىرى سۆگەتكە سېلىنغان گۈلەڭگۈچتىن باشلاندى.
بايرام كۈنى تار كوچا هال - قىزىل رەڭدە بېزىلىپ بۆلەك-
چە گۈزەل بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ چوڭلاردىن كۆرە، قىش-
لىق كىيىملىرىنى تاشلاپ، خەيرىنىسا هەدەم تىكىپ بەرگەن
ئىشتان - كۆينەكلەرنى كىيىپ، كوچىغا چىققان مەكتەپ
يېشىدىكى باللار تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ماي بايرىمى
كۈنى هەممىمىز كىيىملىرىمىزنى بىر قېتىم يېڭىلىۋالاتتۇق.
خۇش نەپەس باهار بىلەن تەڭ كېلىدىغان بۇ بايرام هەم-
مىمىز ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ ئىپادىسى.

باللار ئەتىگەندە، يوغان سۆگەتنىڭ قېشىدا توخۇم
سوقۇش سالدۇرماقتا، خالىدەم هەدەمگە ئوخشاش قىزلار،
قىشچە ياغلىق ئىچىگە يوشۇرغان قۇندۇزغا ئوخشاش تۇم
قارا چاچلىرىنى ئۈزۈن قويۇۋېتىپ، سۆگەتنىڭ كوچا تەرەپ-
كە قارىغان يوغان شېخىغا ئېسىلغان گۈلەڭگۈچتە ئۈچۈۋاتى-
دۇ. سېكىلەكلىرىگە چوكان - جالا ئاسقان ياش قىزلار
بولسا چوڭلارنىڭ چاچلىرىغا بەك زوقلىنىپ قارىشاتتى.

ئەتىيازنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى تولۇق ئاياقلاش-
قانلىقتىن، ئادەملەرنىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن. تراكتۇرىستلار
قاراتاشتا بەش يۈز گېكتار يەرگە ئاشلىق تېرىپ، بىر

يەرگە گۈگۈم چۈشكەندە، ۋاقاس ئاكام ئىككىلەن ئات قوراسىنىڭ قېشىغا كەلسەك خالىدەم ھەدەم تۇرۇپتۇ.

— ئەمدى سەن نىمە قىلسەن؟ — دەپ خالىدەم ھەدەم مېنىڭ كۆزۈمگە قارىغاندا نىمە دەردىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدىم.

— يېزىدا باللار بىلەن ئوينايمەن، — بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمغا قانداق چۈشكىنىنى ئۆزەمۇ سەزمىدىم.

مەن كەينىمگە يانغاندا ئۇلار توخۇ فېرمىسى تەرەپكە ماڭدى. ۋاقاس ئاكام خالىدەم ھەدەمنىڭ قېشىدا كۆڭۈلسىز كېتىپ بارسىمۇ، ئىككىسىنىڭ يېڭىۋاشتىن قوشۇلغىنىغا زوقۇم كېلدۇ. مۇخپۇلكام مۇشۇلارنى ئايرىۋېتىمەن دەپ، قانچە ھەركەت قىلسىمۇ، ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمىغىنىغا خوشال ئىدىم. ئەمما ۋاقاس ئاكامنىڭ نىمە ئويدا ئىكەنلىگىنى كىم بىلسۇن؟

بايرام كۈنلىرى يېزىمىزدىكى يىگىتلەر دۇتار-تەمبۇر چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كۆڭۈل ئاچاتتى-دە، بىز بوسۇغىدا ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى تاماشا قىلاتتۇق.

يېزىغا كەلسەم ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر بىلەن قىزلار بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ. ئاغىنىلىرىمنىمۇ شۇ يەردىن تاپتىم.

— توخۇ فېرمىسىدىكى قىزلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دىدى مەن ئولتۇرۇش بولغان ئۆينىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ كىرىشىمگە باللارنىڭ بىرسى.

— يالغان ئېيتما، ئۇلار بۈگۈن كەلمىدىغۇ، — دىدىم.

— نىمە، كۆرمەيۋاتامسەن، بۈگۈن ھەممىسى مۇشۇ يەردىغۇ، — باللار قىزلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن دىگەندەك ماڭا يول بوشاتتى.

ۋاقاس ئاكام بىلەن ئۇچراشمامدىكىن دەپ يۈرەتتىم. ئۇ قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، پىلدىرلاپ ئۆچۈشكە باشلىغان ئۈمىدىم يېڭىۋاشتىن يانغاندەك بولدى.

— چاپسانراق ۋاقاس ئاكاڭنى تاپقىن.

ۋاقاس ئاكام ئۆيدە ئىكەن. ماكار تاغام دوختۇرخانىدا ياتقاندىن بېرى كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق بازغانچى مېنىڭ ئالدىراش كەلگىنىمنى كۆرگەندە، بىر نەرسە بولۇپ قالمىغاندۇ دەپ تەشۋىشلەنسە كېرەك، دەرھال ئالدىمغا چىقتى.

— نىمە بولدى؟

— سېنى خالىدەم ھەدەم ئىزلەۋاتىدۇ. ئاخشاملىقتا توخۇ فېرمىسىغا بارىمىز دەيدۇ.

— توخۇ فېرمىسىغا؟! — ۋاقاس ئاكام شالاڭ قاشلىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ ماڭا قارىدى. مەن، ئۇ خالىدەم ھەدەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا، ئىلگىرىكىدەك بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كېتەمدىكىن دىگەن ئىدىم. لېكىن چىرايى ئۆزگەرمىدى.

— ساڭا ئېيتىدىغان ئالايىتەن بىر سۆزى بار ئوخشايدۇ.

— بولار ئىش بولدى. ئۇ قىز بىلەن نىمە توغرىسىدا سۆزلىشىشىم مۇمكىن. ۋاقاس ئاكامنىڭ ۋاقتى يوق ئىكەن دەپ ئېيت.

مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ كېتەرمۇ دەيتتىم.

— بەك يالۋۇرۇپ سورىۋېدى. سەن بارمىساڭ بولمايدۇ.

بازغانچى بىر ئاز سۆز قىلماي ئولتۇردى ـ دە، ئاندىن:

— ماقۇل، بارسام باراي، — دىدى.

ئۇنىڭ ماقۇل جاۋاۋىنى ئېلىپ، دەرھال گۈلەگۈچ ئۇچۇۋاتقان خالىدەم ھەدەمنىڭ قېشىغا يۈگۈردۈم.

يايقاندىن كېيىن قاشقا جىرەننى مىنىپ بىر ياققا كېتەتتى.
بۇنى سەزگەن بىرىگادىر بىر كۈنى تۆمۈرچى دۇكىنىغا
كەلدى-دە:
— بىرىگادىرغا ئات يېتىشمەيۋاتسا، سەن كولخوزنىڭ
پۈتۈن سۈرۈك بىر ئېتىنى كېچىسى قىز ئوۋلىغىلى
مىنىپ يۈرىسەن. ئەمدى قىزنىڭ قېشىغا پىيادە بارغى-
نىڭنى مەن بىر كۆرەي، — دەپ قاشقا جىرەننى يەنە ئېلىپ
كەتتى. ئەتىسى مەن دەرستىن قايتىپ كېلىۋاتسام قېرى سۆ-
گەتنىڭ قېشىغا باللار ئولىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار سوچىلارنىڭ
قېشىدىن كەلگەن تراكتورىستنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان ئىكەن.
بىر قىزىق پاراڭ ئېيتىۋاتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ مەنمۇ ئۇلار-
نىڭ قېشىغا يېقىنلاشتىم.
— ئاخشام ۋاقاس ئاكام ئۆسەكتە ئېقىپ كەتكىلى ئاز
قاپتۇ، — دېدى باللارنىڭ بىرسى.
— قانداقچە، راست پاراڭمۇ بۇ؟ — دەپ سوچىلار قېشى-
دىن كەلگەن تراكتورىستتىن سورىدىم.
— بىز ئىشتىن كېلىپ، كەچكى تامىقىمىزنى ئىچىۋا-
تاتتۇق. يەرگە گۆگۈم چۈشۈپ قالغان مەزگىل ئىدى. بۇ
پەيتتە ئۆسەكنىڭ سۈيى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، تاشلارنى دومىلى-
تىپ ئاقاتتى. بىر چاغدا سۇ تەرەپتىن ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ
يېتىپ كەلگەن ئاشپەز خالىدەم: «ۋايەي، بولۇڭلار، ئادەم
ئېقىپ كەتتى! » — دەپ ۋاقىرىدى. ھەممىمىز ئىچىۋاتقان
تاماقلىرىمىزنى تاشلاپ، ئۆسەك تەرەپكە يۈگۈردۇق. دەريانىڭ
سۈيىمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. بىلەمسىلەر، ئېقىپ
كەتكەن ۋاقاس ئىكەن.
تراكتورىستنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باللار ھەيران
قېلىشتى.

راست ئىكەن. توخۇ فېرمىسىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ئولتۇرۇشقا كەپتۇ. ئەجەپ، ئۇلار بۇ يەردە يۈرسە خالىدەم ھەدەمنىڭ ۋاقاس ئاكامنى فېرمىغا باشلاپ كەتكىنى نىمىسى؟ باللار فېرمىدىن كەلگەن قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلىۋاتسا، مېنىڭ ئويۇم خالىدەم ھەدەم بىلەن ۋاقاس ئاكامدا. ئۇلار قىزلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى بىلمىدىمىكىن، دەيمەن. چاپسانراق فېرمىغا بېرىپ، ئىككىسىنى باشلاپ كېلەيمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن ئىككىسى بايرامنى ھېچكىمگە قوشۇلماي، بىللە ئۆتكۈزەيلى دېدىمىكىن؟! ماڭا ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىدىن ئەشەدە يۈرگىنى ياخشىدەك سېزىلدى. شۇڭلاشقا كەينىدىن ئىزلەپ بارمىدىم.

ئەمما ئولتۇرۇشتىن تاڭغا يېقىن قايتقان قىزلار ئىككىسىنىڭ توخۇ فېرمىسىدا قونۇپ قالغىنىنى ئەتىسى پۈتكۈل يېزىغا يېيىۋەتتى.

توخۇ فېرمىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي، برىگادىر قېنىغا سىڭگەن ئادىتى بويىچە، خالىدەم ھەدەمنى شوپۇر سەيدەخمەت ئاكامغا قوشۇپ، ئۆسەك دەرياسىنىڭ ئۇ قانىتىدا كۆزگى بۇغدايىنى سۇغىرىۋاتقان سۇچىلارغا تاماق توشۇغىلى ئەۋەتىۋەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ماي بايرىمى كۈنلىرى كۆڭلى كۆتىرىلىپ، خۇشخۇي يۈرگەن بازغانچى يەنە روھسىزلىنىپ، برىگادىرنى ئىچىدە غىڭشىپ تىللاپ قوياتتى. مەن تۆمۈرچى دۇكىنىغا كەلگەندە ۋاقاس ئاكامنىڭ بولقا ئۇرۇشقا قاراپلا، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى سېزەتتىم. برىگادىر خالىدەم ھەدەمنى ئايالىنىڭ تۇققىنى سەيدەخمەت ئاكامغا قوشۇپ-يېتىپ سۇچىلارغا ئاشپەزلىك قىلغىلى ئەۋەتىۋەتكەندىن بېرى بازغانچى كەچقۇرۇنلۇغى تۆمۈرچى دۇكىنىنى

ھەدەمنى يېزىغا يېقىن يەردە ئىشلەتمەي سەيدەخمەت ئا-
كامغا قوشۇپ، سۇچىلارغا تاماق توشۇغىلى ئېلىپ كەتكىنىنى
ئاز دىگەندەك قاشقا جېرەننى تارتىۋالغىنىنى قارا.

مەن بازغانچىنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئادەم
ئېقىتىدىغان سۇغا تاشلايدۇ دەپ ھەرگىز ئويلىمىغان. بايقىسام،
ئۇنىڭمۇ مەن بىلمەيدىغان ياخشى خىسلەتلىرى كۆپ ئىكەن.

## 14

كولخوزدا چۆپ چېپىشقا تەييارلىق كۆرۈلىۋاتاتتى.
تۆمۈرچى دۇكىنىدا ئىش كۆپ. ماكار تاغام دوختۇرخانىدا
ئۇرۇن تۇتۇپ ياتقانلىقتىن بۇ يەردىكى ھەممە ئىش ۋاقاس
ئاكامغا قالغان، شۇڭلاشقا بىر قولىنى ئىككى قىلالماي
يۈرگەن بازغانچىدا تىنىم يوق. ئۇ بىردە ئۇچاقتا قىزى-
غان تۆمۈرنى ئېلىپ سەندەلگە قويۇپ يەنچىسە، بىردە
ھەممىنى تاشلاپ كۆيەك باساتتى.

— سەن يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇغان بىلەن ئەر يېتىپ
قالدىڭ. بۇ يىل ئوقۇشقا بارمىساڭ باشقا باللارغا ئوخ-
شاش كولخوزدا ئىشلەيسەن. سېنىڭچىلىك باللار بىر ئۆينى
بېقىپ يۈرىدۇ. ماكار تاغام ساقايغىچە ياردەملىشىپ
تۇردىگەچكە بوش بولسام ئىلا تۆمۈرچىخانىغا كېلەتتىم. شۇڭ-
لاشقا ماكار تاغام يوق بولسىمۇ، بازاربەگ يېزىسىدىكى
ئادەملەرنىڭ قولىغا سىڭىپ قالغان بازغان سادىسىنىڭ
بىرخىل ئۈنى توختىماي ياڭرىدى. مەن ماكار تاغام دوخ-
تۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، يېزامنىڭ يۈرىگە ئوخشاش
سوقىدىغان تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىقىدىغان سادانى توختات-

— ھە، بىزنىڭ بازغانچى ۋاقاس! — تراكتورىست تېخىمۇ قىزىپ سۆزلىمەكتە، — بىز قىرغاققا كەلگەندە بىر پۇتىنى تاشقا تىرەپ، ئۇلۇغ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ۋاقاسنى كۆرۈپ تەشۋىشتە قالدۇق. ۋاقاسنىڭ پۇتى تېيىلىپ كېتىۋېدى، تاغ سۈيى ئۇنى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇپ، ئېقىتىپ ماڭدى. ئەمدى بىز بازغانچىدىن ئايرىلدۇقمۇ دېگەندە، ئۇ يەنە بىر خادا تاشنى قۇچاقلاپ، ئۆرە تۇردى. قىرغاقتا ئادەملەر چۇ-قۇراشماقتا. ئۇلار «كېچىلەپ ئۇنىڭغا بۇ ياقتا نېمە بار شۇنچە. ھېلىقى بىرىگادىرنىڭ بۇنىڭ ئېتىنى تارتىۋالغىنىنى قارا. ئۇنىڭ كۈچى تۆمۈرچىلەرگىلا يەتتىمۇ» دېيىشمەكتە. ھېچكىم ئۇلۇغ سۇغا كىرىشكە پېتىنالمايتتى. كىرگەن بىلەنمۇ پايدىسىز. بىر چاغدا بازغانچى قۇچاقلىۋالغان تاشنى قويۇ-ۋېتىپ، ئۆزىنى قاينامغا ئاتتى. ئۇ خېلى يەرگىچە ئېقىپ ماڭدى - دە، ئاندىن ئاستا - ئاستا قىرغاققا يېقىنلاپ، ئاران دېگەندە چەتكە چىقىپ كەتتى. ۋاقاس ئۆزىنىڭ قاۋۇللۇقىدىنلا ئامان قالدى - دە.

ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يەر يۇتۇۋالغاندەك يوقاپ كېتىدىغان ۋاقاس ئاكامنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ سۇدىن ئۆتۈپ، سۇچىلارنىڭ قېشىغا بارغىنىنى ئاڭلىغاندا، بىر تەرەپتىن تەشۋىش-لەنسەم، ئىككىنچى تەرەپتىن خوشال ئىدىم. مەن بازغانچى ئاكام، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە جىم يۈرسە، ئۇ خالىدەم ھەدەمنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەيتتىم. ئەمما ئۇ مەن ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن. بازغانچى كەچ-كىچە ئىشلەپ ھارغىنىغا قارىماي، خالىدەم ھەدەمنى دەپ، يې-زىدىن تۆت - بەش چاقىرىم يىراقتىكى سۇچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ-كېلىپ يۈرگىنىگە رازى ئىدىم. ئەمما بىرىگادىرنىڭ خالىدەم

قويغاندىن كېيىن ئىشلە. ئۇنىڭغۇ، ئىش ئېغىر كەلسە يېتىۋال-
دىغان بولدى. ئەسلىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قايتقانلارغا
ئىشەنچ يوق، باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەندە بەرىبىر سېتىۋې-
تىدۇ، قانچە قىلغان بىلەن باشقا دۆلەتنىڭ تەمىنى تېتىپ
قالدى ئەمەسمۇ.

مەن ۋاقاس ئاكام گايكىنى تولغاپ چىقىرىۋاتقان
كۆلۈچقا قاراپ تۇراتتىم، مۇخپۇلكام بۇ سۆزنى ئېيتقاندا
بازغانچىنىڭ قولىدىكى كۆلۈچ گايكىغا چۈشمەي بۆلەكچە
تىترەشكە باشلىدى. بازغانچى خۇددى كۆلۈچنى مىجىۋىتى-
دىغاندەك قاتتىق سىقىپ، بىر پەس ھۇشىدىن كەتكەن
ئادەمگە ئوخشاش جىم تۇردى-دە، ئاندىن ئۇنى بار كۈچى
بىلەن بىرىگادىرغا ئاتتى.

— ماكار تاغامنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرەمسەن-يوقمۇ؟
سەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجىلاپ بىر يەرگە ئاپاردىڭمۇ!

ۋاقاس ئاكامنىڭ ئورنىدىن قانداق سەكرەپ تۇرۇپ،
ئات ئۈستىدىكى بىرىگادىرغا يۈگۈرگىنىنى بايقىماي قالدىم.
قۇلا يورغا ئۈركۈپ كەتتىمۇ ياكى مۇخپۇلكام ئۇنىڭ تىز-
گىنىنى دەرھال تارتىۋالدىمىكىن، ئات ئالدىنقى پۇتىنى ئاس-
مانغا ئىگىز كۆتىرىپ ئايلاندى-دە، ۋاقاس ئاكامنى يېقىن
كەلتۈرمەي چاپچىپ نېرى كەتتى.

— مىلتىق تۇتمىغان ئادەمنىڭ ماختىنىشىنى قارا.
سەن ئۇنى يېزىدىكى يالغۇز ئورۇس دەپ يەكلەيدىغىنىڭنى
قوي. ئۇ يالغۇز بولسىمۇ پۈتكۈل بىرىگادىنىڭ ئىشىنى قىلى-
ۋاتىدۇ. ئەگەر ماكار تاغام كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ
سوقا-سايمانلارنى ئۆز مەزگىلىدە رېمونتلىمىغان بولسا
سېنىڭ كارامىتىڭمۇ چاغلىق ئىدى، سەن جەڭگە قاتناشقان-

مىنىمغا خوشال ئىدىم.

مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم ۋاقاس ئاكام قىش بويى قار ئاستىدا يېتىپ داتلاشقان ئوت ئورۇش ماشىنىسى بىلەن تىرنىلارنىڭ سۇنغان قىسىملىرىنى ياساۋېتىپتۇ. ئۇ داتلاشقان گايكىنى بوشىتالماي تېرىكىپ ئاۋارە بولىۋاتقاندا، مال دوختۇرىدىن تارتىۋالغان ئاتىنى قامچىلاپ، تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا مۇخپۇلكام كەلدى. ۋاقاس ئاكام بېشىنى كۆتەرمەي كۇلۇچنى تولغىماقتا، بازغانچى سۆز قىلمىغاندىن كېيىن مەنمۇ بېشىمنى ئېچمىگە تىقىپ، ئوت ئورۇش ماشىنىسىنىڭ ئورۇندۇغىدا ئولتۇرىۋەردىم، بىردىگادىرنىڭ كەلگىنىنى بايقىمىغاندەك جىم ئولتۇرغىنىمىز مۇخپۇلكامنىڭ يېغىرىغا تەگدىمۇ، ئۇ ئات تىزگىنىنى تارتىپ، قولىدىكى يورغىنى بىر تېقىمدىدى-دە، قاپىغىنى ئاچماي:

— سەن بۇ يەردە قىچاق ئويناۋاتامسەن-نىمە، ئەتە-گەن كەلسەم بىر گايكىنى كوچۇلاۋاتاتتىڭ، تېخىچە ئېغىر ئاياق خوتۇندەك ئولتۇرىسەنغۇ. بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن ئوت ئورۇشقا چىقىشىمىز كېرەك، تېخى بىرەرسىمۇ تەييار ئەمەس. قىشچە ئىسسىق دۇكانغا كىرىۋېلىپ، بېدەل پادىشادەك گەپ ساتقىچە رېمونتلىساڭلار بولمامدۇ! — دىدى بازغانچىغا.

— قىش كۈنلىرى سوقا-سايمانلارنىڭ سۇنغانلىرىنى جۆندەپ قولىمىز تەگمىدى. هازىر يالغۇز ئۆزەم ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمەن، — گايكىنىڭ بوشمايۋاتقىنىغا تېرىكىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگەندەك بولىۋاتقان ۋاقاس ئاكام بېشىنى كۆتەرمىدى.

— ماكار تاغاڭنى ئەتەي دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇپ

ئوخشاش تارتىۋالىدىغان مەنسۇدم بارمىدى. بازغىنىنى تاشلاپ، چاپانىنى مۈرىگە سېلىپ كېتىۋېرىمەن. پەقەت ماكار تاغامنى ئايايمەن. باشقىلارنىڭ ئىشى يوق پەقەت مۇشۇلا ماكار تاغامنى چىشلەپ، كۆن كورسەتمەيدىغان بولدىغۇ. هە دىسىلا «ئەسىرگە چۈشتۈڭ» دەپ، ئۇنىڭسىز-مۇ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئادەمنىڭ يېغىرىغا تېگىپ، تەشمەي قېنىنى شوراپ تۈگەتتى.

— ماكار تاغام راستىلا ئەسىرگە چۈشكەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم. بۇ هەقتە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ۋافاس ئاكاما-دىن سوراي دەپ تەمشەلسەممۇ، تىلىم بارماي يۈرەتتى. ئەمما بۇ سوئالىم، ئۇنىڭسىزمۇ ئاچچىقىنى باسالماي تۇر-غان بازغانچىغا ياقماي قالسا كېرەك، ئۇ تېخىمۇ تېرىد-كىپ كەتتى.

— ئەسىرگە چۈشسە نىمە بوپتۇ؟ ئۇ ئۆزى نېمىسلارغا مېنى ئەسىرگە ئېلىڭلار دەپ، قولىنى كۆتىرىپ باردى دەمسەن. باشقىلار قول كۆتەرسە كۆتىرىدىكىن، لېكىن ماكار تاغام قول كۆتەرمەيدۇ، شۇنى بىلىپ قوي، مەن ئۇستامغا ئىشىنىمەن. ئۇ جەڭدە يارىدار بولۇپ قايتقاندىن بېرى كېچە-كۈندۈز ئىسىنىڭ ئىچىدە، ئاخىرقى دەرمانى قالغىچە ئىشلىگىنىگە پەقەت مەن گۇۋا. ئادەملەر ئۇنى نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشتى دىگەن سۆزگە ئىشىنىدۇ، هە، مەن تۆمۈرچىنىڭ قەلبىگە ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ قەلبى ماڭا رىنتگېندە كۆرگەندەك بەلگىلىك. سەۋەبى، مەن ماكار تاغام بىلەن كېچە-كۈندۈز بىللە، ئۇرۇشتىن قايتقاندىن بېرى تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرىپ، تېخىچىلا باش كۆتەرمەي ئىشلە-ۋاتىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇۋال، ئۇمۇ تىرىك بەندىغۇ، ماكار تا-

لارنى تىللاشتىن بۇرۇن جەڭنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى بىلەۋال. بۇنىڭدىن كېيىن ماكار تاغامنى قاردلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساق ھېلىقى بىرىگادىر كەنسەن، ئەۋلىيا بولساڭمۇ يۈز-خاتىرە قىلماي، بازغاننىڭ ئاستىغا ئېلىپ يەنچىۋېتىمەن.

تىرىك بەندە تۇرماق، ھەتتا ھايۋانغا قول كۆتەرمەيدىغان ۋاقاس ئاكامنى مۇنچىلىك قىزىپ كېتىدىغۇ، دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. مۇختۇلكام ھەر ئېغىر سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن چاغلاردىمۇ لام دەپ ئاغزىنى ئاچمىغان بازغانچى، بۈگۈن بىرىگادىر ماكار تاغامنىڭ ئەسىرگە چۈشكىنى ھەققىدە ئېيتقاندا، نېمىشقىدۇ، سەۋر-تاقەت قىلالمىدى. مەن مۇشۇ پەيتتە ۋاقاس ئاكامنىڭ بىرىگادىرنى قاراتاشتا ماشىنا بىلەن ئۇلاپ كېتىدىغان مەزگىلدە ئامان ساقلاپ قالغىنىنى ئەسلىدىم. ئاۋۇ كۈنى تراكتورىستلار قارا تاشتىن قايتىپ كەلگەندە قىلغان ئىشلىرىغىمۇ زوقلانغان ئىدىم. ئەسلىدە ئۇ مەن ئويلىغاندەكلا يۇۋاش ئەمەس ئىكەن.

— سەن قارغۇغا بىر تېتىمسام مۇختۇل ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن، — تۆمۈرچى دۈكىنىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان بىرىگادىر بازغانچىنى جوئۇپ، تىللاشقا باشلىدى، — مۇشۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن تېخى تالاي قېتىم قاڭغىر قاخشايسەن.

ۋاقاس ئاكام بىرىگادىر كەتكەندە كۈلۈمچىنى يىغىۋاشتىن تۇتۇپ، ئوت ئۇرۇش ماشىنىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— ئەمدى مۇختۇلكام ساڭا كۆرسىتىدىغان بولدى، — بىرىگادىرنىڭ سۆزىدىن كېيىن ۋاقاس ئاكامنى ئالدىدا خەتەرلىك كۈن كۈتۈپ تۇرغىنىنى سېزەتتىم.

— ھە، مېنى قورقىتىپ نەگە ئاپىراتتى دەيسەن. ئۇنىڭغا

قېشىدا ئولتۇرۇپ، كەچ كىرگىچە ئۆتكەن - كەچكەنلەر
بىلەن پاراڭ سېلىشتى، مەن ئۇنىڭ رەپتايىغا قاراپ، باز-
غانچى ئەمدى تۆمۈرچى دۇكىنىغا بارمامدىكىن دەپ تەش-
ۋىشلەنگەن ئىدىم، ئەمما ئەتىسى مەكتەپكە ماڭغاندا بازغان-
نىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىشىم بىلەن كۆڭلۈم ئىمىن تاپ-
قاندەك بولدى.

سىنىپتا ئولتۇرۇپ، مۇخپۇلكام ئېيتقاندەك ماكار
تاغام قول كۆتىرىپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ
دەيمەن. بولمىسا نېمىشقا كۆپچىلىككە ھەققەتنى ئېيتىپ،
ئۆزىنى ئاقلىمايدۇ؟ ئۇنىڭ قانداقلارچە ئەسىرگە چۈشكە-
نىنى باشقىلار تۇرماق، تاپقان بالىسىغا ئوخشاش بولۇپ
كەتكەن ۋاقاس ئاكاممۇ بىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن بىر نەچچە
يىل ئىلگىرى يېزىمىزغا شەھەردىن چىققان ھەربىي كىيىم
كىيگەن ئادەملەر ماكار تاغام بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئىدى.

— كۆردۈڭمۇ، ئەسىردە بولغانچقا ھۆكۈمەت ئۇنى تەك-
شۈرۈپ تۇرىدۇ، بەلكى ماكار تاغام چەتئەلنىڭ ئىشپىيو-
نىدۇر، نەدىن بىلىسەن. ئۇنىڭغا ئانچە ئىشەنچ بىلدۈرۈپ
كەتمەسلىك كېرەك. بۇ خەتەرلىك ئادەم، — دەپ بىرىگادىر
شەھەردىن چىققان ئادەملەر كېتىپ، بىرەر ھەپتىگىچە ئاغزى
بېسىلماي سۆزلەپ يۈرگەن ئىدى. كېيىنچە ھەربىي كىيىم
كىيگەن ئادەملەر تۆمۈرچى دۇكىنىغا كەلمەس بولسىمۇ
بىرىگادىرنىڭ ماكار تاغام ھەققىدىكى غەيۋىتى بېسىلمىدى.

يېزىمىزدا باندىتلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئاندىن
ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا ئوغلى-
دىن ئايرىلغىنىنى ئاز دەپ ئايالىدىنمۇ جۇدا بولۇپ، تەنھا
قالغان ئادەمگە ئارام بەرمەي يۈرگەن مۇخپۇلكامنى ئۇنىسىز

غامنىڭ ئىشلىگەن ئىشى بىر ئەمەس، تـوخسان گونـاسىنى يۇيۇشقىمۇ يېتىدۇ. بـەزىلەر ئادەم ئۆلـتۈرۈپ، خېلى بىر جىنايەتلەرنـى قىلسىمۇ گـۇنـاسىدىن كېچىدۇ، ئىنسانىنىمۇ شۇنداق ئازاپلىغان بارمۇ! قېنى ھەقىقەت؟!

بازغانچىنىڭ قوللىرى تېخىچە تىترەپ، ئىشى ئىلـ-گىرى باسمايۋاتاتتى. بىر چاغدا ۋاقاس ئاكام قولىدىكى كۆلۈچنى قاتار تىزىلغان ئوت ئۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئارد-سىغا پېقىرىتىپ تاشلىدى.

— شۇنچە يىل تـۇمشۇغىدا يـەر تىرەپ ئىشلەپ، يىل ئون ئىككى ئايدا بىر كۈن دەم ئالمىغان ماكار تاغامنىڭ كۆرگەن كۈنى مۇشۇ بـولغاندا، بىز ئىشلەپ نىمە روناق تاپاتتۇق. كۈندە چىچەكلەۋاتقان جان بـارمىدى شـۇنـچە. جۇر، كەتتۇق، — دەپ بازغـانچى دۇكـانـنى يېپىپ، مېنى ئەگەشتۈردى - دە، كوچىغا ماڭدى.

— بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئوت ئۈرۈش باشلە-نىدىكەن. بۇ ماشىنىلار تەييار بولـمىسا بـىرىگادىـر سىنى تىللىمامدۇ؟

مەن ۋاقاس ئاكامغا سۆز كېلىپ قـالـسـۇن دەپ، ئۇنى ئايايتتىم.

— كېرەك بولسا مـۇخپۇلكام ئـۆزى رېمونتلىۋالسۇن، ھەر قاچان ئىشنى بىز قىلـىمىز - دە، رەئىسنىڭ ئالـدىغا بېرىپ مـاختىنىپ، ئاتاقنى ئـۇ ئـالىدۇ. تـۆمۈرچىلەرنىڭ ئەمگىكىنى بـاھالاۋاتقان ھېچكىم يـوق. كولخوز دىـگەنگـە ئادەمنىڭ ئەمگىكى كېكتار، سېنتنېر بىلەنلا ئۆلچىنىدىغان ئوخشايدۇ. يامانىنىڭ ئېتى بەرىبىر يامان.

ۋاقاس ئاكام بۇ كۈنى چوڭ كوچىدىكى قېرى سۆگەت

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ كۆپ ئۆتمەي، بىرەر ئايدەك دوختۇرخانىدا ياتقان ماكار تاغام ساقىيىپ چىقىپ تۆمۈرچى دۇكىنىغا كەلدى. ئۇ تېرە پەشۋىلىنى ئالدىغا تارتىپ، بولقىسى بىلەن ئۇزۇن ساپلىق قىسقۇچىنى قولىغا ئالغاندا، ۋاقاس ئاكام ئىككىلەن ئاغزىمىز قۇلىغىمىزغا يەتكىدەك خوشال بولۇشتۇق.

— سەن كېتىۋىدىڭ. بەزىلەر بىزگە خالىغانچە غوجايىنلىق قىلىپ ئۇنى ياسىۋەت، بۇنى ياسىۋەت دەپ، تىنىم تاپقۇزمايدىغان بولدى. ئىشلىمىسەڭمۇ يېنىمدا ئۆرە تۇرساڭ، بىر مەدەت ئىكەن، — دەپ ۋاقاس ئاكام ئالايىتەنلا خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇستىنى كۆپ ئىشلەتمەي، كۆپ ئىشنى مۇمكىن قەدەر ئۆزى قىلىشقا تىرىشاتتى.

ماكار تاغام دوختۇرخانىدىن چىققىچە، ئات تارتىدىغان ئوت ئورۇش ماشىنىلىرىنىڭ ھەممىسى رېمونتلىنىپ بولغان. ئەمما ئوت ئورۇش ئىشلىرى باشلىنىشىغا رايون مەركىزىدىن تراكتورغا چېتىلغان ئوت ئورۇش ماشىنىسى بىلەن تىرنىلار كەلتۈرۈلدى-دە، ۋاقاس ئاكام مىڭ بىر مۇشەققەتتە رېمونتلىغان ھىلىقى ماشىنىلارنىڭ تولىسى بىكار قالدى، بۇنىڭ ھەممىسىنى كېيىن بايقىغان بازغانچى بىرىگادىرنىڭ ئۆزىنى بىكاردىن-بىكار ئالدىرىتىپ ئىشلەتكىنىگە كۆپ رەنجىدى.

— مۇخپۇلكام بۇ يىل ئوتنىڭ تراكتورغا چېتىلىدىغان ماشىنا بىلەن ئورۇلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلسىمۇ ماڭا ئات بىلەن تارتىدىغان ماشىنىلارنى رېمونتلاتقىنىنى قارا؟! ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى رەئىسكە ئېيتىپ، ئەدىۋىنى راسا بەر گۆزەيمىكىن، — دەپ ۋاقاس ئاكام خېلى ۋاقىتقىچە دەردىنى ئۇستىسىغا ئېيتتى. مەن بازغانچى ئۆزىنىڭ بىرىگا-

مىلتىق بولسا ئېتىپ تاشلايتتىم. بىر ئەجەپلىنىدىغان يېرى، ئۇنىڭ كەينىدىن تاغار - تاغار پاراڭ قىلىدىغان يېزا ئادەم - لىرى برىگادىرنىڭ ئەپتى — بەشرىسىنى چۆۋۈپ، قىلغان قىلىقلىرىنى يۈزىگە سالماي، ھەممىنى كۆرسىمۇ جىم يۈرۈ - ۋاتقىنىغا ھەس - ھەس بولىمەن.

بىركۈنى تارىخ دەرسى مۇئەللىمى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇ - شىدىكى بىزنىڭ سولداتلارنىڭ غالىبىيىتى ھەققىدە ئۇزاق سوزلىدى. ئۇ يېڭى ماۋزۇنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن بىزگە مۇراجەت قىلىپ، كۈندىكى ئادىتى بويىچە:

— كىمنىڭ سوئالى بار؟ — دىدى. مەن باشتا «سورى - مايمىكىن» دەپ ئىككى ئويدا ئولتۇراتتىم، قولۇمنى قان - داق كۆتەرگىنىمنى ئۆزەممۇ سەزمەي قالدىم.

— سەمەت، قانداق سوئالىڭ بار؟ — دەپ مۇئەللىم ماڭا ئىشارەت قىلدى.

— مۇئەللىم، ئۇرۇش تامام بولغىنىغا ئون يىلدىن ئاشسىمۇ، ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە بىزدە تېخىچە ئىشەنچ بىلدۈرمەيدىغىنى نىمىسى؟ ئۇلار ئۆز ئەركى بىلەن ئەسىرگە چۈشمىگەنغۇ، — دىدىم.

مۇئەللىم بىر ئاز جىم تۇردى - دە:

— سېنىڭ دىگىنىڭ راست. ئۆتكەندە ئۇلارغا ئىشەنچ بولماي كەلگەن. ئەمما ھازىر بۇ مەسىلە يېشىلدى، — دىدى.

— ئۇنداق بولسا مۇخپۇلكام ماكار تاغامنى سەن ئەسىرگە چۈشكەن دەپ، تېخىچىلا كۆڭلىگە ئازاپ سېلىۋا - تىدىغۇ.

— برىگادىرنىڭ ئۇ قىلىغى توغرا ئەمەس، ماكار تاغامدەك ئادەمنى ھاقارەتلەشكە يول قويمايمىز.

كەلگەن باللار بولسا قالغان نەرسىلەرنى بۆلۈشتى. پەقەت ئۇ ماشىنىنىڭ چىقىرىشقا بولمايدىغان قىسىملىرى شۇ يىللارنىڭ يالىدامىسىدەك، ئىگىز ئۆسكەن كوكاتلارنىڭ ئارىسىدا، خۇددى چۆككەن تۆگىگە ئوخشاش چوخچىيىپ تۇراتتى. يىل ئۆتكەنسېرى بالىلىق دەۋرىمىزەۋ، ئاشۇ تۆمۈر-تەسەك دۆۋىسى بىلەن تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ لوپىلا ياسقان هويلىسىدا يوشۇرۇنۇپ قېلىۋەردى.

15

مەكتەپتە ئوقۇش تامام بولغاندا ئاتا-ئانىلىرىمىزغا ياردەملەشكىلى ئېتىزغا چىققان ئىدۇق. بىز ئۇرۇش يىللىرى ئۆز مەزگىلىدە ئوقۇشقا بارالماي، پەقەت ئۇرۇش تامام بولغاندىن كېيىنلا ھەممىز بىردەك مەكتەپكە كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈنمۇ، ئۆزىمىز يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقىنىمىز بىلەن ھەر قايسىمىزنىڭ يېشى ھەر خىل ئىدى. سىنىپىمىزدىكى بەزى قىزلار يەتتە يىللىق مەكتەپنى تاماملىماي تۇرۇپلا تۇرمۇشقا چىقىپ كەتكەن، مەن دېمەكتىلىك بەزى باللار ئوقۇشنى تاشلاپ، كولخوزدا ئىشلەپ يۈرەتتى.

بىز زاماندىشلىرىمىزدىن بۇرۇنراق ئەر يېتىپ ئۆستۇق. ئەمما كولخوز ئىشلىرىغا باشقىلار بىلەن تەڭ ياردەملەشسەكمۇ، چوڭلار بىزنى بەرىبىر بالا ھېساپلاپ، ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان. بۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان سىرلىرىنى ھەممىدىن ئىلگىرى بىلىشىمىزگە سەۋەپ بولغان ئىدى.

بىز ئېتىزغا كەتكەندە يېزىمىزنىڭ كوچىلىرى ھەممە

دىر بىلەن توقۇنۇشقانلىغىنى ئېيتالمىدىكىن دېۋىدىم، لېكىن ئۇ تۆمۈرچىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي دېدىمۇ، بۇ ھەقتە پاراڭ قىلمىدى.

بىرىگادىر ھەقىقەتەن تۆمۈرچىلەرنى بىكار تۇرۇپ قالمىسۇن دېدىمىكىن، ياكى باشتا، بۇ يىل كولخوزغا كۆپلەپ يېڭى ماشىنىلار كەلتۈرۈلۈپ، ئاساسىي ئىشنىڭ تېخنىكا كۈچى بىلەن قىلىنىدىغانلىغىدىن بىخەۋەرمىدىكىن. ئۇلارنى قىش-ياز ئالدىرىتىپ رېمونتلاتقان ئات سۆرەيدىغان ئوت ئورۇش ماشىنىلىرى بىلەن تىرنىلار، قوش لەڭگەرلىك ھارۋىلار دۇكاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاتار تىزىلغان پېتىچە دات بېسىپ تۇراتتى. كېيىنرەك، يامغۇر-يېشىن كۆپىيىپ، بۇ يەردە ئىشلار ئازايغاندا ئۇلار ئىگىز ئۆسكەن لويلا ۋە كەندىر ئارىسىغا چۆكۈپ قېلىۋەردى. ۋاقاس ئاكام تېۋىلغا سۈپۈرگە بىلەن قانچە سۈپۈرۈپ تازىلىمىسۇن، تراكتور سۆرەيدىغان ئوت ئورۇش ماشىنىلىرىنى رېمونتلاش ئىشلىرى ئاساسەن كولخوز مەركىزىدە قىلىنغانلىقتىن، ئاقىرىپ تۇرغان بوش يەرنى ياۋا ئوت بېسىپ، تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئىلگىرىكى كەڭ ھويلىسى بارغانسېرى تارايماقتا ئىدى. ۋاقاس ئاكام باشتا يەنە كېرەك بولۇپ قالامدىكىن دەپ، ئىشسىز قالغان ماشىنىلارغا بىزنى يېقىن كەلتۈرمەي يۈردى-دە، ئاخىر ھەممىنىڭ كارغا يارىمايدىغانلىغىغا كۆزى يەتتىمۇ، ياكى بالىلارنى قوغلاپ زېرىكتىمىكىن، كېيىنكى يىلى ئۇلارنى ئانچە قورۇپ كەتمىدى. ئۇ پەقەت بالىلارنىڭ قىلىقلىرىغا رازى ئەمەستەك، ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سۆز قىلماي تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرىپ كېتىدىغان.

بىز دەسلەپ ئۇ ماشىنىلاردىن چىقىرىشقا چامىمىز يەتكەن چىرايلىق زاپچاسلارنى ئېلىپ ئوينىدۇق-دە، كېيىن

ئەۋەتىۋېتەتتى - دە، ئۇلار بىرئاز كېچىكىپ قالسا: «ھېلىقى ئاشىق - مەشۇقلار تولىمۇ كېچىكتىغۇ. ماشىنىنى سامانىنىڭ كەينىگە تىقىپ قويۇپ ئۇخلاپ قالمىغاندۇ... ئىككىسى كومباينچىلارغا تاماق توشۇپ يۈرۈپ ياخشى چىقىشىۋاپتۇ. تېخى ئۇلار كۆزلۈككە توي قىلماقچى» دەپ بازغانچىغا دارىتىپ پاراڭ قىلاتتى. خالىدەم ھەددەممۇ، بازغانچى بىلەن قېرىشقاندەك، كومباينچىلارنىڭ قېشىدىن بەك كېچىكىپ كېلىدىغان. مۇنداق چاغدا ۋاقاس ئاكام گەپ قىلماستىن، بۇتناپ، بىر دۆۋە بوغدايىنى ئۆزى يالغۇزلا سورۇۋېتەتتى - دە، ئاندىن قاشقا جەرەننى مىنىپ، ھېچكىمگە قارىماي كېچىلەپ، يېزىغا كېتەتتى.

مەن سامان تارتىۋاتقان كومباينىنىڭ پالىغى سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن، ئەتىگەنلا خامانغا قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇ كۈنى يېزىدىن ۋاقاس ئاكام كەپتۇ. خالىدەم ھەدەم كۈندىكى ئادىتى بويىچە، بىرگە كەچكى تاماقنى يېرىپ بولغاندىن كېيىن قاچىدىكى ئاشنى سەيدەخمەت ئاكامنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ، خېلىلا يىراقتا ئىشلەۋاتقان كومباينچىلارغا ئېلىپ كەتتى.

— ھازىر شوپۇرلارنىڭ زامانى بولدى، كابىنكىغا پەقەت بىرلا ئادەم سىغىدۇ دەپ، چىرايلىق قىزنى ئولتۇرغۇزىدۇ - دە، ئۆزى خالىغان تەرەپكە كېتىدۇ. ۋاقاس، سەندۇ شوپۇر بولساڭ شۇنداق قىلاتتىڭغۇ دەيمەن، سېنىڭ قىرچاڭغۇ ئېتىڭغا قىز تۇرماق، قېرى موماينىمۇ مىنگەشمەس، — دەپ بىرنىگادىر بازغانچىنىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى. خالىدەم ھەدەمنى كابىنكىغا ئولتۇرغۇزغان سەيدەخمەت ئاكام ماشى-

ئادەملە بىر ياققا كۆچكەندەك تىم-تاس بولۇپ قالدى. بالىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭمۇ بېسىقتى. كوچىغا چىقساڭ ئىسسىقتىن قېچىپ، يوغان سۆگەت سايىسىگە يۆگرەيسەن. ئۈچ-تۆت موزاي بىلەن ئىشەكتىن باشقا ھېچنېمە ئۇچرىتالمايسەن؛ بىردەمنىڭ ئىچىدە زېرىكىسەن. بىز زېرىكىشلىك يېزىدىن قېچىپ، ئالتىنچى ئاينىڭ تومۇزىدا ئىش قىزىغان كولخوز خامىنى بىلەن ئوت ئورۇغۇچىلار بىرىگادىسىغا كەتكىلى ئالدىرايتتۇق. مۇنداق چاغدا يېزىدا تۆمۈرچى دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان ماكار تاغام بىلەن ۋاقاس ئاكاملا قالاتتى. ئەمدى ئۇلارغا دوختۇرخانىدا يېتىپ، بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ چىققان باسىت ئاكام قوشۇلدى. بەزىدە ئۇ قولتۇق تايىقىنى تۇكۇلدىتىپ كېلىپ، ئۇزاق پاراڭ سېلىپ ئولتۇراتتى. تۆمۈرچىلەر ئىش قىزىغاندا كۆپ سۇنىدىغان ئوت ئورۇش ماشىنىسى بىلەن كومبايىنلارنىڭ پىچاقلىرىنى جۆندەيتتى. بۇ ئوقەت ۋاقاس ئاكامنى بەك زېرىكتۇرىۋېتىدىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ھەپتىسىگە بىر قېتىم كېچىسى بۇغداي سورۇغىلى خامانغا بارىدىغان كۈنىنى تاقەتسىز كۈتەتتى.

مەن بازغانچى خامانغا بۇغداي سورۇغىلى ئەمەس، بەلكى ئۇيەردە ئاشپەز بولۇپ ئىشلەۋاتقان خالىدەم ھەدەمنى كۆرگىلى كېلىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

ۋاقاس ئاكام كېچىسى خامانغا كەلگەندە بىرىگادىر ئۇنىڭدىن ئاشپەزنى قورۇپ، دائىم بازغانچىنىڭ چىشىغا تې-گىپ، يۈزىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ خالىدەم ھەدەمنى كېچىسى ئاشلىق ئورۇۋاتقان كومبايىنچىلارغا تاماق ئاپىرىپ بەرگىلى سەيدەخمەت ئاكامنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ

دى، قېچىپ كەتمىگەندۇ؟ — بىرىگادىر بۇ گەپنى ھەممە ئاڭلاپ قالسۇن دېگەندەك، خاماننى بېشىغا كەيدى.

ۋاقاس ئاكام ئۇنىڭ پارىڭىنى تىڭشاپ قېشىنى قى-زىتماي دىدىيۇ، چاپسان ئاتقا ئىگەر توقۇپ مىندى-دە، خاماندىن چىقىپ كەتتى. مەن بۈگۈن بىكار بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالدىم.

بىر ئاخشام كومباينچىلار غاتاماق ئېلىپ كەتكەن ماشى-نىنى ئۆسەكنىڭ بويىدا ئۇچراتتۇق. خالىدەم ھەدەم بىلەن سەيدەخېمەت ئاكام چاقى چوڭقۇر ئېرىققا چۈشۈپ كەتكەن ماشىنىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاشپەز قىز بىزنى كۆرگەندە، خوشال بولۇپ قاشقا جىرەنىنىڭ ئالدىغا مېڭىۋىدى، ئەمما ۋاقاس ئاكام ئۇنى كۆرمىگەن ئادەمدەك، ئاتنى دېۋىتىپ، چاپسان ئۆتۈپ كەتتى. مەن بويىنىنى قىسىپ كەينىمىزدە قالغان خالىدەم ھەدەمگە قاراپ قوياتتىم. لېكىن پاراڭ قىلىشقا ۋاقاس ئاكامدىن ئەيمەندىم.

بۇ قېتىم بازغانچى نىمە ھەققىدە ئويلىدىكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ خالىدەم ھەدەم بىلەن يېنىپ ئۇچ-راشقىنىنى كۆرمىدىم. بۇ ۋەقە ۋاقاس ئاكامنىڭ كۆڭلىگە مۇز بولۇپ ئورنىسا كېرەك. ئەمدى ئۇ خامانغا بۇغداي سورۇغىلى كەلسىۇ، ئاشپەز قىزنى بايقىمىغاندەك، باشقىلار بىلەن چەشنىڭ قېشىدىن كەلمەيتتى. ئۇ خاماندىن كەتكىچە قاشقا جىرەنگە بوغۇز بېرىپ، شۇنىڭ بىلەنلا مېلىكە بو-لاتتى.

16

بىر كۈنى ۋاقاس ئاكام يېزىدىن كەلدى-دە:

نىسىنى خامانىنىڭ ئىچىدە بىر قېتىم چۆگىلىتىپ چىقتى-دە، ئاندىن كومبايىنچىلار ئاشلىق ئورۇۋاتقان تەرەپكە كەتتى. ۋاقاس ئاكام بولسا، خۇددى ھېچنېمە سەزمىگەن ئادەمگە ئوخشاش، قاشقا جىرەننى چۇشەۋىتىپ، كېچىسى خامانغا كەلگەن ئادەملەر بىلەن بۇغداي سورۇشقا كىرىشتى. مەن كەينىگە كىرىپ يېتىپ قالدىم.

ئەتىسى كۈن چىقماي ئورنۇمدىن تۇرسام ۋاقاس ئا-كام ياغاچ گۈرجەكنى يېنىغا قويۇپ، دۆۋىلەكلىك بۇغداينىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. دائىم بۇغداينى سورۇپ بولغاندا يې-زىغا قايتىدىغان بازغانچىنىڭ يالغۇز ئولتۇرغىنىنى كۆرگەندە، ئىچىمدە بىر يېرىم ئېچىشىپ كۆيگەندەك بولدى.

— ۋاقاس ئاكا، يېزىغا قايتماپسەنغۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ. بازغانچى مېنى كۆرمىگەن ئادەمدەك بىرئاز جىم ئولتۇردى-دە، ئاندىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— خالىدەم ئاخشام كەتكەن پېتىچە تېخى قايتمىدى، — دېدى. مەن نېمە دەردىنى بىلمەي قالدىم. ئىككىمىز سۆز قىلماي خېلى ۋاقىتقىچە جىم ئولتۇردۇق.

— سەمەت، ئاتنى تۇتۇپ كەلگىنە، يېزىغا قايتاي، — دېدى ۋاقاس ئاكام ئورنىدىن تۇرۇپ.

مەن ئاشلىقى يىغىشتۇرۇلغان ئېگىزدا ئوتلاپ يۈرگەن قاشقا جىرەننى تۇتۇپ كەلسەم، ئاخشام سەيدەخمەت ئاكام-نىڭ كەينىدىنلا يېزىغا قونغىلى كەتكەن بىرىگادىر يېتىپ كەپتۇ.

— ھاي، خالىدەم بىلەن سەيدەخمەت ئاخشام كەتكەن بويىچە، تېخى كەلمىدىمۇ-نېمە. ئۇلارنىڭ پەيلى يامان ئى-

لىغان برىگادىر نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.
— كولخوزدا شۇنچە ئات تۇرسا، تاللاپ ئالغان نەر-
سىسىنى قارىمامدىغان. بۇ بەش چامدام يەرگە تىپىرلاپ
چاپقىنىنى بىلەن ئۇزاققا يۈگۈرەلمەيدۇ. بەربىر كولخوز
شەنىنى چۈشۈرۈپ قايتقىنى قايتقان، — دەپ مۇخپۇلكام ۋا-
قاس ئاكامنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقىدەك قىزارتىپ،
زاڭلىق قىلدى. ئەمما ئۇ باشقا لايىقراق ئات بولمىغان-
لىقتىن قاشقا جىرەننى بەيگىدىن ئايرىپ قالالمىدى.

ۋاقاس ئاكام ئاتقا مىنىپ بىرەر ئايدەك مەنگۈزۈپ
راسا تەرلىگىدەك چاپتۇرۇپ سوۋۇتقاندىن كېيىن، ئۇنى كۆپ
قېتىم قاڭتۇرۇپ باغلاپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ ئاتنى يەنە
چوڭ ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر نەچچە كېچە
باغلىدى-دە: «ئەمدى ھەرقانداق بەيگىگە قوشساق يارايـ
دۇ» دېدى. بۇ چاغدا ئىچى-قارنى تارتىلغان قاشقا جىرەن
خۇددى ئوۋغا چىقىدىغان تايغانغا ئوخشاش ئىنچىكىلەپ،
يايلىسى ئالامەت چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

بەيگە ئۆتكۈزۈلىدىغاندىن بىر كۈن ئىلگىرى بىز ئاتنى
شەھەرگە ئېلىپ باردۇق. مەن يولدا كېلىۋېتىپ برىگادىرنىڭ
«قاشقا جىرەن ئۇزاققا يۈگۈرەلمەيدۇ» دىگەن سۆزىنى ئەس-
لەپ، بەيگىدە ھەممىنىڭ كەينىدە قېلىپ مۇخپۇلكامنىڭ
ئالدىدا يەرگە قارىماساق بولاتتىغۇ دەيمەن، ئەمما بۇ
ئويۇمنى ۋاقاس ئاكامغا ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى، سەۋە-
ۋى، — بەيگىگە بۆلەكچە ئىشتىقا تەييارلانغان ۋاقاس ئاكامنىڭ
ئۇنىڭدىن ئۈمىدى چوڭ ئىدى، قاشقا جىرەننى بەيگىگە
قوشۇش — ئۇنىڭ ئاتقا يۈگەن سېلىپ كۆندۈرگەندىن بېرى
ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن ئارمىنى، ۋاقاس ئاكام ماڭا يول

— بىلەمسەن، سەمەت، ئاز كۈندە رايوندا ئۆتكۈزۈلى-
دىغان ئات بەيگىسىگە بىزنىڭ كولخوزدىن قاشقا جىرەننى
قوشىدىغان بولدى، — دىدى.

ۋاقاس ئاكامنىڭ ئېيتقان سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر
ئىشەنمەي قالدىم. خوشاللىقىم قەلبىمگە سىغار ئەمەس.

— مەن ئەتىدىن باشلاپ ئاتنى بەيگىگە تەييارلايمەن.
ئۇنى سەن مىندىغان بولدۇڭ.

— نىمە دەيسەن، بۇ راست سۆزۈڭمۇ؟! — ۋاقاس ئا-
كامدىن مۇنداق خۇشخەۋەر كۈتمىگەن ئىدىم. خوشاللىقىمدا
بازغانچىنى قانداق قۇچاقلىۋالغىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن.
چاپسانىراق قاشقا جىرەننى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم. ئۇ خامان-
نىڭ قېشىدىن يىراق كەتمىگەن ئىكەن. ئېگىزدا ئوتلاۋاتقان
ئات مەن يېقىنلاشقاندا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ توختىدى.
«ئىككىلەن بەيگىگە قاتنىشىدىغان بولدۇق» دەپ ئۇنىڭ
يايلىسىنى سىلىدىم. قاشقا جىرەن «بىلىمەن» دىگەندەك
بېشىنى لىڭشىتماقتا. ئۇ مەن ئات قوراسىدا ئۇچراتقان مەز-
گىلدىكىگە قارىغاندا تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپتۇ، چۈشكەن تۈكى
يېتىلىپ، سەمرىگەن ئات تېخىمۇ ئىگىزلەپ، بولەكچە
چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇ ئىلگىرى-
كىدىن يۇۋاشلاپ قاپتۇ. ھەقىقەتەن كۆتۈرەم
بولۇپ قايتىدىن تۈزەلگەن ئات كۆپ سىناقتىن ئۆتكەن.

قاشقا جىرەننىڭ رايوندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بەيگىگە قاتنى-
شىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنى ئەتىيازدا
ئېتىز - ئېرىققا مىنىپ، يېغىر قىلىپ قويىۋەتكەن بىرىگادىر
مۇخپۇلكامدىن باشقا ھەممە خوشال بولۇشتى. بىرەر ھەپ-
تىدەك شەھەرگە كېتىپ، بۇ خەۋەرنى ھەممىدىن كېيىن ئاڭ-

كەندە، ماڭا ئوخشاش، قاشقا جىرەننى بەيگىدە ئۆزەلمەسمىكىن دېگەن ئويدا قالدىمۇ، ئەمدى ئۇ ئاتنى قانداق چاپتۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت بەرمەي، پەقەت مېنىڭ ئامانچىلىغىمنى تىلەپ، چىڭ ئولتۇرۇشۇمنى جېكىدى.

قىزىل بايراقچە ئىگىز كۆتىرىلىپ، تۆۋەن چۈشۈرۈلۈشكە يۈزگە يېقىن ئات يۇلقۇنۇپ ئالغا ئىنتىلدى. قاشقا جىرەننىڭ يايلىسىنى مەھكەم سىقىملاپ، ئۇنىڭغا باغرىمنى باستىم.

ھە دېگەندە كىمنىڭ ئۆزۈپ، كىمنىڭ ئارقىدا قالغىنىنى بايقاش تەس ئىدى. ئەمما ئاتلار سوزۇلۇپ بىر بىرسىدىن ئۆزۈشقا باشلىغاندا بايا ئالدىنقى سەپتە ئېغىزدۇرۇق چايناپ، تىنچ تۇرالمايۋاتقان ئاق بوز ئاتنىڭ كېتىپ بارغىنىنى بايقىدىم، ئۇنىڭ كەينىدىن ئالا ئاياق جىرەننى مىنگەن بالىنىڭ قىزىل كۆينىكى كۆرۈندى. كەينىمگە قارىسام ماڭا يانداش چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلار كۆپ ئىكەن، ئالغا ئۆزگەن ئاق بوز ئاتنى بايقىغاندا، قاشقا جىرەننىڭ تىزگىنىنى سەل قويۇپ بەردىم. ئۇ بىر-ئىككى ئاتتىن ئۆتتى-دە، يەنە بايىقى بىرخىل يۈگۈرۈشكە چۈشتى، مېنىڭ ئېتىمنىڭ ئاق بوز ئاتنى قوغلاپ ئۆتۈشىگە كۆزۈم يەتمەسىمۇ، ئىشقىلىپ بەيگىنىڭ كەينىدە قالماسقا تىرىشتىم.

ئاتلار ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان چەمبەرگە ئوخشاش يولنى ئۈچ قېتىم چۆگىلەپ چىقىشى كېرەك ئىدى، بىر قېتىم چۆگىلەپ، ئادەملەر تۇرغان يەرگە يېقىنلىشىشىمىزغا «بول، چاپسان!» دەپ ۋاقىراشقان ئاۋازلار كۆچەيدى. ۋاڭ-چۇڭدا باللار ئاتلىرىنى كەينى-كەينىدىن قامچىلاپ، بىر بىرىدىن ئۆزمەكتە. ھەممىنىڭ

بويى ئاتتا قانداق ئولتۇرۇپ، نىمە قىلىش كېرەك ئىكەن-
لىكى ھەققىدە ئاغزى بېسىلماي سۆزلىدى.

— ئاتنى قامچىلىماي، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەر، دەس-
لەپ تىزگىنىنى تارتىپ ماڭ، بولمىسا ئات بىردىن ئىتتىك
يۈگۈرۈۋېتىپ، چاپسان ھېرىپ قېلىشى مۇمكىن... — ئۇ كۆپ
تەشۋىشلەندى.

بەيگە شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئادىراسمان باسقان تۈز-
لەڭدە ئۆتتى، بۈگۈن بۇ يەرگە ئادەملەر كۆپ يىغىلىپتۇ.
ئات مىنگەنلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى — ماڭا ئوخشاش مەك-
تەپ يېشىدىكى باللار، ئۇلار مىنگەن ئاتلار بىردىن بىرى
چىرايلىق. ماڭا پۇتلىرى ئىنچىكە، ئېگىز ئاق بوز ئات
بۆلەكچە، يېقىپ كەتتى، ئۇنىڭ قېشىدا قاشقا جىرەن خۇد-
دى چۆكۈپ قالغاندەك كۆرۈندى، بىر بالا ئېغىزدۇرۇق
چايناپ، تېچ تۇرالماي، تېپىچەكلەۋاتقان ئالا ئاياق جىرەن-
نى مىنىۋاپتۇ. مەن بەربىر مۇشۇ ئاتلار بىزگە بىرىنچىلىكنى
بەرمەس دەپ ئويلىدىم.

ئاتلارغا ئىگەر توقۇماي ياۋداق مىنىۋالغان باللارنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئۈمىدى — بەيگىدىن ئۈزۈپ چىقىش، ئەمما
بىرىنىڭ ئۈزۈپ، ئىككىنچىسىنىڭ ئارقىدا قېلىشى — بەيگە
قانۇنى. بەيگىگە ھەممە چۈشۈشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭدىن
ئۈزۈپ چىقىش ھەركىمگە نېسىپ بولمايدىكەن.

بەيگىنى باشقۇرغۇچى ئادەم تىزىمنى ئوقۇغاندا ئاتلار
ئاق سىزىقنىڭ بويىغا خۇددى بىر مەكتەپتە تەنتەربىيە
دەرسىدە يۈگۈرۈشكە تەييارلانغاندەك تىزىلىدى.

— ئات يايلىسىنى مەھكەم تۇتۇپ چىڭ ئولتۇر! —
چەتتە تۇرغان ۋاقاس ئاكام بۇ يەردىكى ئاتلارنى كۆر-

قانداق قارار؟

قاشقا جىرەن بىر خىل چىپىپ كېتىپ بارىدۇ، ۋاقاس ئاكام ماڭا چوڭ ئۈمىت باغلاپ، قاشقا جىرەننىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇۋېدى، ئەمدى ئىشەنچىسىنى ئاقلىماي ئۇنى يەرگە قارىتىدىغان بولدۇم. ماڭا تولىمۇ ئىشەنچ بىلدۈرۈپ كەتمىسە بولغان، ھەقىقەتەن بەيگىگە يارىتىمەن دەپ ئىشەنچ بىلدۈرگەن ئادەمنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش قىيىن ئىكەن، ماكار تاغامنىڭ ئالدىدا ۋاقاس ئاكام نىمە دەر؟

قاشقا جىرەن خۇددى مېنىڭ پارىڭىمنى ئۇقىدىغاندەك ئۇنىڭغا «ئەگەر مۇخپۇلكام بۇنىڭدىن كېيىن ماكار تاغامنىڭ كۆڭلىگە ئازاپ سالمىسۇن دىسەڭ، بەيگىدىن ئۈزۈپ چىق، ئۇ كۆپچىلىكتە ئۆزلىرى بەيگىگە ياراتقان ئاتنى ماختاپ بولسىمۇ بىر ئاز كۆڭلىنى كۆتىرىپ قالسۇن. سەن ئارقىدا قالساڭ ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئادەمگە بىرىگادىر: ئات تاللاشنى بىلمىگەندىن كېيىن نىمىشقا چىپىلىسەن؟ دەپ كۈن كۆرسەتمەيدۇ. بىرىگادىر سېنى كۆتىرەم قىلىپ تاشلىغاندا ماكار تاغام بىلەن ۋاقاس ئاكام ئامان ساقلاپ قالغان ئىدىڭ. ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى ئاقلاپ قالايلى» دەپ يالۋۇراتتىم، قاشقا جىرەن قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ يۈگۈرمەكتە. ئالدىمدا كېتىپ بارغان ئاق بوز ئاتنى قوغلاپ يېتىدىغانلىغا ئاز قاپتىمەن. ئۆزەمنىڭ كۆزىگە ئۆزەم ئىشەنمىگەندەك يەنە قارىدىم. راست بايقىغان ئىكەنمەن. مېنىڭ قاشقا جىرىنىم باشتا ئاتقان ئوقتەك ھەممىدىن ئۆزگەن ئاق بوز ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا ئىلىشىپ قاپتۇ.

مەن ئاق بوز ئاتنى كۆرگەندە ئادەملەرنىڭمۇ ھاياتى

كەينىدە قالسامۇ، ئادەملەر قاشقا جىرەنىنىڭ يۈگرىشىنى بىر كۆرۈپ قالسۇن دېدىم - دە، تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ ئاتنى دېۋىتكەندە كۆزۈم ۋاقاس ئاكامغا چۈشتى.

— سەمەت، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارت! — كۆپ ئادەم-نىڭ ئارىسىدىن ۋاقاس ئاكامنىڭ ئۈنى ئالايتەن ئاڭلاندى. مېنىڭ ئېسىمگە ئۇنىڭ يولدا جېكىگەن سۆزلىرى چۈشتى-دە، دەرھال تىزگىنگە يېپىشتىم.

ئىككىنچى قېتىم ئايلانغاندا ئاق بوز ئاتنىڭ ئالدىغا ئالا ئاياق جىرەن چۈشتى. ئالدىمدا كېتىپ بارغان ئاتلار-مۇ ئازىيىشقا باشلىغان ئىدى، ئارقىدا قالغان بالىلارنىڭ بىر قانچىسى، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە ئۇيالدىمۇ ئەمدى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، ئاستا كەينىگە قايتماقتا. ئۆزەڭنىڭ كۈچۈڭگە ئىشەنمەي بەيگىگە چۈشكىنىڭ، كۆپچى-لىكنىڭ ئالدىدا لەت بولۇپ، يەرگە قارىغىنىڭ ئىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە بەيگىگە قاتناشمىغانىنىڭ ئۆزى ياخشى ئوخشايدۇ، بىر تۇرۇپ ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، كەينىگە قايتقانلارغا ئوخشاش، مۆكۈپ قاچايمىكىن دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم. ئاتتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۆپچۆرەمگە قارىدىم،

كۆز ئالدىمغا بىرىنىڭ كەينىمىزدىن زاڭلىق قىلغاندەك قاراپ قالغان مۇخپۇلكام كەلدى. ئۇنى ئەسلىگەندە دەرھال بۇ ئويۇمدىن كەچتىم. بۇ يەردىن قايسى يول بىلەن قاچماي، ھامان بارىدىغان جايىم — يېزا، مەن قاشقا جىرەننى تاش-لاپ كېتەرمەن. ئەمما مېنى دەسلەپ ئات مىنىشكە ئۈگىتىپ، ئەمدى بەيگىگە ئېلىپ كەلگەن ۋاقاس ئاكام بىلەن ماكار تاغامنىڭ ھالى نېمە بولار؟ ئۇلار بىرىگادىرنىڭ يۈزىگە

ئات قاشقا جەرەننىڭ چېگىغا ئىلىشەلمەي قاپتۇ. ئىلگىرى ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئالا ئاياق جەرەنمۇ كەينىدە كېلىۋاتىدۇ.

ئاخىرقى ئايلىنىشقا چىققاندا ئالدىمدا ساناقلىقلا ئات كېتىپ باراتتى. لېكىن بىرىنچى ئاتنى قوغلاپ ئۆتۈشكە كۆزۈم يەتمىسىمۇ قاشقا جەرەننىڭ يۈگۈرۈشىگە رازى ئىدىم. مەن ئاتنىڭ يايلىسىغا تېخىمۇ ئىگىشتىم. ئايلىنىشنىڭ يېرىمىغا يەتكەندە قاشقا جەرەن ئۈچىنچى كېلىۋاتقان ئاتتىن ئۆزدى-دە، تورۇق ئاتنىڭ ئىزىنى باستى. ماڭا قاشقا جەرەن پاكارلاپ، سوزۇلغاندەك بىلىندى. ئىككىنچى كېلىۋات-قان تورۇق ئاتنى قوغلاپ يېتىشىگە ئۇنى مىنىۋالغان مېنىڭدىن خېلىلا چوڭ بالىنىڭ كەينىدە قالغۇسى كەلمىدىمۇ، ئېتىنى ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي دۈۋتىپ قامچىلىغىلى تۇردى. بىراق ماغدىرىدىن كەتكەن ئاتنى قانچە قامچى-لىساڭمۇ بەرىبىر، بەيگىدە يۈگۈرۈكنىڭ ئۆزگىنى ئۆزگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئېتى خېلى يەرگىچە قاشقا جەرەن بىلەن يول تالىشىپ چاپتى-دە، ئاخىر تۇمشۇغىنى كېرىپ، ھاسىراپ، بارغانسېرى يىراقلاپ قېلىۋەردى.

ماڭا ئارماندەك سېزىلگەن ئالدىنقى سەپ يېقىنلىشىپ، دەللىك ئۆزاپ چىققان قارىيگىر ئات كۆرۈندى. ئەمما ئىلگىرىلەپ كېتىپ بارغان قارىيگىر ئاتنىڭ تۇياق تاشلى-شى ئارقىدا قالغان ئاتلاردىن ئۆزگىچە. ئۇ خېلى يەرگە قاشقا جەرەننى چېگىغا يەتكۈزمەي چاپتى. مېنىڭ ئاستىمدىكى ئات ئاخىر ئۇنىڭ قۇيرۇغىغا ئىلىشىپ ماڭسىمۇ قارىيگىر ئات يول بەرمەستىن تۇيۇقىدىن چىققان توپنى قاشقا جەرەننىڭ كۆزىگە چېچىپ، ئالدىغا ئۆتكۈزمىدى. يەللىگە يېقىنلاشقاندا

بەيگىگە ئوخشامدۇ نىمە دەپ قالدىم. بەزىلەر قىزىقچىلىقـ
قا ئۇرۇنۇپ، باشتا ئالدى-كەينىگە قارىماي يۈگۈرۈپ كەتـ
كىنى بىلەن ھاياتنىڭ ئوڭغۇل-دوڭغۇللىغا پۈتلاشقاندىن
كېيىن ئاستا-ئاستا كەينىگە چېكىنىپ، ئۆز يولىغا چۈشـ
دىغان ئوخشايدۇ، ۋاقاس ئاكام ئېيتقاندەك مۇخپۇلكامىمۇ
مەنسەپتىن پايدىلىنىپ، بەش-تۆت كۈن تاراقلاپ توختار.
ماڭا مۇشۇ پەيتتە كەڭ يولدا ئاق بوز ئات بىلەن قاشقا
جىرەن ئەمەس، خۇددى ماكار تاغام بىلەن مۇخپۇلكام
ئىككىسى ھاياتتا چېپىشىپ كېلىۋاتقاندەك سېزىلدى، ئەمما
ئۇلارنىڭ قايسىسى ئۈزۈپ كېتىدىغانلىغىنى كىم بىلسۇن،
ھازىر بار ئۈمىدىم — ماكار تاغامغا ئوخشاش كۆرۈنگەن
قاشقا جىرەننىڭ تۆت پۇتىدا. قاشقا جىرەن تۇياقلىرى
سۇنۇپ چۈشۈپ قالسىمۇ، تۆمۈرچىنىڭ مۇخپۇلكامىنىڭ ئالـ
دىدا بېشىنى دەس كۆتىرىپ يۈرۈشى ئۈچۈن، بەيگىدىن
ئۈزۈپ چىقسىكەن دەپ ئويلايتتىم. بەيگە دېگەن بەيگىدە؟!
بەزىدە سەن كۈتمىگەن يەردىن كۆزگە ئىلىنمىغان بىر ئات
يۇلقۇنۇپ چىقىدۇ-دە، تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرۇپ
ئالغا ئۆزىدۇ.

ئاتلار ئىككىنچى قېتىم چۆگىلەپ ئادەملەر تۇرغان
يەرگە يېقىنلاشقىنىنى سەزمەي قاپتىمەن. ئادەملەرنىڭ
ئۇدۇلىغا كەلگەندە ۋاقاس ئاكامنىڭ: «ئەمدى ئاتنىڭ
تىزگىنىنى قويۇپ بەر!» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم.

قاشقا جىرەن پەقەت شۇنى كۈتسە كېرەك، تىزگىننى
بوشىتىشىمغا بوينىنى ئۇزۇن سوزۇپ، بىرئاز يەرگە يەتـ
مەيلا ئالدىدا كېتىپ بارغان ئاق بوز ئاتتىن ئۆتتى. ئەمدى
كەينىمگە قارىسام بايا تىپىرلاپ ئويناقلىغان ئاق بوز

سۆركەندى-دە، ئاندىن مېنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق سۆيدى.

مېنىڭ كۆزۈم ئاق بوز ئاتقا چۈشتى. ئەمدى ئۇنى باشقا بىرسى مىنىۋاپتۇ. لېكىن ئاق بوز ئات بەيگىدە ئارقىدا قالسىمۇ ئىلگىرىكىدەك، بىر جايدا تۇرالماي تېپچەكلەپ، ئېغىزدۇرۇق چاينىماقتا.

بىز يول بويى قاشقا جىرەننى سوۋۇتۇپ، يېزىغا ئالدىرىماي خوشال قايتتۇق. مەن يولدا كېلىۋېتىپ قاشقا جىرەننى بەيگىگە قاتناشتۇرماسلىقنىڭ ھەر خىل ئامالىنى ئويلىغان مۇخپۇلكامنى ئەسلىدىم. بىزنىڭ بەيگىدىن ئۈزگىنىمىزنى ئاڭلىغاندا ئۇ ئاتنى تارتىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمدى ئۇ ماكار تاغامغىلا ئەمەس، بەيگىدە ئۈزگەن قاشقا جىرەت بىلەن ۋاقاس ئاكامغىمۇ قەستەنلىك قىلمىسا بولاتتىغۇ. بەلكى، قاشقا جىرەن بەيگىدە ئۈزۈپ كۆپنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، كولخوزدىكى ئاتلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈۋەرسە ياخشى-دىمىكىن، مۇخپۇلكامغا ئوخشاش ئادەملەر ئىلگىرى خەلقنىڭ كۆزىگە چېلىقماي يۈرگەن ئاتنىڭ بىردىن بەيگىدە ئۈزگىنىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماي تۇرالمايدۇ. ھەقىقەتەن، چوڭلارنىڭ ھايات-كۈرەش دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئاشۇ كۈرەش يولىغا ۋاقاس ئاكام بىلەن قاشقا جىرەنمۇ چۈشتى. ئۇلار يامان كۆزدىن ساقلانسا دەيمەن.

مەن ھەر قانداق بالا-قازا كەلسە، قاشقا جىرەن بىلەن ئۇنى بەيگىگە قوشقان ۋاقاس ئاكامنىڭ تارتماسقا ئامالى يوق دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، نېمە بولسا بولسۇن، ئەڭ ئالدى بىلەن بۈگۈنكى ياخشى ئىشنى ماكار تاغامغا يەتكۈزۈپ، ئۇنى بىر خوشال قىلاي دەپ قارا تەرگە

قاشقا جىرەن بايا ئۆزى قوغلاپ يەتكەن ئاتقا ئوخشاش ئاستا-ئاستا كەينىدە قېلىۋەردى. ئەمدى بىرىنچىلىكنى ئالمىساممۇ ئىككىنچى ئورۇنغا رازى بولۇپ، قاشقا جىرەننىڭ تېز-ئامان پەللىگە يېتىشىنى تىلىمەكتە ئىدىم. ئۆزەمنىڭ شۇنچە، ئاتنى كەينىگە تاشلىغان جانىۋارنى بايىقى بالىغا ئوخشاش قامچىلاپ خورلىغۇم كەلمىدى. بۇ چاغدا پەللىمۇ يېقىنلىشىپ، ئادەملەر ئارىسىدىن ۋاقاس ئاكامنى بايقىدىم، مەن ئۈچىنچى قېتىم ئايلانغاندا، ئۇ توپ ئاتنىڭ ئارىسىدىكى قاشقا جىرەندىن ئۈمىت ئۈزگەندەك كۆرۈندى.

ۋاقاس ئاكام باشتا بايقىمىسا كېرەك، قاشقا جىرەن ئادەملەرگە يېقىنلىغاندا ئۇ تىپ-تىنچ تۇرغان يېرىدىن ئاتقان ئوقتەك يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— سەھەت، ئاتقا قامچا ئۇر! — دەپ ۋاقىرىدى.

بىلمىدىم، قاشقا جىرەن ۋاقاس ئاكامنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىر نەرسىدىن تەشۋىشلەنگىنىنى سەزدىمۇ ياكى پەقەت مېنىڭدىن بىرەر بۇيرۇق كۈتكەنمىدى، بەيگىگە چۈشكەندىن بېرى بىلىكىمگە ئېسىۋالغىنىم بىلەن، بىر قېتىم ئاتقا تەككۈزمىگەن ئالتە ئۆرۈملۈك قامچا بىلەن ئۇنىڭ يامپىشىغا بىرنى ئۇرۇپ، دېۋىتىشىمگە قاشقا جىرەن قاتتىق يۇلقۇندى-دە، پەللىگە يېتىشەي دەپ قالغان قارىغىر ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. كۆپ ئۆتمەي پەللىگە تارتىلغان قىزىل لېنتا قاشقا جىرەننىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ، سۈرۈلۈپ ماڭدى.

مەن تىزگىنىنى تارتىپ قىزىغان ئاتنى ئايلاندۇرغاندا ۋاقاس ئاكام ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ قاشقا جىرەننى بويىندىن قۇچاقلاپ كىچىك كۆزلىرىنى ئاتنىڭ يايلىغا

ئۆزلەشتۈرۈپ، مول-ھوسۇل ئالغان ساھەرنىڭ چوڭ
ھەسسەگىلار بار. بولۇپمۇ مەن بىزگە مۇشۇنداق ئاشلىق
كاننى تېپىپ بەرگەن ماكار تاغامغا ئالاھىدە رەھمەت
ئېيتماقچى، — دېدى. خاماندىكىلەر تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ
كەتتى.

— قېنى، ماكار تاغا، ئۆزىڭىز بىر ئېغىز سۆز
قىلمامسىز؟ — دېدى رەئىس تۆمۈرچىگە بۇرۇلۇپ.

ماكار تاغام ئاز سۆزلىدى. ئۇ مېنى كۆرگەندە بىر
پەس جىم تۇرۇپ قالدى-دە:

— يولداشلار، بىز قاراتاشنى ئۆزلەشتۈرۈپ،
كولخوزىمىزدا ئاشلىق يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل
قىلدۇق. ئەمما يېزىمىزدا مۇشۇنداق يېشىلمەيۋاتقان مۇھىم
مەسىلىلەر كۆپ. مانا يېڭى ئوقۇش يىلى يېقىنلىشىپ
كېلىۋاتىدۇ. ئۆزەڭلار بىلىسىلەر، ھەر يىلى يېزىمىزدىكى
يەتتە يىللىق مەكتەپنى ئۇنلىغان باللار تاماملىغىنى بىلەن
شەھەردە تۇرۇپ، ئوقۇيدىغان ئۆيى يوق، ئوقۇشىنى
داۋاملاشتۇرالماي يېزىدا بىكار يۈرمەكتە. شۇڭلاشقا مەن
بۇ يىل شەھەردە كولخوز سارىيى ئاچساق دەيمەن، — تۆمۈر-
چىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغاندا خاماندىكىلەر تېخىمۇ خۇشال
بولۇپ، سۆزلەپ كەتتى. مەن ماكار تاغامدىن بۇ سۆزنى
كۈتمىگەن. خۇشاللىقىمدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي
قالدىم.

— بىز نېمە توغرىلىق پاراڭ قىلىۋاتىمىز، بۇ نېمە
توغرىلىق پاراڭ قىلىۋاتىدۇ. ئىشنى تراكتورىستلار قىلىپ،
ئاشلىقنى دېھقانلار ئۆستۈرسۇن، ھە، بۈگۈن بىزنىڭ بۇنى ماخ-
تاپ ئولتۇرۇشىمىز توغرا ئەمەس، — رەئىسنىڭ قېشىدا تۇرغان

چۈشكەن ئاتنىڭ مېڭىشىنى چاپسانلاتتىم.

## 17

بىز قاشقا جىرەن بەيگىدىن ئۆزگەندە بىرەر قېتىم خۇشخەۋەر ئېيتىپ، ماكار تاغانىڭ كۆڭلىنى كۆتىرەمىزغۇ دېگەن ئىدۇق، ئەمما ئاتنىڭ ئالغا ئۆزگىنى مەن ئويلىغاندەك ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئەمەس، ئەكسىچە، كۆپ كۆڭۈل ئاغرىغى تېپىپ بەردى.

ھەقىقەتەن بۇ ھاياتتا تىپ-تېچ، كۆزگە كۆرۈنمەي يۈرگەن بىرەرسى ئالغا ئۆزۈپ كۆپنىڭ كۆزىگە چېلىقسا، ئۇنىڭ دوستى بىلەن تەڭ دۈشمىنى كۆپىيىدىغىنى راست ئىكەن. ئارقىدا قالغانلار ئالغا ئۆزگەنلەرنى چىماق سېلىپ، پۇتلاشتۇرۇپ ئۆزلىرى ئۇنىڭدىن ئۆزۈش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن تالاش-تارتىش، كۈرەش باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

كولخوزدا ئاشلىق يىغىشتۇرۇش ئىشلىرى سېلىنىپ، يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىنىشقا بىر ئاز كۈن قالغان مەزگىل ئىدى. بىز يېزىدا يەتتىنچى سىنىپنى تاماملىغان باللار، يېزىچە كولخوز ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئەمدى شەھەرگە بېرىپ ئوقۇشنىڭ تەرەددۇتىنى كۆرۈۋاتقاندا كولخوز رەئىسى ماكار تاغامنى ماشىنىسىغا سېلىپ قاراتاشتىكى خامانغا چىقتى.

— تۈنۈگۈن كولخوز دۆلەتكە ئاشلىق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئوشۇغى بىلەن ئورۇنلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى تەبرىكلەپ كەلدىم. بۇ ئۇتۇقتا قاراتاشنى

ئۆزىچە ھەس-ھەس بولدى، بىز خۇشاللىغىمىزدا ماكار تاغامنى ماختىشىپ، بۈگۈنكى خۇشخەۋەرنى چاپسانراق ئاغىنىلەرگە ئېيتىپ، يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدۇق.

بازاربەگ يېزىسىدا قاشقا جىرەننىڭ بەيگىدە ئۇتقانلىغى ۋە تۆمۈرچىنىڭ باللارغا كولخوز سارىيىنى ئېچىپ بېرىش ھەققىدە خاماندا ئېيتقان پاراڭلار تارقىغاندا مۇخپۇلكام يەنە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىدى.

— قاشقا جىرەن بىلەن بەيگىدە ئۈزگىنىڭگە مەككىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەندەك يۈرىسەنغۇ. خاتىرەڭنى جەم قىل، بەربىر ئىشلەيدىغان يېرىڭ مۇشۇ دۇكان،— دەپ بىرىگادىر بازغانچىغا دارىتىپ پاراڭ قىلىپ يۈردى-دە، بىر كۈنى ۋاقاس ئاكامنىڭ يوقلۇغىدىن پايدىلىنىپ، تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا باغلاپ قويغان قاشقا جىرەننى يېتىلەپ ماڭدى. مەن رەئىس تۆمۈرچىلەر مىنسۇن دەپ بەرگەن ئاتنى بىرىگادىرنىڭ ھېچكىمدىن سورىماي يېشىۋاتقىنىنى كۆرگەندە ماكار تاغامغا:

— مۇخپۇلكام قاشقا جىرەننى يېتىلەپ ماڭدى،— دىدىم. ئۇشتۇمتۇت خەۋەرگە غەزەپلەنگەن تۆمۈرچى بولقىسىنى كۆتەرگەن بويىچە دۇكاندىن چىقتى.

— ھاي، مۇخپۇل، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ ۋاقاس ئۇنى كۆتىرەم بولغان يېرىدىن ئامان ساقلاپ قېلىپ، ئەمدىگىنە تۆت ئايغىدا تىك تۇرغۇزۇۋىدى، يەنە ئېلىپ ماڭدىڭغۇ. بۇ ئاتنى بىز رەئىستىن سوراپ ئېلىپ قالغان،— تۆمۈرچى كېپىنى تۈگىتە-تۈگەتمەي، بىرىگادىر ئۇنىڭ ئاغزىغا كۈملاچ تۇرغاندەك پاراڭ قىلدى.

— نىمە، نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشكەندە ئېلىپ چىققان

بىرىگادىر ماكار تاغامنىڭ سۆزىدىن كېيىن پوكاندەك قىزىد-
رىپ، كۆپسەپ تەگەشكە باشلىدى.

— ماكار اغامنىڭ ئېيتقىنى توغرا، كولخوز سارىيى ئېچىپ، باللارنى ئوقۇتىشىمىز كېرەك ... — دېيىشىپ، خاماندىكىلەر هەر تەرەپتىن چۇقۇراشتى. تۆمۈرچىنىڭ پىكرىنى ئۇلار قوللاپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— تۆمۆرچى توغرا ئېيتىدۇ، بىز بىر-ئىككى هەپتىنىڭ ئىچىدە شەهەردە كولخوز سارىيى ئاچىمىز. كولخوزنىڭ شەهەردە ئۆيى بار. ھۇخپۇل، سەن ئەتىدىن باشلاپ، ئۇنى رىمونتلاپ، لازىملىق نەرسىلەر بىلەن تەمىن قىلىش ئۈچۈن ئادەم بۆلگىن، — رەئىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا بىرىگادىر تېخىمۇ تېرىكىپ كەتتى.

— هازىر ئاشلىقنى يىغىشتۇرۇشقا ئادەم تاپالماي قولىمىزنى كەسكىدەك بولىۋاتساق، ئۇنىڭغا نەنىڭ ئادىمى بولسۇن... زادى بۇ كولخوز ماڭا ئوخشاش بىرىگادىرنىڭ سۆزىنى تىڭشامدۇ ياكى مۇشۇ ماكار ئاكاەغا ئوخشاش بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە قېچىپ، ھۆكۈپ، دۈشمەنگە ئۆتۈپ كەتكەن ساتقىنلارنىڭ سۆزىنى تىڭشامدۇ. مەن كىم، بۇ كىم؟

رەئىس بىرىگادىرنىڭ سۆزىنى تىڭشىماي، قولىنى شىلتىپ:

— كۆپ سۆزنى قويۇپ، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىڭلار، — دېدى-دە، خاماننى بىر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تۆمۈرچىنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئېتىز ئارىلاپ كېتىپ قالدى. خاماندا قالغان بىرىگادىر بىردەم تۆمۈرچىنى، بىر دەم بۇ يىل يېزىدىكى مەكتەپنى تاماملىغان بىزنى تىللاپ،

ئىچىدە قەيەرلەردىن يېتىپ كەلدىكىن؟! بۇ قېتىم يېزىمىزدا
مەن ئىلگىرى كۆرمىگەن يوچۇن ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى.
بىزنىڭ يېزىنىڭ ئادەملىرى خۇددى بىر داستىخاندا ئول-
تۇرۇپ قەسەم ئىچكەندەك، يۇرتتا بىرەرسى ۋاپات بولسا،
قانچىلىك يىراق جايدا ياشىسۇن، بەربىر ئىككى پۇتىدا
يەر دەسسىگەندەك چامى بولسىلا، ھەممىنى تاشلاپ، ئۆلۈمگە
يېتىپ كېلىدىغان. يۇرتداشلار ماكار تاغام ئۆلگەندىمۇ
شۇنداق كۆپ يىغىلدى. يۇرتتىكىلەر بازاربەگدىن خېلى
بۇرۇنلا كېتىپ، ئەسلىرىدىن كۆتىرىلىپ قالغان ئادەملەرنى
ئۇچراتقاندا، خۇددى بىر قوساقتىن چىققان قېرىنداشلاردەك
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى.

يىراقتىن كەلگەنلەرنىڭ تەگدىن تولىسى ۋاقاس
ئاكامغا ئۆزلىرىنى ماكار تاغامنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللىرى قىزىل
گۋاردىيىدە، ئاندىن قىرىقىنچى يىللىرى ئۇلۇغ ۋەتەن
ئۇرۇشىدا بىللە خىزمەت قىلغان ئاغىنىلىرى دەپ تونۇشتۇردى.

يىراقتىن كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە چاڭگا ساقاللىق
ئادەم ماكار تاغامنىڭ ھاياتى توغرىلىق بۆلەكچە ئېچىنىپ
سۆزلىدى.

— ... دۈشمەن قورشاۋىدا يۈرۈپ، بىر ئەترەتنىڭ سولداتى-
لىرىدىن ئىككىلەن ئامان قاپتىمىز. ئېغىر يارىدار بولۇپ
ھەر ئىككىمىز نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشكىنىمىزنى ھۇشىمىزغا
كەلگەندە بىلدۇق. فاشىستلار بىزدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن
كۆپ قىينىدى. ماكارنىڭ تېنىنى پىچاق بىلەن تىلىپ، پىشىندۇ-
رۇپ قىيىندا يىپىستىلغان تاختايدا دومىلاتتى. ئەمما بىزدىن ھېچ-
بىر مەلۇمات ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە نېمىسلار ئىك-
كىيلەننى ئەسىرلەر لاگېرىغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ يەردە كۆرگەن

شەخسى ئېتىنىڭ بارمىدى؟ ھېلىغۇ ۋاقاس بېقىپتۇ، ئۇنىڭدىن چوڭلىرى باقىسمۇ كولخوزغا كېرەك ئىكەن، ئالىمىز.

بىرىگادىر كېتىپ قالغاندا ماكار تاغام دۇكاننىڭ ئالدىدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ئۇزاق ۋاقىت چوخ-چىيىپ ئۆرە تۇردى. تۇيۇقسىز قولىدىكى بولقىسى يەرگە چۈشكەندە مەن چۆچۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. تۆمۈر-چىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، بۇزۇلۇشقا باشلىدى.

ئەتىسى تۆمۈرچى دۇكىنىغا كىرسەم ماكار تاغام ئىشقا كەلمەپتۇ.

— تۈنۈگۈن مەن يوق كۆپ ئىشلەپ زورۇقتىمۇ، بۈگۈن ئورنىدىن تۇرماي يېتىپ قالدى، — دىدى ۋاقاس ئاكام تۆمۈرچى ھەققىدە سورىسام. مەن ئۆتكەن كۈنى بىرىگادىر ئاتنى يېشىپ ماڭغاندا تۆمۈرچى-نىڭ رەنجىگىنىنى ئېيتاي دىدىم-دە، لېكىن ئۈنچىقمىدىم.

تۆمۈرچىنىڭ بولقىسىنى قولۇمغا ئالدىم. قارىياغاچتىن ياسالغان سېپىغا كۆيە سىڭىپ، قارىداپ كەتكەن سالماقلىق بولقىغا ئۇزاق قارىغاندا ئالقىنىدا تۆمۈرچىنىڭ تەۋرۈك قولىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك ھىس قىلدىم. ئۇستىنىڭ بولقىسىنى يەنە تاختۇپشىغا تىزىپ قويدۇم.

ھەرقاچان يېقىملىق سادا چىقىرىپ جاراڭلاپ، كەينىدىن ۋاقاس ئاكامنىڭ بازغىنىنى باشلايدىغان ئۇستىنىڭ بولقىسى مەن تىزىپ قويغان پېتىچە تۇتۇلماي قالدى. تۆمۈرچى شۇ يىقىلغان بويى قايتىدىن تۇرۇلۇپ كېتەلمىدى....

ئۆلۈمنىڭ خەۋىرى ئىتتىك ئىكەن. ماكار تاغامنىڭ تۇ-يۇقسىز ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئادەملەر بىر كۈننىڭ

تى. «سېنى كۆرۈپ مۇڭداششام، يۈرەك-باغرىم بوشاپ، بىرئاز ھاردۇق ئالغاندەك بولىمەن» دەيدىغان، رەھمەتلىك.

ۋاقاس ئاكام چاڭگا ساقاللىق ئادەمنىڭ ئاغزى بېسىلماي ئېيتقان پارىڭىدىن زېرىكتىمۇ ياكى ماكار تاغامدىن ئايرىلغىنىغا ھەسرەت چېكىپ چېچىلدىمۇ، سەۋرى-تاقەت قىلالماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ پاراڭلىرىڭنى ئېيتقىنىڭ كەلسە، ماكار تاغامنىڭ كۆزى ئوچۇق چېغىدا نېمىشقا ئېيتمىدىڭ. مۇخپۇلكامغا ئوخشاش ئالىقاناتلار، ئۇنىڭ ئەسىرگە چۈشكىنىنى تا قارا يەرگە كىرىپ كەتكىچە، پىشانىسىگە دوقاق قىلىپ، تەشمەي قېنىنى ئىچكەندە سەن نەدە قالغان؟ ئەمدى بۇ سۆزلىرىڭنى ئۇ ئۆلگەندە شامالغا ئېيتىۋاتامسەن؟!

ۋاقاس ئاكام ئالقىنىنى ئالقىنىغا بېسىپ ئۇۋۇلاپ ھەريان مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن چاڭگا ساقاللىق ئادەم بىر ئىشنى سەزدىمۇ، يەنە تەۋرىنىپ سۆزلىدى:

— ئۇكا، بىر زامانلاردا بىرگە ئوخشاش ئەسىرگە چۈشكەنلەرگە ئىشەنچ بولمىغىنىمۇ راست. سەۋەبى، ۋەزىيەت شۇنداق ئىدى. بىر-بىرىمىزنى چۈشەنمەسلىك ئاشۇ ئەھۋالغا ئېلىپ كەلگەن. قانچە قىلغان بىلەن بىز دۈشمەننىڭ قولىدا بولغىنىمىز ئۈچۈن كەينى-كەينىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما ھەقىقەت ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەن. مانا ھازىر بارلىق ئىش ئېنىقلاندى.

بىر شەھەردىن كەلگەن ئادەمنىڭ سۆزىنى بۆلەكچە زېھىن قويۇپ تىڭشىدۇق. ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن ئادەملەر مۇخپۇلكامنى تېخىمۇ ئۆچ كۆرۈپ كەتتى.

— ئىلگىرى بۇنىڭ ھەممىسىنى ماكار تاغام ساڭا ئېيتمى-

كۆڭلىنى دوستقا ئەمەس، دۈشمەنگە تارتىشقىمۇ نىسىپ قىلمىسۇن.
بۇ رەھمەتلىك بولىسا مېنىڭ تېنىم ئاللىقاچان ئادەم كۆيدۈ-
رىدىغان پېچلەردە كۆيۈپ، كۈلۈم كۆككە ئۇچار ئىدى.
ھاياتتىن ئۈمىت ئۈزۈپ، پۈتۈمنى گۆرگە ساڭگىلاتقان يېرىم-
دىن ماكار مېنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

بەستى خۇددى ئېيىققا ئوخشايدىغان چاڭگا ساقاللىق
ئادەمنىڭ ئەسىرگە چۈشتۈم دىگىنىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.
ئۇ، ئادەملەرنىڭ ماڭا ئوخشاش سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قارىشىپ
قالغىنىنى سەزسە كېرەك، ئۆزىمۇ سەل قىسىلغاندەك خىجالەت
بولدى.

— جەڭدە ئەسىرگە چۈشىدىغىنىنى بىلسە جەڭچىلەرنىڭ
كۆپى ھامان بىر ئۆلۈم دەپ، ئۆزىنى ئۆزى ئېتىۋېتىدۇ. ئەمما
بەزى پەيتلەردە ئۆزەڭنىڭ قانداق ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنىڭنى
سەزمەي قالىدىكەنسەن، — ئۇ ساقىلىنى سىپاپ قويۇپ، ھېكايە-
سىنى داۋاملاشتۇرماقتا، — بىز ئۇ قېتىم ئۆزىمىزنىڭكىلەرگە قو-
شۇلغىچە كۆرگەن كۈنىمىزچۇ تېخى. يول بويى دۈشمەن
بىلەن كېچە-كۈندۈز ئېلىشىپ، نېمىسلارنىڭ ئوق-دورا ساقلى-
نىدىغان ئىسكىلاتىنى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆتىدىغان چوڭ
كۆۋرۈكنى بۇزدۇق. كۆپ كىشىلەر تۆمۈرچى ۋاپات بولۇپ،
ئۇنى يەرلەيدىغان ۋاقىتتا ماكار تاغامنىڭ ياش چاغلىرىدا
روسىيىنىڭ ئىچكىرىدىن قىزىل گۋاردىيىچىلەر بىلەن بىزنىڭ
يېزىغا كېلىپ، كېيىنرەك مۇشۇ يۇرتتا ئۆيلەنگەنلىكىنى ۋە
شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ
موشۇ يۇرتتىن قىز ئالغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەممىسى ماكار
تاغا دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ.

— شەھەرگە چۈشسە مېنىڭ قېشىمغا كەلمەي كەتمەيت-

كۈنىنىڭ ئەتىسى كىيگەن كۆينىكىنى يەنە كىيمىدى، ئەمدى خوشنىمىز ئىككى كۈنىنىڭ بىرىدە كەڭ پىرلەنكە كۆينىكىنى يۆتكەپ، ياڭزا - ياڭزا كىيىپ چىققاندا كۆزۈمگە ئالاھىدە كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۆيدە بۆلەكچە كۆڭۈللۈك يۈرىدىغان خەيرىنىسا ھەدەم ئاپامنىڭ قېشىغا كىرسە، ئىلگىرىكىگە ئوخ- شاش دائىم كىرپىكلىرىنىڭ ئۇچىدا تەييار تۇرىدىغان كۆز يېشىنى تۆكۈشنى تاشلىمىدى. بۇرۇن ئۇ كۆپىنچە باستى ئاكام بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالا يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يىغلىسا، ئەمدى يولدىشىنىڭ بىر پۇتىدىن ئايرىلغىنىغا قايغۇراتتى. خەيرىنىسا ھەدەم بىزنىڭ ئۆيدە قانچە قايغۇرۇپ ئاھ ئۇرمىسۇن، ئەمما قورا ئاتلاپ ھويلىمىزدىن چىقىشىغا ئۇ- نىڭ كۆز يېشى چىپ توختايتتى. ئۇ كۆز يېشىنى پىرلەنكە كۆينىكىنىڭ ئېتىكىگە ئېرتىپ، بەئەينى ھېچنەرسە بولمىغاندەك ئۆيگە كۆڭۈللۈك كىرىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغدا ئاپام: «بىچارە كۆڭلى مىسكىن باستىنىڭ كەيپىنى بۇزماسلىققا تىرىشىدۇ» دەپ قوياتتى. بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن خەيرىنىسا ھەدەم كۆز ياش قىلغاندا، نېمىشقىدۇ ئاپام: ئۆزىڭىز ئاران يۈرگەندە تولا يىغلىسىڭىز بولمايدۇ، دەپ خوشنىمىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويىدىغان.

— خەيرىنىسا ھەدەم ئىككى كۈنىنىڭ بىرىدە پىرلەنكە كۆينەك كىيىپ، بەك ياسىنىدىغان بولدىغۇ. ئۆزىمۇ بۆلەكچە سەمرىپ كەتكەنمۇ نېمە، — دېدىم بىر كۈنى خوشنىمىز بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە. ئۆزەممۇ بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىققىنىنى سەزمەي قاپتىمەن.

— ھوي، دۆيۈز، تىلىڭغا تاش، قېنى چاپسانراق تۈكۈرۈۋەت! — ئاپام مېنىڭدىن بۇ سۆزنى كۈتمىسە كېرەك،

خانىمدى؟ — دەپ سورىدىم چاڭگا ساقاللىق ئادەم شەھەرگە كەتكەندىن كېيىن بازغانچىدىن.

— ياق. ئەگەر ھەقىقى ئىشنى بىلگەن بولسام، ماكار تاغامنى بىرىگادىرنىڭ ئالدىدا خار قىلاتتىمۇ. مەن تېخى ھەممە ئىش مۇخپۇلكام ئېيتقاندەك بولسا كېرەك، دەپ يۈرۈپتىمەن.

## 18

باست ئاكام شەھەردىكى دوختۇرخانىدا ئۈچ-تۆت ئاي يېتىپ چىقىشقا يېزىدىكىلەر، ئۇنىڭ بىر پۇتىدىن ئايرىلىمۇ، جېنىنىڭ ئامان قالغىنىغا مىڭ قەترە شۈكرى، دېيىشتى. خۇشىمىز باشتا چولاق پۇتىنى ئادەملەرگە كۆرسىتىشكە خىجالەت بولغاندەك، تالا-تۈزگە كۆپ چىقماي، قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ ھويلىدا يۈردى-دە، پەقەت بۇ ھەركىتى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىڭىشكەندىلا تۈمۈچ-ى دۇكىنىغا كېلىپ، ۋاقاس ئاكام بىلەن پاراڭ سېلىشىدىغان بولدى. ئىلگىرى تۆت ئەزاسى ساق ئادەم بىردىن ياغاچ پۇتلۇق بولۇپ قالغاندا ھەممىمىزگە غەلىتىلا كۆرۈندى. ئۇنىڭغا كۆپ ۋاقىتقىچە ئىچەكشەلمەي يۈردۇق.

ھەممىدىن ئەجەپلىنەرلىك يېرى، باست ئاكام قولتۇق تاياق تايىنىپ، دوختۇرخانىدىن چىققاندا خەيرىنىسا ھەدەم يېزىدا ھېچكىم كىيمىگەن چىرايلىق رەختتىن كۆينەك كىيىپ، بۆلەكچە ياسىنىدىغان بولدى. مەن ئىلگىرى خۇشىمىزنىڭ مۇنداق ياسانغىنىنى كۆرمىگەچكە ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىنى غەلىتە ھېس قىلدىم. ئۇ بىرىگادىر ئىشىك مۇجۇغىنى غىچىلدىتىپ ئېچىپ چىققان

شۋاق سۈپۈرگە بىلەن هويلىنى سۈپۈرىدىغان. ئارىدا كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ ئىشىگى غىچىلداپ ئېچىلاتتى-دە، ئۇمۇ ئوچىغىغا ئوت يېقىپ قويۇپ، سۈپۈر-گىسىنى كۆتىرىپ هويلىغا چىقاتتى. ئاندىن ئاپام ئىككىسى خۇددى ئايلاپ دىدار كۆرۈشۈپ مۇڭداشمىغان ئادەملەردەك كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۇزاق پاراڭ سېلىشاتتى.

ئەمما بازاربەگنىڭ ئادەملىرى قاراتاشتىن ئېلىنغان مول هوسۇلنى يېزىمىزدىكى يوغان ئىسكىلاتقا قويۇپ، خا-مانلارنى بېسىقتۇرۇپ ئۈلگۈرگەندە ئاپام كېچىسى ئارام-خۇدا ئۇخلىمايدىغان بولدى. ئۇ چاپسان-چاپسانلا تالاغا چىقىپ، خوشنىمىزنىڭ ئىشىگىگە بېرىپ قايتاتتى.

— خەيرىنىسا كەچتە ئاغرىپ قالمىغاندۇ، — دەپ قوياتتى ئۇ.

بىر كۈنى باست ئاكام خەيرىنىسا ئاغرىپ قالدى دەپ ئاپامنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. مەن ئورۇن سېلىپ ياتساممۇ ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۇ كېچىسى خوش-نىمىزنىڭ بېغىدا يەنە توختىماي مۈشۈك ياپىلاق ھۇۋلىدى.

— تۇر، سەمەت، تۇر، خۇشخەۋەر، خەيرىنىسا ھەدەڭ ئوغۇل تۇغدى!

باشتا چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك، دەپ يېتىۋەرگەن ئىدىم. كۆزۈمنى ئاچسام ھەقىقەتەن ئويغۇم ئىكەن. يېنىمدا ئاپام تۇرۇپتۇ.

— خۇدايا شۈكرى، دىگەن بىلەن تىنچ-ئامان بوشىنى-ۋالدى. باست ئاكاڭ تالادا تۇرىدۇ، تەبرىكلەپ قوي. خۇ-لۇم-خوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ خۇشخەۋەر ئېيت.

ئاپامنىڭ سۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. خەيرىنىسا ھەدەم تۈنۈگۈن هويلىسىدا

ئۇ خۇددى مەن بۆلەكچە يوشۇرۇن سىرنى پاش قىلغاندەك ئالاقزادە بولدى، — خۇدايىم ئۇنى يامان كۆزلەردىن ساقلىسۇن. خەيرىنىسانىڭ تۆككەن كۆز يېشىنى ئاز دەمسەن. ئۆزەڭدىن چوڭلارغا قارىماي، تالاغا چىقىپ ئويۇنۇڭنى ئوينا.

— باستى ئاكام پۈتىدىن ئايرىلىپ، ئازاپ چېكىۋاتسا، خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ كۈنىگە كۆينەك يۆتكەپ، ياسىنىپ يۈرگىنى ياخشىمۇ؟

— خەيرىنىساغا ئاھ ئۇرۇپ، ياش تۆككەستىن چىرايلىق ياسىنىپ، كۆڭۈللۈك يۈر، دېگەن مەن. ئۇمۇ كېچەكۈندۈز كۆزىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ ئولتۇرىۋەرسە، باستىنىڭ ئاغرىقىغا ئاغرىق قوشۇلامدۇ. خەيرىنىسانىڭ تېشى پۈتۈن بولغىنى بىلەن ئىچى تۈتۈن. ئۆزىمۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردا قورايغا ئوخشاش قۇرۇپ كەتتى.

مەن خۇشنىمىزنى بارغانسېرى پىرلەنكە كۆيىنەكىنىڭ ئىچىدە تولۇۋاتىدۇ دېسەم، ئاپامنىڭ قورايغا ئوخشاش قۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ دېگىنى نىمىسى؟!

— كېچە يەنە خەيرىنىسا ھەدەڭلەرنىڭ بېغىدا مۇشۇك ياپىلاق ھۇلىدى. ھەي، شۇلارنىڭ بېشىغا يەنە بىرەر قايغۇ-ھەسرەت چۈشمىسە بولاتتىغۇ. نەچچە قېتىم باستىقا مۇشۇك ياپىلاق دېگەن ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، بىرەرسىنىڭ مىلتىغىنى ئەكىلىپ ئېتىۋەت دېسەم، بۇ سۆزنى قۇلاققا قىسمىغان. مانا، ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا يەتتى.

ئاپام ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەممىدىن بۇرۇن تۇراتتىدە، خەيرىنىسا ھەدەملەرنىڭ تېخى ئېچىلمىغان ئىشىگىگە بىر قاراپ قويۇپ، ئۆزى ئېتىزدىن تېرىپ كېلىپ بۇغقان

تېۋىپنىڭ دەم سالغىنىغا تۇغدىمىكىن دەيمەن.
كىيىمىمنى كىيىپ، تالاغا چىقسام، مېنى كۈتكەندەك، قارشىمىزدىكى ئۆينىڭ غورىسىغا يۆلىنىپ باسىت ئاكام تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرۈشۈمگە نېمە دەرىمنى بىلمەي، ھودۇقۇپ قال-دىم. ئۆزەمدىن چوڭ ئادەمگە «ئايالىڭ تۇغۇپتۇ، مۇبارەك بولسۇن» دەپ ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى. مېنى كۆرگەندە سۆزنى باسىت ئاكام ئۆزى تەشتى.

— سەمەت، خەيرىنىسا ھەددەك ئوغۇل تۇغدى! چوڭ بولغاندا ساڭا ھەمرا بولىدۇ، — ئۇ يوغان چىشلىرىنى كۆر-سىتىپ كۈلۈمسىرىگەندە مەنمۇ ھىجىيىپ، خوشنىمىز بىلەن بىردىنچى قېتىم چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. باسىت ئاكام پۈتىنى تراكتور بېسىۋالغاندىن بېرى روھسىزلىنىپ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن. بۈگۈن ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، بۆلەكچە كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قەلبىگە سىغمايۋاتقان خوشاللىقىنى چاپسانراق ئېيتقىلى بىرەر-يېرىم ئادەم ئۇچرىشىپ قالامدىكىن دىگەندەك، مەن بىلەن كوچىدا ئۇزاق تۇردى. ھەركۈنى ئۇيۇقتىن كۈن كۆتىرىلمەي كوچىدىن يۇقۇرى-تۆۋەن ماڭىدىغان ئادەملەر-نىڭ بۈگۈن ھىچقايسىسى كۆرۈنمەيدۇ.

— مەن خولۇم-خوشنىلارغا خۇشخەۋەر ئېيتىپ چىد-قاي، — دىدىم.

— ھە، شۇنداق قىل. ھىچكىمنى ئۇنتۇپ قالما! — مېنىڭ سۆزۈمگە بەك خوشال بولغان باسىت ئاكام پۈتكۈل يېزىنىڭ ئادەملىرىگە بىر بىرلەپ ئېيتىشنى جېكىدى.

ئاپامنىڭ «يۇسۇۋاخۇن تېۋىپنىڭ دورىسى داۋا بوپتۇ» دىگەن سۆزلىرى ھەققىدە ئويلايتتىم. كۆز ئالدىمغا تولىمۇ

يۈرگەندە مەن ئۇنى، ئەتە تۇغۇپ قالىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. بەزىلەر ئېغىر ئاياق بولغاندا ئالايىتەنلا يوغىناپ خالتىلىق كېنگۇرۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەجەپىدۇ بىر تۇيۇق-سىز تۇغۇتلار بولىدىكەن.

— تۇغۇتخانىغا ئاپىرىپىدۇ ئۇلگۇرەلمىدۇق. ھېلىقى بىرىگادىر مۇخپۇلكامىنىڭ ئۆيىگە ماشىنا سورىغىلى ئادەم ئەۋەتەيلى دىسەك خەيرىنىسا ئۆزى ئۇنىمىدى. ھېلىدۇ ما-شىنىغا سالمىغىنىمىز ياخشى بوپتىكەن، بولمىسا يولدا تۇغۇپ قالاتتى.

— نىمە، ئۆيدە تۇغدىما؟

— ھە! تولىدۇ ۋايىم قىلىپ يۈرەتتىم، ساق-سالامەت بوشاندى. كېچىچە قېرىشقاندەك مۇشۇك ياپىلاقىنىڭ ھۇلاپ كەتكىنى.

— سەن مۇشۇك ياپىلاق ھۇلىسا دائىم شۇم خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ دىيۇدىڭ، بۇ قېتىم خۇشخەۋەر ئېلىپ كەپتىۇ، سېنىڭ جورىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئەكسىچە بولىدۇ.

ئاپام مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك جاۋاپ قايتۇرماي جىم تۇرۇۋالدى.

— بىچارە باست خەيرىنسانى قىشتا ياركەنتتىكى يۇسىۋاخۇن تىۋىپقا ئاپىرىپ، ئۈچ-تۆت قېتىم دەم سال-دۇرغاندا ئايالىڭ بىر يىلغا يەتمەي تۇغىدۇ دىگەن ئىكەن. شۇنىڭ داۋاسى تېنىگە شىپا بوۋادى. باستقا بالىنىڭ قىر-قى چىققىچە بىرەر مالنى ئاپىرىپ، ئاشۇ تىۋىپقا دۇئا قىلدۇرۇۋەت دىدىم.

ئاپامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا شۇنچە يىل داۋالاتمىغان ئادىنى قالمىغان خەيرىنىسا ھەدەم، ھەقىقەتەن، يۇسىۋاخۇن

قويچىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ، شۇ يەردە بىر كېچە تاماشا قىل-
غاندىن كېيىن بېسىلدى.

## 19

خالىدەم ھەدەم ئاشپەزلىك قىلغاندا ۋاقاس ئاكام بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن سوغاقچىلىق بەربىر ئېسىمدە. ئىلگىرى بازغانچىغا ئانچىلا يېقىنلىشىپ كەتمەيدىغان قىز، يېزىدا ھەربىلىكتىن قايتقان مەن-مەن دېگەن يىگىتلەر تۇرسا، شۇلارغا قارىماي، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئىسلىشىپ كەتكەن تۆمۈرچى دۇكىنىدا قارا تەرگە چىلىشىپ يۈرىدىغان ۋاقاس ئاكامغا ئالايىتەنلا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈردى. ئۇ تۆمۈرچى دۇكىنىغا ھەر نەرسىنى بىر بانە قىلىپ، پات-پاتلا كېلەتتى. لېكىن ئىلگىرى بۇ قىز كەلگەندە ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، سەكپارە بولىدىغان بازغانچىنىڭ خالىدەم ھەدەمنىڭ سەيدەخمەت ئاكام بىلەن ماشىنىغا چۈشۈپ كەتكەندە چىققان ئويدۇرمىلاردىن كېيىن مۇز بولۇپ قاتقان كۆڭلى ئېرەر ئەمەس. ئۇنىڭ كۆڭلى خالىدەم ھەدەمدىن مۇنچىلىك تېز سوۋۇيدىغۇ دەپ، مەن ھەرگىز ئويلىمىغان. ئىنسان ھاياتىدا ئاشۇنداق چۈشىنىپ بولمايدىغان ئەجەپ بىر ئىشلار يۈز بېرىدىكەن. بازغانچىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتقىدەك خالىدەم ھەدەم نېمە گۇنا قىلدى شۇنچە، ئادەملەر نېمە دېمەيدۇ؟ مەن تۆمۈرچى دۇكىنىدا بازغان سوقۇشتىن باشقا ھېچنەرسە بىلمەيدىغۇ دەپ ئويلىغان ۋاقاس ئاكامنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە شۇنچە سادىق ئىكەنلىكى ئۈچۈن پەخىرلىنەتتىم. ئۇ يېزىدىكى ئەڭ چىراي-

خۇشخۇي باسىت ئاكام كېلىدۇ. ھەقىقەتەن خەيرىنىسا ھە-
دەمنىڭ ئوغۇل تۇغۇشىغا، ئاپام ئېيتقاندەك، يۈسۈۋاخۇن
تېۋىپنىڭ دورىسى داۋا بولغاندىمۇ؟! شۇ قېتىم مۇخپۇلكام-
نىڭ تېرىسىدىن ماي چىقىپ تۇرىدىغان سېمىز چىرايى يې-
نىپ-يېنىپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋەردى. مەن ئۇنىڭ ئەتە-
يازدا قاشقا جىرەننى بىزنىڭ ئالمىغا باغلاپ قويۇپ، خوش-
نىمىزنىڭ ئىشىگىنى ئاچقان كۈنلەرنى ئېسىمگە ئالدىم.
مېنىڭ ئويۇمنى مۇخپۇلكام، خەيرىنىسا ھەدەم، باسىت ئاكام
ۋە كېچە تۇغۇلغان بوۋاق بىلەن ياركەنتتىكى يۈسۈۋاخۇن
تېۋىپ ئېلىپ قاچماقتا، خەيرىنىسا ھەدەم كېچە تۇغقان
ئوغۇل كىمگە ئوخشايدىكىن؟ باشقا يەردە نېمە پاراڭ
بولغىنىنى ئاڭلىمىدىم، ئەمما خوشنىمىزنىڭ ئوغۇل تۇغقىنىنى
ئاپام بىلەن باسىت ئاكام ئۆز ئالدىغا چۈشەندى، مەنمۇ
ئۆز ئالدىمغا چۈشەندىم. ئەمدى مۇخپۇلكامنىڭ نېمە ئويدا
ئىكەنلىگىنى كىم بىلسۇن؟! باسىت ئاكام قوي سويۇپ، يېزا
ئادەملىرىنى قويماي چاقىرىپ، بۆشۈك تويى قىلغاندا، ئۇ
قوش تەكىينى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ تۆردە كېرىلىپ ئول-
تۇردى-دە، تەخسىگە سالغان قوينىڭ بېشىنى غاجىلاپ،
ھاراقنى ئۆلگىچە ئىچتى. باسىت ئاكام ياركەنتلىك يۈ-
سۈۋاخۇن تېۋىپنى ئاسمانغا كۆتىرىپ ماختىغاندا، بىرىگادىر
ماي باغلىغان كۆزلىرىنى قىسىشتۇرۇپ، مىيىغىدا كۈلۈپ
قوياتتى.

خەيرىنىسا ھەدەمنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىغى ھەققىدىكى
شاتلىق داغدۇغىسى، پەقەت باسىت ئاكام يۇرتقا تاشلاپ
بەرگەن ئوغلاقنى قاشقا جىرەننى مىنگەن ۋاقاس ئاكام يې-
زىنىڭ چېتىدىكى كۆزلەكتە قارا ئۆيى تىكىپ ئولتۇرغان

بىر نەچچە قېتىم ئاغىنىلىرىڭ چاقىرىۋاتىدۇ دېسەممۇ، كو-
چىغا چىقمىدى. مەن قارا تەرگە چۆمگەن بازغانچىغا قاراپ
بىرىگادىرنىڭ «سەن قارغۇغا ئېتىمىسام، مۇخپۇل ئېتىمنى
يۆتكىۋېتىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم.

ئۇ كۈنى كەچتە ۋاقاس ئاكام دۇكاننى ياپقاندا:

— يۈرگىنە، سەمەت، ساي تەرەپكە بېرىپ، تازا ها-
ۋادا دەم ئېلىپ كېلەيلى، — دېدى. مەن ۋاقاس ئاكامنىڭ
كۆڭلىنى قىيماي ئەگەشتىم.

ئىككىيلەن كەندىرلىك سايغا يەتكىچە بىر-بىرىمىزگە
سۆز قىلماي مېڭىشتۇق. پەقەت بىز ئۆتكەن قېتىم ۋاقاس
ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەم ئولتۇرغان يەرگە كەلگەندە
بازغانچى يۈزىنى يەرگە يېقىپ يىغلىۋەتتى. مەن بۇ ياشقا
كىرگىچە ۋاقاس ئاكامنىڭ مۇنداق يىغلىغىنىنى ئاڭلىمىغان
ھەم كۆرمىگەن.

— نېمىشقىمۇ ئانادىن تۇغۇلغاندىمەن، سەمەت. بۇ
مۇخپۇلكام قاچانغىچە بىزنىڭ نومۇسىمىزنى مۇشۇنداق دەپ-
سەندە قىلىدۇ... مەن خالىدەمنى سۆيەتتىم... ئاشۇ ئالد-
قانات كۆڭلۈمگە داغ چۈشۈرۈپ، ئالدىمغا توغرا تۇرەلمىسا
ئاللىقاچان ئۆيلۈك بولۇپ كېتەتتىمغۇ؟!

— مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى خالىدەم ھەدەمگە نېمىشقا
ئېيتمىدىڭ؟ — بازغانچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا مەنمۇ تەۋ-
رىنىپ كەتتىم.

— خالىدەم بىر نەچچە قېتىم «مەن پاك، خەقنىڭ
ئېيتىۋاتقىنى قۇرۇق تۆھمەت. بىرىگادىر باشقىلارنى قىلتاق-
قا چۈشۈرسىمۇ، مېنى چۈشۈرەلمەيدۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىڭ»
دېسە، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن. ئىشنىڭ مۇنداق

لىق قىز شۇنچە كۆيۈپ-ئۆچۈپ يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ پەقەت بىرىنىگادىر قوشۇپ قويغان سەيدەخمەت ئاكام بىلەن كەتكىنى ئۈچۈن قارىماي قويغىنىغا ئىچىناتتىم. باشقا يىگىتلەر بولسا خالىدەم ھەدەمنىڭ سەدەپتەك ئاق چىشلىرىنى كۆرگەندە كۆڭلى مايغا ئوخشاش ئېرىپ، ھەممە گۇنايىنى كەچۈرەر ئىدى، بەلكى.

ئەمدى يېزىمىزدىكى چىرايلىق قىزنىڭ شوخ كۈلكىسى سۇ سەپكەندەك بېسىلىپ، بۆلەكچە مۇلايىم بولۇپ كەتتى.

... يېزىمىزدىكى يالغۇز ماشىنىنىڭ شوپۇرى سەيدەخمەت ئاكامنىڭ خالىدەم ھەدەمگە ئۆيلىنىدىغانلىقى توغرىلىق خەۋەر تۇيۇقسىز تارقىدى. مەن بۇرۇن تارقاتقان «خالىدەم ھەدەم ۋاقاس ئاكامغا تۇرمۇشقا چىقىدۇ» دىگەن سۆزنى ئاڭلىغان ئادەملەر بۇ خەۋەر چىققاندا ھەيران قېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى، مۇخپۇلكام يېزىدىچە قىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئىشنى ئۆز تۇققىنىنىڭ پايدىسىغا توغرىلاپ قويغان ئىكەن-دە، دىيىشتى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئىلگىرىدىن تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىقمايدىغان ۋاقاس ئاكام ئەمدى تېخىمۇ كۆرۈنمەس بولدى. ئادەملەر يول توسۇپ، كوچىدىن ئۆيلىرىگە كىرمەي يۈرسە خالىدەم ھەدەمنىڭ توييىغا مال-گۆرۈچ ماڭغان كۈنى ۋاقاس ئاكام تۆمۈرچى دۇكىنىدا، ئىش ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، سەندەلدىن بېشىنى كۆتەرمەي ئىشلىدى. ئۇ ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە ئوچاقتا قىزىغان تۆمۈرنى ئېلىپ، سەندەلگە قوياتتى-دە، ماكار تاغامدىن مىراس قالغان بولقا بىلەن ئۇنى سوۋۇغىچە ئۇرۇپ، يەنچىيتتى. ئىشقا بار ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەن بازغانچىغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۇنى

ئاغامچىنى تۆۋەن شاخلارنىڭ بىرىگە ئاسماقچى بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم تاشلاپ كۆرۈۋېدى، لېكىن ئۇنى ئاسالمىغاندىن كېيىن كوچىدىن ئۆتكەنلەرگە يالۋۇردى. ئۇلارمۇ سۆگەتكە چىقىپ، ئاغامچىنى ئاسالمىدى.

— سەمەت، سۆگەتكە چىقىپ، ئاغامچىنى ئېسىۋەتكىنە! دەپ قىزلار ماڭا يالۋۇرماقتا. مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا ۋاقاس ئاكامغا قاراپ قويىمەن، ئۇ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ سازايى قىلىنغان ئادەمدەك گەپ قىلماي ئولتۇردۇ.

— بۈگۈن ئاغرىپ قالدىم، سۆگەتكە چىقالمايمەن،— دەپ چىرايىمنى بۇزدۇم. «ۋاقاس ئاكامنى تاشلاپ تۇرمۇشقا چىقىۋاتقان خالدەم ھەدەم ئۈچۈن گۈلەڭگۈچ سالمىسامۇ بېتەر» دىدىم ئىچىمدە.

— نىمە، شۇنچە كۈن خالدەم كەينىڭلەردىن قاتراپ، لەۋزىڭلەردىن بىرەر ئېغىز سۆز ئالالماي يۈرگەندە ئاغزىڭلارغا سۇ قۇيىۋالغاندەك ئۈن چىقارماي تۇرۇۋېلىپ، ئەمدى يۈرەك-باغرىڭلار ئۆتىنىۋاتامدۇ؟!— دەپ ماڭا ئېيتقان بولۇپ بازغانچىنغا تەنە پاراڭ قىلدى بىر قىز. مەن ۋاقاس ئاكامغا قارىسام ئۇ خۇددى ھىچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك تېپ-تېچ ئولتۇردۇ.

قىزلار ئاغامچىنى كىمگە ئاسقۇزۇشنى بىلمەي يۇقۇرى-تۆۋەن مىڭىشماقتا.

مەن قىزلارنىڭ كۆپى گۈلەڭگۈچ ئۇچقىلى سۆگەتنىڭ قېشىغا كەتكەندە قىزنى ئولتۇرغۇزغان ئۆيگە كىردىم. تەلەيىمگە يارىشا خالدەم ھەدەم يالغۇز ئىكەن. ئۇ مېنى كۆررۈپ چۆچۈپ كەتتى.

بۇلارى ئۇخلىسام چۈشۈمدە يوق. قىز دىگەن بىزنىڭ دۇكاندىكى ئۇرۇپ نەگە يەنچىسەڭ، شۇ ياققا ئىگىلىدىغان تۆمۈر ئەمەس ئىكەن. ئۇلارغا يۇمشاق قول، سىلىق سۆز، ياخشى مۇئامىلە كېرەك ئوخشايدۇ. ھەممىنى ئەمدى بىلدىم، ئامالسىم قانچە، بىراق كېچىكتىم، بولار ئىش بولدى. ئەمدى بېشىمنى مىڭ قېتىم تاشقا ئۇرساممۇ ئۆتكەن كۈن قايتىپ كەلمەيدۇ. پەقەت خالىدەم تۇرمۇشقا چىقىپ بەختلىك بولسا ياخشى ئىدىغۇ. ئەمما ئۇ قىزنىڭ سەيدەخمەتكە تۇرمۇشقا چىقىپ، بەختلىك بولىدىغىنىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ...

مەن ۋاقاس ئاكامنىڭ قەلبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئىككىيلەن كەندىرلىك سايدىن قايتقاندا ئۇ ئۆيىگە كەتتى-دە، مەن قىز ئولتۇرغۇزغان تەرەپكە ماڭدىم. ئېپى كەلسە خالىدەم ھەدەمگە يولۇقۇپ، ۋاقاس ئاكامنىڭ ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغىنىنى ئېيتىپ قوياي دەيمەن. ئەڭ بولمىغاندا بىلىپ قالسۇن.

ئەمما مېنىڭ ھەرىكىتىمدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. خالىدەم ھەدەمنى زادى خالى ئۇچرىتالمىدىم.

توي كۈنى ۋاقاس ئاكام يىگىتلەرگە ئانچە قوشۇلماي، كۆپىنچە خالىدەم ھەدەم ئىككىسى دەسلەپ ئۇچراشقان سۆگەتنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ، ئادەملەر بىلەن پاراڭ سېلىشتى. بۇ كۈنى مەن بازغانچىنى ئەگىپ يىراق كېتەلمىدىم. ئۇنىڭ نىمە ئويلىغىنىنى ماڭا نامەلۇم، ئەمما مىجەزى ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا باشقىچە.

بىر چاغدا خالىدەم ھەدەمنى ئولتۇرغۇزغان ئۆيدىن بىر نەچچە قىز ئۇزۇن ئاغامچىنى ئېلىپ چىقتى-دە، گۈلەڭگۈچ ئاسقىلى سۆگەتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار دەسلەپ

— ۋاقاس ئاكا، چاپسان قايتىپ چۈش! — دەپ ۋا-
قىرىدىم. لېكىن ئۇ ئىڭشار ئەمەس. ۋاقاس ئاكام مېنىڭ
قىزلارغا گۈلەڭگۈچ ئېسىپ بەرمىگىنىمگە رەنجىپ سۆگەتكە
چىقتىمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇ خالىدەم ھەددەمنىڭ باشقى-
سىغا تېگىۋاتقىنىغا خاپا بولۇپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىۋەت-
مىسە بولاتتىغۇ دەپ تەشۋىشلىنەتتىم. مەن بىر-بىرىنى
سۆيگەن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئوتتا كۆيۈپ، سۇدا ئېقىپ
ياكى ئۆزلىرىگە خەنجەر ئۇرۇپ جېنىنى قۇربان قىلغانلى-
غى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان. مېنىڭ بازغانچى ئاكاممۇ خالى-
دەم ھەددەمنىڭ دەردىدە ئۆزىنى سۆگەتتىن تاشلىۋېتىشىمۇ
مۇمكىنغۇ ؟

ئۇ تېخىمۇ ئېگىزلىگەندە سۆگەتنىڭ شېخى ئىنچىكىلەپ،
ئادەم قورققىدەك لىڭشىشقا باشلىدى. بازغانچى گۈلەڭگۈچ
ئېسىشقا قولايلىق يانتۇ ئۆسكەن پۇتاقنىڭ شېخىغا ئۇلاش-
تى. ئەمدى شاخ يىرىلىپ، ۋاقاس ئاكام شاخ بىلەن
بىللىلا يىقىلىدىغاندەك كۆرۈندۇ. باشتا، سۆيگەن قىزى
باشقا بىرسىگە تۇرمۇشقا چىقىۋاتسا، ئۇنىڭغا نەپرەت ئو-
قۇشنىڭ ئورنىغا گۈلەڭگۈچ سېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقاس ئاكا-
نىڭ ئەخمەقلىقىغا رەنجىسەم، ئەمدى كۆزى ئاران كۆرىدى-
غان ئادەمنى ئاياپتىم. ئۇنى سۆگەتكە چىقىرىۋېتىپ، يەر-
دە تاماشا كۆرگەندەك تۇرغىنىمغا ئۆزەمنى-ئۆزەم تىللاي-
مەن. كۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بازغانچى بايقىماي،
ئۆزىنى كۆتىرەلمەيدىغان كىچىك پۇتاقلارنى دەسسىۋالسا،
ئىشنىڭ پۈتكىنى. ئۇنىڭ سالمىقى يېنىك سالماق ئەمەستە!

ۋاقاس ئاكام كۆزى پۈتۈنلەي كۆرمەيدىغان ئادەمگە
ئوخشاش ئالدى بىلەن دەسسەيدىغان شېخىنى قولىدا ئۇزاق

— نېمە بولدى، سەمەت؟!

— مېنى ۋاقاس ئاكام ئەۋەتتى. ئاخشام ئىككىلەن كەندىرلىك سايغا بارغان. ئۇ ئىككىڭلار ئولتۇرغان يەرگە يۈزىنى يېقىپ كۆپ يىغلىدى. ۋاقاس ئاكام سىزنى سۆيىدۇ. «بىكار كۆڭلىڭنى ئاغرىتىپتىمەن» دەپ پۇشايمان يەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشى گاڭگىراپ قالدى.

— بۇ راست پارىڭمۇ، سەمەت؟ — خالىدەم ھەدەمنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— كومسومولىلىق سۆزۈم بۇ، ھەدە ماڭا ئىشىنىڭ.

— ئۇنداق بولسا ۋاقاس چاپسان باغ تەرەپكە كەلسۇن.

— ماقۇل! — مەن دەرھال قىزلار گۈلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقان سۆگەتنىڭ قېشىغا يۈگۈردىم.

ۋاقاس ئاكام سۆگەتكە گۈلەڭگۈچ ئاسقىلى چىقىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئاغامچىنى بېلىگىگە ئوراپ، دائىم بىر گۈلەڭگۈچ ئېسىپ يۈرگەن تۆت پۇتاقنىڭ تۆۋەنرەكىگە چىقماي ھەممىدىن ئېگىزىگە ياماشتى. ئەمدى قىزلار «تولا ئېگىز چىقما» دەپ ۋاقىراشماقتا. بازغانچى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى چىققاندىن كېيىن كەينىگە قايتىشقا ئىزا تارتتىمۇ، تۆۋەن قارىماي، يوغان شاخقا يامىشىپ، خۇددى بىر كىنولاردا كۆرىدىغان مايمۇنلارغا ئوخشاش يۇقۇرى ئۆرلىمەكتە. ئۇنىڭ ھېچياققا قارىماي بېشىنى ئېگىزگە تىقىپ، ئىنچىكە شاخقا يامىشىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرگەندە مېنىڭدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. بىر تەرەپتىن، خالىدەم ھەدەم كۈتۈپ قالىدىغان بولدى، دەپ تاقەتسىزلىنىپ تۇرىمەن.

تۇردىمەن. قىزنى توي بولۋاتقان ئۆيدىن يىراق ئولتۇرغۇزغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرەپتە ئادەممۇ ئاز. كۆپچىلىك توي قىلىۋاتقان خالىدەم ھەدەملەرنىڭ ئۆيىدە قالايمىقان بولۇشماقتا.

ۋاقاس ئاكام چاپسانلا يېنىپ چىقتى.

— سەھەت، دەرھال بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان قاشقا جىرەننى ئات قوراسى تەرەپكە ئېلىپ كەل! — دېدى.

مەن دەرھال قاشقا جىرەن باغلاقلىق ھويلىغا يۈگۈردۈم.

قورادا مېنى ۋاقاس ئاكام بىلەن خالىدەم ھەدەم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ! بۇ نىمە ۋەقە، دەيمەن.

— قېنى، ئاتتىن چۈش. بىزنى كۆرگىنىڭنى تىرىك بەندىگە ئېيتقۇچى بولما، خالىدەم، ئاتقا مىنىڭ.

بۇ كۆرگەنلىرىم ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ، بىلەلمىدىم. ئۇلار ئاتقا مىنگەشكەندە قاشقا جىرەن ئات قوراسىنىڭ يېنىدىكى قىپاش يول بىلەن كەندىرلىك سايغا چۈشتى - دە، ئاندىن كەينىدە توپا - چاڭنى پۇرقىرىتىپ، يارگەنت تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

مەن ئىگىز دۆڭدە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ مەس ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ قالدىم. ئىچىمدە «قاشقا جىرەن چاپسانىراق بول. بۇ خەۋەرنى مۇخپۇلكام ئاڭلىغىچە ئۇلارنىڭ بارار يېرىگە يەتكۈز» دەيمەن.

ئادەملەر خالىدەم ھەدەمنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى ئۇزۇن ئۆتمەي ئاڭلاشتى...

ئىككى سائەتتىن كېيىنلا ئاڭلىدى. قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆيدىكىلەر دەسلەپ بۇ ۋەقەنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەي سۆزنى سىرتقا چىقىرىشقا قورقاتتى. ئۇلار

سىلاپ بايقايتتى-دە، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تۇتۇپ يۇقۇرى ئۆرلەيتتى. بازغانچى توغرا ئۆسكەن ئاچىنى بىر ئاز سىپىلىۋېدى، يۈرىكىم جىغىلداپ، خۇددى ئۇ شاخ بىلەن بىللىلا يەرگە يىقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. سۆگەتنىڭ قېشىغا يىغىلغان ئادەملەر «بولدى، ئاشۇ شاخ ياخشى ئىكەن، شۇنىڭغا ئاس!» دېيىشىپ ۋاقىراشماقتا. ۋاقاس ئاكام پۇتاقنى يەنە سىپىدى-دە، ھەرقانداق ئېغىر قىز قانچە ئۇچسىمۇ ئۇنىڭ يىرىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىلا ئاغامچىنى شۇ ئاچىغا ئاستى. ئەمدى يەردە ئادەملەر ھاياجانلىنىپ، قىزلارنىڭ خۇشچاقچاق سۆزلىرىمۇ كۆپەيدى.

— ھازىر خالدەمگە سېنىڭ تويۇڭدا ھېچكىم چىقمىغان شاخقا ۋاقاس چىقىپ، گۈلەڭگۈچ ئېسىپ بەردى، دەيدىغان بولدۇق-تە، — دېدى بايا يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان قىزلارنىڭ بىرسى.

ۋاقاس ئاكام تالدىن سىيرىلىپ چۈشتى-دە، ھېچكىمگە قارىماي پۇتلىرىنى كەڭ تاشلاپ، سۆگەتتىن يىراقلىدى.

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم.

— ۋاقاس ئاكا، خالدەم ھەدەم سېنى قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆينىڭ بېغىغا چىقسۇن دەيدۇ! — دېدىم.

— نىمە دەيسەن؟

— راست ئېيتىمەن!

ئۇ بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ، يوغان چامداپ قىز ئولتۇرغۇزغان ئۆينىڭ بېغىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇلارنى بىرسى كۆرۈپ قالمىسدى دەپ، كوچىغا تۆت كۆز بولۇپ

غاندا، بىزمۇ بالىلىق دەۋر بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرگە
ئوقۇشقا كەتتۇق. ئەمدى يېزىمىزغا يەكشەنبە كۈنىلا چىقىپ،
ئالدىراش قايتىمىز.

كېيىنكى يىلىنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرى
باشلىنىش ئالدىدا يېزىمىزدا كۆپ يېڭىلىق يۈز بەردى.
باشقا چاغلاردا يەردىن ئاز ھوسۇل ئالغىنى ئۈچۈن برىگا-
دىرنى يۆتكىسە، بىزنىڭ يېزىدا ئەڭ كۆپ ئاشلىق يىغىۋې-
لىنغان يىلى مۇخپۇلكامنى برىگادىرلىقتىن ئېلىۋەتتى - دە،
ئۇنىڭ ئورنىغا ھېچكىم ئويلىمىغان باست ئاكامنى سايلىدى.

قولتۇق تاياقنى تاشلىغاندىن بېرى ھاسا تاياققا ئۆگە-
نىپ قالغان باست ئاكام برىگادىر بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى
ۋاقاس ئاكام ئات قوراسىدىن قاشقا جىرەنگە ئىگەر توقۇپ
كەلدى - دە، ئۇنى يېڭى برىگادىرنىڭ قوراسىغا باغلىدى.
خوشنىمىز برىگادىر بولغاندا تراكتورىستلارنى تىللاپ، قاش-
قا جىرەننى قارا تەرگە چۆمدۈرمىسىمۇ، قارا تاشنىڭ يېرى
ئۆز مەزگىلىدە ھەيدىلىپ بوغداي تېرىلدى.

ئەمدى توخۇ چىللىماستىن بۇرۇن خوشنىمىزنىڭ
قوراسى تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئاندىن سەھەر جىمجىتلىقىنى
بۇزۇپ دۈكۈرلىگەن قاشقا جىرەننىڭ تۇياق تىۋىشى ئاڭ-
لىنىدىغان بولدى. ھەممىدىن قىزىقى ئىلگىرى مۇخپۇلكام
ماڭغاندا پۈتكۈل يېزىنى بېشىغا كىيىپ ھاۋشۇيدىغان ئىت-
لار باست ئاكامنى كۆرسىمۇ ھېچنەرسە سەزمىگەندەك، باش-
لىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ داق يەرگە قويۇپ، بىخەم ئۇخلاۋې-
رەتتى. برىگادىر ئىشقا كەتكەندە، ئىككى سۈپۈرگىنى تۇتۇپ
كوچىدا ئۇزاق پاراڭ سېلىشىدىغان خەيرىنىسا ھەدەم بىلەن
ئاپامغا بىر مەزگىل شەھەردە تۇرۇپ يېزىغا قايتقان ۋاقاس

ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، قىزدى خۇلۇم ـ خوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىزلەپ تاپالىغاندىن كېيىنلا، بۇ ۋەقەنى توي بولىۋاتقان يەرگە يەتكۈزگەن ئىدى.

قىز ئولتۇرغۇزغان يەرگە بىرىنچى بولۇپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ توي باشقۇرۇپ يۈرگەن مۇخپۇلكام يېتىپ كەلدى. مۇنىڭ يۈزىدىن تەر شۇرقىراپ ئاقىاقتا.

— بۇنىڭ ھەممىسى ھىلىقى ۋاقاس قارغۇنىڭ ئىشى، مەن تۇتۇۋالسام، ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن، — دەپ بىرىگادىر سەكرىمەكتە.

ئادەملەرمۇ پايىپېتەك. مەن مۇخپۇلكامدىن كۆز ئالماي قارايتتىم. ئۇنىڭ مۇنداق روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئوياتقا قالغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم. ئادەملەر باشلىرىنى چايقىشىپ، «سەت ئىش بولدى» دېيىشىۋاتىسىمۇ، ماڭا ئىچىدە خوشال بولۇپ، بىرىگادىرنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك سېزىلەتتى. بىرىگادىرغا خويما ياخشى بولدى. ساڭا شۇ كېرەك ئىدى، دەيمەن ئىچىمدە.

توي ئىگىلىرى ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ، ئادەم ئەۋەتكىنى بىلەن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. بۇ قېتىم بىرىگادىرنىڭ ئىشىنى ئۆيلەيمەن دەپ دۇمىلىگەن ئېشى قازانلاردا يېيىلمەي قالدى.

تاماق ئېتىپ، يەيدىغان ئادەم بولمىسىمۇ بىر تۈرلۈك ئىكەن.



تۆمۈرچى دۇكىنىنىڭ ھويلىسىنى كوكات بېسىپ، تاراي-

نەرسە ساقلىنىپ قالغاندەك سېزىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى ماكار تاغام ئىشلىگەن تۆمۈرچى دۇكىنى، ئىككىنچىسى — مۇشۇ قەۋرە.

ماڭا ۋاقاس ئاكام ئەمدى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، پەقەت مۇشۇ ئىككى نەرسىگىلا مېھىر باغلىغاندەك كۆرۈندى.

ئادەمنىڭ مۇھەببىتى ئويغانغاندا خۇددى تاغدىن ئېلىپ كەلگەن توسۇن تايغا ئوخشاش بەڭۋاش بالىلىق قايناۋاتقان قازانغا سوغ سۇ قۇيغاندەك بېسىلامدۇ نېمە؟! بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ مەن دېمەتلىك بالىلىرى قىزلارغا چالما ئاتقىدەك ياشقا يەتكەندە كوچىنى بېشىغا كىيىپ ئوينايدى-غان ئويۇنلاردىن قالدى. شۇڭلاشقا بىز يوغان سۆگەتنىڭ قېشىدا كىملەرنىڭ كىم بىلەن ئولتۇرۇپ مۇھەببەت ھەق-قىدە پاراڭ سالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدۇق.

سۆگەتنىڭ سايىسىدا بىز ئۆزىمىزدىن چوڭلاردىن مۇھەببەت ھەققىدىكى سۆزلەرنى تىڭشاپ، ئۇنى شۇ يەردە دەسلەپ سۆيگەن قىزلىرىمىزغا ئېيتساق، بىزنى ماراپ يۈرگەن كەينىمىزدىكى بالىلارمۇ گېپىمىزنى تىڭشىۋېلىپ، ئەتىسى ھەممە يەرگە يېيىپ يۈردى. ھەقىقەتەنمۇ بىز ياشىغان يېزىلار ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ۋەقەلىرى بىلەن ئىسسىق ئوخشايدۇ.



يېزامغا قانچە ئىنتىلىپ ماگىنىتتەك تارتىلماي، ئەمما ھايات مېنى بەربىر ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرماقتا. ياش ئۆلغايغانسېرى يالاڭغىداق ياشلىقتا باسقان ھەربىر

ئاكامنىڭ ئايالى خالىدەم قوشۇلاتتى.

باشتا ئاكام بىرىگادىر بولۇپ سايلىنىپ، كۆپ ئۆتمەي بىر تەتىلگە يېزىغا كەلگەندە شەھەردىن ھەربىي كىيىم كىيگەن ئادەملەر چىقتى-دە، پۈتكۈل يۇرتنى كولۇپقا يىغىپ، بۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى ۋاپات بولغان ماكار تاغامنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن جاسارىتى ئۈچۈن «قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى» بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقىنى ئېيتتى. مۇكاپات كۆپ يىلدىن بېرى ئىگىسىنى تاپالماي، ئەمدى يېتىپ كەپتۇ.

يېزا ئادەملىرى ماكار تاغامنىڭ جاسارىتىنى ئاڭلىغاندا تېخىمۇ تەۋرىنىپ كەتتى. مەن كۆپچىلىك بىلەن كولۇپقا كەلگەن مۇخپۇلكامغا يېنىپ-يېنىپ قارىدىم. ئۇ نىمشىقىدۇ، بېشىنى كۆتەرمەي، ماڭلىيىدىكى تەرىنى بۆكىگە ئېرتىۋەردى.

ھەربىي كومىسارىياتتىن چىققان ئادەم كېلىپ كەتكەن كۈنىڭ ئەتىسى ۋاقاس ئاكام مېنى ئەگەشتۈرۈپ، يەرلىككە باردى-دە، تۆمۈر بىلەن قورشالغان ماكار تاغامنىڭ قەۋرىسىدىكى توت قىرلىق ھەيكەلنى پەدەزلەپ ياساشقا كىرىشتى. ئۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردا بولقا تۇتۇپ، تۆمۈرچى دۇكىنىدا ئۈگەنگەن ھۈنىرىنى مۇشۇ ھەيكەلنى ياساشقا سەرپ قىلماقتا ئىدى.

— ھايات چېغىدا كۆڭلىنى ئېلىپ، رازى قىلالمىدىم. ئەمدى قەۋرىنى بولسىمۇ جۆندەپ قوياي، — دەيتتى ۋاقاس ئاكام.

ئۇ قولى بوشاپ، بىكار بولسىلا مۇشۇ يەرگە چىقىدىغان. ماڭا بازغانچى ئۈچۈن ھاياتتا ئەڭ ئېزىز ئىككى

خۇشال بولدۇم. «يارايسەن، ۋاقاس ئاكا، مەن كىچىك چاغلىرىمدا تۆمۈرچى بولىمەن دەپ قىلغان ئارمىنىمغا يەتمەي، يېزىنى تاشلاپ كەتسەممۇ، سېنىڭ ئۇمىدىمگە ئوخشاش كۆرۈنگەن ئوچاقتىكى ئوتنى ئۆچۈرمەي يۈرگىنىڭگە رەھمەت» دەپ ۋاقىراپ تۆمۈرچىنى قۇچاقلاپ سۆيگۈم كېلىدۇ.

بازغان ساداسى پۈتكۈل يېزىغا تارىماقتا. ئۇ بىزنىڭ يېزىنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش سوقىدۇ، شۇڭلاشقا نەدە يۈرسەممۇ، ئاشۇ بازغان ساداسى ئۆچمىسكەن دەپ تىلەيمەن.

ئىزىمنى كۆزۈمگە سۈرتكەندەك بولۇپ ئەسكە ئالىمەن. ھەقىقەتەنمۇ، بالىلىق دەۋر يىراقلاشقاندا ئۇ كۈنلەر شۇنچە قىممەت، ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل پەيتلىرىدەك سېزىلىدىغان ئوخشايدۇ، مۇنداق چاغلاردا ئۆز مەزگىلىدە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ، قەدرى-قىممىتىگە يەتمىگەن ھەربىر نەرسە ئالايەتەنلا كۆرۈنىدىكەن.

يېزىغا قايتىپ، كوچىسىغا كىرگەندە غولاچتەك تۆمۈرلىرىنى يەر ئۈستىگە يېيىپ، كۆكلەۋاتقان قېرى سۆگەتكە كۆزۈم چۈشىدۇ، يىل ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ شالاڭلاپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، مەن سۆگەتنىڭ پۇتاقلىرىنى بىرسى كېسىۋەتمىگەندۇ، دىگەندەك قارايمەن. بىز يامىشىپ چىقىپ، گۈلەڭگۈچ ئاسىدىغان شاخلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىدا. ئۇ يىراقتىن يېزىمىزنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ.

قېرى سۆگەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشۈمگە تۆمۈرچى دۇكىنى تەرەپتىن بازغان ساداسى ئاڭلىنىدۇ. ئۇنىدىن تونۇيمەن: بۇ ۋاقاس ئاكامنىڭ بازغىنى! بازغان ساداسى يۈرىكىمنى تەۋرىتىپ، تۆمۈرچى دۇكىنى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى، ھەممە ۋەقەنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراۋاتقاندەك بولىدۇ، چوڭ كوچىغا سېلىنغان ئىگىز ئىمارەتلەر كەينىدە چۆكۈپ قالغان تۆمۈرچى دۇكىنىدىن چىققان ئاۋاز ئىلگىرىكىدەك ساپ جاراڭلايدۇ.

مەن يېزىدىن كەتكەندە ۋاقاس ئاكام ماكار تاغامنىڭ تېرە پەشۋىلىنى كىيىپ، قولىغا ئېغىر بولقىسىنى تۇتقان پېتىچە دۇكان ئالدىدا قالغان. يېزىغا كەلگەندە بازغانچىنىڭ ئۇستازىنىڭ دۇكىنىنى ياپماي، تېخىچە ئىشلىتىپ يۈرگىنىگە

**锺　　声**　（维吾尔文）
吐尔干·托合特木夫　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂排版
新疆乌苏县印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　11.125印张　1插页
1985年7月第1版　1985年10月第1次印刷
印数：1——5,500

书号：M10098·870　定价：0.78元

بۇ كىتابچىدىكى ئەسەرلەر ئاپتورنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «بازغان ساداسى» ھەم «داداھىنىڭ جورۋىسى» ناملىق كىتابلىرىدىن ئاللاپ ئېلىندى. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلاشتا ئايرىم ئاتالغۇلار ۋە سۆز - جۈملىلەر ئۆزگەر-تىلدى.


## بازغان ساداسى

تۇرغان توختەموپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 ملليمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.125 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1985 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098.870
تىراژى: 1—3,500
باھاسى: 0.78 يۈەن

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ جالۇڭ

书号：M10098·870
定价：　　0.78 元